ISSN 1002-9044

# 塔里木

# TARIM



3

2005

# تارىم

ISSN 1002-9044
03>
9 771002 904009

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شائىر ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن (1942 — )

# تارىم

2005

3

55 ـ يىل نەشرى

uyghurkitap.com


# تارىم

ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

2005 ـ يىل 3 ـ سان

ئومۇمىي 529 ـ سان


## بۇ ساندا

### ھېكايە


4 ياقۇپ كېرەم................. غازاڭ پەسلى

38 ئابلىز نازىرى ............... مۇڭلۇق ئالچۇق

47 ھۈسەن روزى (تىرىك)..... چىغىر يولدىكى قاچقۇن


### پوۋېست


63 باھارگۈل ساۋۇت............ ئۈزۈلگەن ئۈمىد سىزىقى


### نەزمىي ئەسەرلەر


28 ئىمىن ئەھمىدى............. نەنجىڭدىكى بىر كۈن

31 مەھەممەت خېۋىر........... غەزەللەر

33 ئەخمەتجان تۇرۇپ.......... مىڭ كۆز يانار قاقاس روھىمدا

36 مۇھەممەت روزى............ تۇيغۇ سەدەپلىرى

56 ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر.... ئىلھام چېچەكلىرى

58 جەناگۈل قەييۇم............. قورقىمەن

59 ئۇچقۇنجان ئۆمەر.......... باھار كېچىسى

61 ئابلەت ئەخمەت............. ئىككى شېئىر

62 ئامىنە قادىر پىراقى......... يۈرىكىمنى ساڭا ئۆتۈنەي

93 ئابدۇرېھىم زۇنۇن.......... سەن قەلبىمدە ئۆڭگەن لىرىكا

96 ئابدۇللا ئېلى بەگزاد........ روھ يىلتىزى

98 ئابلىز ھوشۇر............... غەزەللەر

100 قۇربان ئابلىمىت............. رۇبائىيلار

باش مۇھەررىر

**ياسىن زىلال**

(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر

**سارەم ئىبراھىم**

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

**تەھرىر ھەيئىتى**

( ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە )

ئابلىمىت سادىق، ئارسلان ئابدۇللا، ئازاد سۇلتان، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئەھەد تۇردى، پولات ھېۋزۇللا، خالىدە ئىسرائىل، سارەم ئىبراھىم، قۇربان مامۇت، قۇربان ياسىن، مەتنىمىن ھوشۇر، مەھەممەت پولات، مەھەممەت شاۋۇدۇن، مۇختار مەخسۇت، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، ھېيتەم ھۈسەيىن، ئوسمانجان ساۋۇت، ۋاھىدجان غوپۇر، ئىمىن ئەھمىدى، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن زىلال.


## خاتىرە ۋە ئەسلىمە


102 توختى سابىر................ ھاياتىمىدىكى مەنىلىك مىنۇتلار (ئەسلىمە)

117 ئازاد رەھمەتۇللا سۇلتان.... مېنىڭ قەلبىمدىكى ئابلىز نازىرى (ئەسلىمە)


## كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى


125 مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت.... چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىش باسقۇچىدىكى ناماياندىلەر —ھافىز خارەزمى


## باللار ئەدەبىياتى


144 ئەخمەتجان قۇربان سابىرى..... ئالتۇن كەش (چۆچەك)


## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


148 شىنچى خوشى (ياپونىيە)...... ئابىرۆي ئۆستۈرۈش (ھېكايە)


* * *


بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: **غېنى مۇھەممەت**

تېخرىداكتور، مەسئۇل كوررېكتور: **قەييۇم تۇرسۇن**

مۇقاۋا، بەت لايىھىلىگۈچى: **غېنى مۇھەممەت**

رەسسام: **پەرھاد ئىبراھىم**

خەتتات: **قاينام جاببار**

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: **چاق ئۇسسۇلى** (مايبوياق 100cm × 100، 2000 ـ يىل) ـ **ئابدۇشۇكۇر كېرىم سىزغان**



ياقۇپ كېرەم

# غازاڭ پەسلى

(ھېكايە)

ئۇ ھويلىسى قورۇق شاخ-شۇمبىلار بىلەن قاشالانغان، سۇۋاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن پاكار سوقما تاملىق مۇشۇ ئۆيدە تۇغۇلۇپ ئۆستى. ئۆي مەھەللىنىڭ چېتىدە، جاڭگالغا تۇتاش يەردە ئىدى. ئۇ ئېسىنى بىلگەندىن بۇيان بۇ ئۆينىڭ قىياپىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. كونا شىردلىق-كىگىز، يوتقان-كۆرپە، قاچا-قۇچا... شۇپېتى تۇرۇۋەردى، ئەمما بۇ ئۆينىڭ ئادەملىرى كۆپ ئۆزگەردى...

ئۆينىڭ ھويلىسى كەڭ ۋە ئازادە ئىدى. ھويلىدا قۇچاق يەتكۈسىز غولىنىڭ قوۋزاقلىرى چاك-چاك يېرىلغان، قاچان تىكىلگەنلىكى نامەلۇم بولغان قېرى ئۈجمە دەرىخى ياشىرىپ تۇراتتى. مانا مۇشۇ ئۈجمە دەرىخى ئەتىيازدا كۆك چىقىرىپ، كۈزدە غازاڭ تاشلاپ ئۇنىڭغا تەبىئەتنىڭ سېھرىنى، ھېكمىتىنى، پەسىللەرنىڭ رەڭگىنى ئېنىق ھېس قىلدۇراتتى. ئۆينىڭ ئارقا

تەرىپىدىكى باغنىڭ نېرىسىدىلا سۈپسۈزۈك ئۆستەڭ سۈيى ياز بويى كەڭرى ئېتىزلارغا ئېقىپ تۇراتتى. ئۆستەڭ بويىدىكى دەل-دەرەخلەر باراقسان ئۆسۈپ، ئەتراپقا قويۇق سايە تاشلاپ بۇ يەرنى شۇنداق تىنچ، خىلۋەت ماكانغا ئايلاندۇرغانىدى. مەھەللىدىن چەترەك بولغاچقىمۇ ئادەتتە بۇ يەرگە ھېچكىم كەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ ئېسىنى بىلگەندىن باشلاپ ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ ئويناشقا ئادەتلەنگەن ئىدى. ياز كۈنلىرى ئۆستەڭ سۈيىدە چاچلىرىنى تارايتتى. سۇغا چۈشۈپ يۇيۇناتتى. ئۇ شوخلۇق قىلىپ چاچقان سۇ تامچىلىرى پارقىراق، جۇلالىق مارجانلارغا ئايلىنىپ ئەتراپقا چېچىلاتتى. ئۆستەڭ ئۇنىڭغا راھەت ۋە خاتىرجەملىك بېغىشلايتتى. ھېچكىم بېرەلمىگەن تەسەللى، خۇشاللىقنى مۇشۇ ئۆستەڭ ئۇنىڭغا بەرگەنىدى.

ئۇ تالا-تۈزگە كۆپ چىقمايتتى. دادىسى بىلەن ياكى ئۆزى يالغۇز يېزا بازىرىغا بېرىپ يىڭنە چاغلىق بىر نەرسە ئېلىپ باقمىغانىدى ھەم ئۇنداق ئادەم كۆپ جايلارغا بېرىشتىنمۇ قورقاتتى. ئۇ پەقەت ئۆي بىلەن ئېتىزلىقنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان خىلۋەت چىغىر يولنىلا پىششىق ۋە ئېنىق بىلەتتى. ئۇ ئاشۇ چىغىر يولدا خاتىرجەم، يۈرەكلىك ھالدا ئېتىزدىكى دادىسىغا تاماق توشۇيتتى.

ئۇ تالاي كۈنلەر ھويلا ئىچىدە تۇرۇپ كۈننىڭ چىققانلىقىنى، پاتقانلىقىنى كۆردى. يەنە شۇ ھويلا ئىچىدە تۇرۇپ دادىسىدىن مەھەللىدە كىملەرنىڭدۇ تويى بولغانلىقىنى، كىملەرنىڭدۇ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ دادىسىدىن بۆلەك يېقىن ئادىمى يوق ئىدى. ئانىسى تۇغۇپ كەتكەندىن بۇيان ئاتا-بالا ئىككىيلەن مۇشۇ كۆرۈمسىز ئۆيدە توختام سۇدەك بىر خىلدا ياشاپ كېلىۋاتاتتى. بۇ ئۆي دادىسىغا بوۋىسىدىن مىراس قالغانىدى.

دادىسى ۋىجىك، كۆرۈمسىز ئادەم بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ سۆيۈملۈك بولۇپ كۆرۈنەتتى. دادىسى ئاق كۆڭۈل، جاپاكەش ئىدى. قىش-ياز تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى. يازدا ئېتىزدىن بېرى كېلەلمەيتتى. قىشتا ئېشەك ھارۋىسى بىلەن جاڭگالغا بېرىپ مەھەللىدىكىلەرگە ئوتۇن ئەكىلىپ بېرەتتى. دادىسى ياۋاش، قانائەتچان ئادەم بولغاچقا كىشىلەرگە ئوتۇن ھەققىنى كەم بەردىڭ، ئاز بەردىڭ دېمەيتتى. بەرمىسىمۇ، رەھمەت ئېيتىپ قويسىمۇ رازى بولۇپ كېتىۋېرەتتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ بويلىرى ئۆسۈپ، ئۆي ئىشلىرىنى بىمالال قىلالايدىغان بولدى. دادىسىمۇ كۆپ ئۆزگەردى. قېرىدى، مۇڭ-ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنىڭ ئەتراپلىرىدا ئۆتتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ ھېسابىدەك تال-تال قورۇق سىزىقچىلىرى كۆپەيدى. ئۇ ھەر قېتىم دادىسىنىڭ ھويلىدىكى ئۈجمە دەرىخىنىڭ قوۋزاقلىرىدەك يېرىلغان قوپال قوللىرىنى كۆرگەندە ئانىسىنىڭ قۇرۇپ قالغان جىرىمدەك ئورۇق، ئاجىز قوللىرىمۇ تەڭلا كۆز ئالدىغا كېلەتتى.

كۈز پەسلىدە ئۇلارنىڭ كەڭرى ھويلىسى ساپسېرىق ئۈجمە يوپۇرماقلىرى بىلەن توشۇپ كېتەتتى. ئۇ ئاشۇ ئالتۇندەك ساپسېرىق يوپۇرماقلارنىڭ كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلىدا شاخلاردىن ئاجراپ، يەرگە ئاستا-ئاستا لەيلەپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە ئۆزىنىڭ يۈرىكىمۇ تېنىدىن ئاجراپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا چۆمەتتى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە يەرگە چۈشكەن غازاڭلارنى پاك-پاكىز سۈپۈرۈپ، كالىسىغا تۆكۈپ بېرەتتى. بۇ ئۇنىڭغا ئانىسىدىن قالغان ئادەت ئىدى. سۈپۈرۈلگەن غازاڭلارنىڭ شارتىلدىغان ئاۋازى بىردە ئۇ-

نىڭغا شۇ قەدەر يېقىملىق ئاڭلانسا، بىردە ئاچچىق يىغىدەك، ئەلەملىك خورسىنىشتەك ئاڭلىنىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلاتتى.

ئۇ ھەر قېتىم غازاڭ سۈپۈرۈش ئۈچۈن سۈپۈرگىنى قولىغا ئالغىنىدا كىچىك ۋاقىتلىرى ئىختىيارسىز ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتەتتى. ئۇ ئاشۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ ئوي-خىيالغا پاتاتتى. بولۇپمۇ ئانىسى رەھمەتلىكنىڭ غازاڭ سۈپۈرگەن ھالىتى ئۇنىڭ ئېسىدە ئېنىق ساقلىنىپ قالغانىدى. ئەنە شۇنداق كۈز كۈنلىرىدە ئۇ ھويلىغا ئېچىلغان دېرىزىدىن غازاڭ سۈپۈرۈۋاتقان ئانىسىغا جىمجىت قاراپ تۇراتتى. ئانىسىنىڭ ئاجىز، ئىنچىكە قوللىرى سۈپۈرگىنىڭ ئۇزۇن سېپىنى چىڭ تۇتۇپ، سۈپۈرگىنى تولىمۇ تەستە ھەرىكەتلەندۈرەتتى. ئانىسى ئۇنىڭغا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى. بىراق چىداشلىق بېرەتتى. ھەرگىز يىقىلىپ چۈشمەيتتى. ئانىسى يوپۇرماقلارنىڭ ھەممىسىنى سۈپۈرۈپ، ھويلىنى پاك-پاكىز قىلىۋېتەتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ يوپۇرماقلارنى سېۋەتكە قاچىلاپ كالىغا تۆكۈپ بەرگەندىن كېيىن چىرايىدا بىلىنەر-بىلىنمەس خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بولغانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئانىسى رەھمەتلىك ئاشۇ كالىنى بېقىپ ھارمىغانىدى.

ئۇ ئانىسى تۈگەپ كەتكەندە ئەمدىلا ئون ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ ئاشۇ چاغدىكى ئىشلارنى بىرمۇ بىر دەپ بېرەلەيتتى. شۇ كۈنى ئۇ مەكتەپكە ماڭغاندا ئانىسى ئۇنىڭغا گەپ-سۆز قىلماي كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۇزىتىپ قويغانىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ بۇ كۈلۈمسىرىشىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ مەڭگۈ يوقالمايدىغان ھەم ئۇنتۇلمايدىغان ئەڭ چىرايلىق كۈلۈمسىرەش، ئەڭ چىرايلىق مەنزىرە ئىدى. بۇ كۈلۈمسىرەش ھېلىمۇ ئۇنىڭغا چەكسىز مېھىر-مۇھەببەت ۋە شادلىق بېغىشلاپ تۇراتتى.

مەكتەپتىن قويۇپ بېرىلىدىغان چاغدا ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، بېشىغا ئاق ياغلىق چىگىۋالغان سېمىز بىر ئايال ئۇنى مەكتەپكە ئالغىلى كەلدى. ئىلگىرى دادىسىمۇ، ئانىسىمۇ ئۇنى مەكتەپكە ئالغىلى كەلمەيتتى. ئۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە يول بويى سەكرەپ-تاقلاپ ئۆزى ئۆيىگە قايتىپ كېلەتتى.

— سېنى ئالغىلى كەلدىم. بىزنىڭ ئۆيگە بار، بولامدۇ؟ — دېدى ھېلىقى ئايال ئۇنىڭغا يېلىنىۋاتقاندەك زورىغا كۈلۈمسىرەپ، — مەن ئاناڭنىڭ تۇغقىنى، قورقما قىزىم.

ئۇ گەپ قىلمىدى. ئايال كۈلۈپ تۇرغاندەك قىلغان بىلەن كۆزلىرىدە ياش لىغىلداپ تۇراتتى. سېمىز ئايال ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ، ياغلىقىنى باشقىدىن چىگىپ قويدى-دە، ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ باشقا بىر تەرەپكە يېتىلەپ ماڭدى. ئۇ بۇ ئايالغا «سەن بىلەن ماڭمايمەن» دېيەلمىدى. قورقۇپ ئامالسىز ئەگەشتى. ئۇنى يىغا تۇتتى. ئەمما قورقۇپ، ياتسىراپ تۇرغاچقا يىغلىيالمىدى.

سېمىز ئايال كەچقۇرۇن ئۇنى ئېشەك ھارۋىسىدا ئەكىلىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرمەيلا كېتىپ قالدى. ئۇ دادىسى بىلەن ئانىسىنى قەۋەتلا سېغىنغانىدى. ھويلا ئىچى ئاۋۋالقىدەك پاك-پاكىز سۈپۈرۈلگەن، ئەمما تىپتىنچ، نە دادىسىنىڭ، نە ئانىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمايتتى. ئۇنى قورقۇنچ باستى. ئۇ يۈگۈرگىنىچە ئۆيگە ئۆزىنى ئاتتى. ئۆينىڭ بىر بولۇڭىدا دادىسى بېلىگە ئاق باغلاپ ئولتۇراتتى. دادىسى ئۇنىڭ كۆزىگە باشقا بىر ئادەمدەك كۆرۈنۈپ

www.uyghurkitap.com

كەتتى.

— ئانام قېنى؟

دادىسى جاۋاب بەرمىدى.

— ئانا، ئانا! — ئۇ ئانىسىنى چاقىردى. ھويلىغا چىقىپ قاراپ باقتى. ئانىسى ھېچيەردە كۆرۈنمەيتتى.

ئۇ قورقۇپ كېتىپ دادىسىغا ئىلتىجالىق باقتى. بىر كۈندىلا ئورۇقلاپ، ساقال-بۇرۇتى ئۆسۈپ كەتكەن بۇ ئادەم قىزىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

ئۇ ئانىسىز قېلىشىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، يېتىملىكنىڭ ئازابىنى بىلمەيتتى. ئۇ پەقەت ئانىسىنىڭ ئەمدى مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى، ئانىسىنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكىنىدە تەمتىرەپ قالدى. ئاۋازىنى چىقىرىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي كۆزلىرىدىن مۆل-مۆل ياش ئاققۇزدى. ئەتىسى ئۇ دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ كەلدى.

ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە ئانىسىنىڭ ئۈچ نەزىرىسىنى قىلىشقا ياردەملەشكىلى كىرگەن قولۇم-قوشنا، ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارىسىدا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ئەلەڭلەپ يۈردى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئۆزگەردى. ئۇ دادىسىغا تاماق ئەتمىسە، ئۆينىڭ ئۇششاق-چۈششەك ئىشلىرىنى قىلمىسا بولمايتتى. شۇڭا ئۇ مەكتەپتىن چېكىندى. كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشنى ئۆگەندى. بارا-بارا مەھەللىدىكى تەڭتۇش دوستلىرىنى ئۇنتۇپ كەتتى. كۈچ-قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان دادىسىمۇ كۆپ ئۆزگەردى. ئۇ دادىسىنىڭ ھەر كەچلىكى ئاچچىق موخوركىنى تارتىپ، غېرىبسىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگىنىدە، يۈرىكىنى بىرى سىقىۋالغاندەك ئارامسىزلىناتتى.

كۈنلەر ئۆتتۈۋەردى. قىش كېتىپ باھار كەلدى. كۆكاتلارنىڭ خۇشبۇي ھىدى زېمىنغا تاراپ، ئۆرۈك دەرەخلىرى ئاپئاق چېچەكلىگەن كۈنلەردە، كىشىلەر ھاشىمئاخۇننىڭ ئاشۇ كۆرۈمسىز ئۆيىدىمۇ شۇنداق چىرايلىق بىر قىزنىڭ چوڭ بولغانلىقىنى كۆردى. كىشىلەر كۆزلىرىگە ئىشەنمىدى. تېخى تۈنۈگۈنلا چاچلىرى تاراقسىز، ماڭقىسىنى ئېرتىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىغان بۇۋىئايىشەمنىڭ پەرىزاتتەك چىرايلىق قىز بولۇپ قالغانلىقىغا ھەيران قېلىشتى. بۇۋىئايىشەم مۇشۇ بىر نەچچە ئايدا تېخىمۇ بوي تارتىپ مەڭزىگە قىزىللىق تەپتى. شەھلا كۆزلىرى نۇرلۇق چاقنايتتى. جىنەستىدەك قىپقىزىل لەۋلىرى ئېچىلىشقا تەمشىلىۋاتقان غۇنچە-تۈگۈندەك ھىمىرىلىپ تۇراتتى.

ئىلگىرى ھاشىمئاخۇننىڭ بۇ ھويلىسى كۈندۈزدىمۇ، كەچتىمۇ تىپتىنچ ئىدى. ئەمدىلىكتە بۇ ھويلىغا «خاتا كىرىپ قالىدىغان» ئوغۇل باللار كۆپەيدى. ئاشۇ ئوغۇل باللار بۇۋىئايىشەم تونۇمايدىغان ھەتتا ئىسمىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئادەملەرنى ئىزدەيتتى.

دادىسى ئېتىزدا ئىشلەپ ئۆيگە كېلەلمىگەن كۈنلەردە ئۇ دادىسىغا تاماق ئاپىرىپ بېرەتتى. ئېتىز بىلەن ئۆينىڭ ئارىلىقىدا سۆگەت دەرەخلىرى قويۇق سايە تاشلاپ تۇرىدىغان خىلۋەت چىغىر يول بار ئىدى. ئاشۇ كۈنى سەھەردە دادىسى ئېتىزغا بارغۇچە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۈگۈن چۈشتە ئۆيگە كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. شۇڭا ئۇ چىڭقى چۈشتە دادىسىغا تاماق ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن ئاشۇ چىغىر يولدا كېتىپ باراتتى. ھاۋا شۇنچە ئىسسىق

بولسىمۇ ئۇ ياغلىقىنى چىڭ چىڭگىۋالغانىدى. چىرايلىق ئۆرۈۋالغان ئىككى تال چېچى دۇمبىسىدە تەۋرىنىپ تۇراتتى. چەغىر يولدا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ ئەركىن ـ ئازادە، خاتىرجەم سېزدى.

— توختاپ تۇرە، سەن بىلەن تونۇشۇۋالسام بولامدۇ؟

ئۇ چۆچۈپ كەتتى. ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان بىر ئوغۇل بالا ئۇنىڭغا يانداشقانىدى. ئۇ قاتتىق ھودۇقتى. بۇ ئوغۇل بالىغا قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ ھازىرغىچە بىرەر ئوغۇل بالا بىلەن پاراڭلىشىپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ پۇت ـ قولىدا جان قالمايۋاتاتتى. ياغلىقىغا چىڭگىلگەن ناننى چىڭ تۇتۇۋالدى.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — سورىدى ئوغۇل بالا.

ئۇ ئىتتىك ـ ئىتتىك مېڭىپ ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كەتمەكچى بولۇۋېدى، ھېلىقى ئوغۇل بالا ئۇنىڭ ئالدىنى توسىۋالدى.

— قورقما، مەن ساڭا چېقىلمايمەن. مېنىڭ ئىسمىم ئەخمەت. ھاۋاز باينىڭ كەنجى ئوغلى.

ئۇ ئۈنچىقمىدى. ئۇ ھاۋاز باي دېگەن ئىسىمنى دادىسىدىن ئاڭلىغانىدى. دادىسى بۇلتۇر قىشتا ھاۋاز بايغا ئوتۇن توشۇپ بەرگەندە ھاۋاز باي ئۇلارغا قۇربانلىق ئۈچۈن بىر ئوغلاق بەرگەنىدى.

ئوغۇل بالىنىڭ سۆزلىرى يۇمشاق، سىلىق ئىدى. زادىلا ئەسكىلىك قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ پۇت ـ قولىغا سەل جان كىردى. يۈرىكى جايىغا چۈشتى. ئەمما بويۇنلىرى، يۈزلىرى قىزىرىشىپ، ئوت بولۇپ يېنىۋاتاتتى. ئۇ مىڭ تەستە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئوغۇل بالىغا ئەيمىنىپ قارىدى. ئوغۇل بالىنىڭ كىيىملىرى رەتلىك، يېڭى ئىدى. كۆزلىرىدە ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بىر ئوت چاقناپ تۇراتتى. ئۇ ئوغۇل بالىنىڭ كۆزلىرىگە شۇنداق قاراپلا يەنە ئىتتىك يەرگە قاراۋالدى.

ئوغۇل بالا ئۇنىڭغا تېخىچە يول بەرمىدى. ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمىگۈچە بولدى قىلمايدىغاندەك تۇراتتى. ئۇ تەمتىرىدى. ئوغۇل بالىغا ئىسمىنى دەپ بەرسە بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ بۇ جايدىن تېزرەك كېتىش ئۈچۈن ئىسمىنى ئوغۇل بالىغا ئاران ئاڭلانغۇدەك ئاۋازدا دەپ بەردى.

— بۇۋىئايشەم.

بۇۋىئايشەم ئوغۇل بالىدىن ئايرىلىپ ئىتتىك ـ ئىتتىك كېتىۋاتقاندا ئوغۇل بالا ئۇنىڭ كەينىدىن ۋارقىرىدى.

— مەن سېنى ئىزدەپ بارىمەن.

بۇۋىئايشەم ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى. بۇ ئۇنىڭ قېچىپ كېتىۋاتقىنى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ بۇۋىئايشەم ئىكەنلىكىنى مەھەللىدىكى ھەممە ئوغۇل بالىلار بىلىپ كەتتى.

شۇ كۈنى ئۇ ئېتىزدىن قايتىپ كېلىپ، ئەينەككە قاراپ چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى. ئەينەكتىكى ئوماق چېھرىنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇ چىرايلىق ئىدى. يۈزلىرى يۇمىلاق، ئاپئاق ئىدى. بىر جۈپ شەھلا كۆزى چاقناپ تۇراتتى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن مەھەللە بويىچە ئەڭ چىرايلىق قىز بولۇپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى، كىملەرنىڭدۇر ئۆزىگە يوشۇرۇن ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى سەزمەيتتى.

ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ھېلىقى ئەخمەت ئىسىملىك ئوغۇل بالىنى ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئۇنتۇيالمىدى. ئەخمەتنىڭ چىرايى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلگەن ھامان ئەخمەت ھېلىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغاندەك ھودۇقاتتى. يۈزلىرى قىزىرىشاتتى.

بوۋىشايىشەم ئاشۇ قېتىملىق تاسادىپىي ئۇچرىشىشنى تېخى ئۇنتۇپ كېتەلمەيلا ئەخمەت بىلەن چىغىر يولدا يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىپ قالدى.

كۆز كېلىپ ھەممە ئادەم ئېتىز — ئې-رىقنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن كۈنلەردە بوۋىشايىشەم دادىسى بىلەن بىللە ئېتىزلىقتا قوناق ئورۇۋاتقانىدى.

دادىسى قوناق شاخلىرىنى ھارۋىغا بېسىپ بولۇپ ھارۋىلىق ئۆيگە قايتتى. ئۇ پىيادە ھېلىقى چىغىر يولدا كېتىپ باراتتى.

— ياخشىمۇسەن بوۋىشايىشەم؟

بوۋىشايىشەم چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئەخمەت كۈلۈپ تۇراتتى. ئەخمەت-نىڭ كۆزلىرى باشقىچە چاقنايتتى. بوۋىشايىشەم قىزاردى.

— ئۆيدە دادام ساقلاپ تۇرىدۇ. مەن...

بوۋىشايىشەم شۇ سۆزلەرنى ئەخمەتكە ئا-رال دېيەلىدى. ئۇ كەتمەكچى بولۇپ مېڭى-ۋېدى، ئەخمەت ئۇنىڭ قولىنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالدى. بوۋىشايىشەم قورقۇپ كەتتى.

— قولۇمنى... قولۇمنى قويۇپ بەر.

— ياق.

بوۋىشايىشەم قولىنى كۈچەپ تارتتى. ئەخمەت ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ زادىلا قويۇپ بەرمىدى.

— قورقما. مەن ئۇنداق ئەسكى بالا ئەمەس. ساڭا دېيىدىغان گېپىم بار شۇ.

— بولمايدۇ، مەن كېتىمەن.

بوۋىشايىشەم سەزدى، ئەخمەتنىڭ قولى ئىسسىق ئىدى. بىر ئوتلۇق سېزىم ئەخ-مەتنىڭ قولىدىن ئۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ پۈ-تۈن جىسمىنى كۆيدۈردى. ئۇ ياپراقتەك تىترىدى. ئۇنىڭدا ھېچقاچان بۇنداق تاتلىق سېزىم بولۇپ باقمىغانىدى.

— ماڭا تېگەمسەن؟

بوۋىشايىشەم ھاڭۋېقىپ قالدى. يىمىرگە

كىرىپ كەتكۈدەك ئۇيالدى. ئەخمەتنىڭ كۆزلىرىدە ساپ ۋە سەممىي بىر نۇر چاقناپ تۇراتتى.

— سېنى ئالدىمايمەن. ئويلىنىپ باق.

ئەخمەتنىڭ سۆزلىرى قەتئىي ئىدى. بوۋىشايىشەم دەرھال ئېسىنى يىغىپ ئەتراپقا ئالاقزادىلىك بىلەن قارىدى. نېرىراقتا بىر ئادەم يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. ئەخمەت بوۋىشايىشەمنىڭ قولىنى قويۇپ بەردى. بوۋىشايىشەم ھېچنې-مىنى ئويلىيالمايتتى، ھېچنېمىنى ئەسلىيەلمەيتتى. ئۇ قەپەستىن بوشانغان قۇشتەك ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى.

بوۋىشايىشەم نەچچە كۈنلەرگىچە ئې-سىگە كېلەلمىدى. ئەخمەت ئۇنىڭ خىيا-لىدىن نېرى كەتمىدى. ئەخمەتنىڭ «ماڭا تېگەمسەن» دېگەن سۆزىنى، ئاشۇ سۆزنى دەۋاتقاندىكى قىياپىتىنى، ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنتۇيالمىدى. ئاشۇ سۆز، ئاشۇ نۇرلۇق كۆز ئۇنىڭ قەلبىنى ئۇ ئەسلا ھېس قىلىپ باقمىغان ئاجايىپ تۇيغۇلارغا چۆمدۈردى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ كىشىلەرگە ئېيتمايدىغان ھەم ئېيتىشقىمۇ پېتىنالمايدىغان سىر ـ مەخپىيەتلىرى بار بولدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ سىرلى-رىنى، ئاجايىپ خىياللىرىنى، تاتلىق ئەما چۈشتەك ئۇچرىشىشلىرىنى باشقىلارغا دەپ بەرمەكچى بولسىمۇ دەپ بېرىدىغان ئا-دەم تاپالمايتتى. ئۇ بۇ كۈنلەردە ئانىسى رەھمەتلىكنى شۇ قەدەر سېغىندى. ئۆزىنى تولىمۇ يېگانە سەزدى.

كۆز كىردى. ھويلىدىكى ئۈجمە دەرى-خىنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

بوۋىشايىشەم بۈگۈنمۇ سەھەر ئورنىدىن تۇردى. دادىسى بامدات نامىزىغا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ چاي قاينىتىش ئۈچۈن

ئوچاقتا ئوت ياقتى. دادىسى بۈگۈن كەنت ئەزالىرى بىلەن ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا بارماقچىدى. شۇڭا ئىككى ناننى ياغلىققا چىگىپ، دادىسىنىڭ ئېلىپ مېڭىشى ئۈچۈن تەييارلاپ قويدى.

دادىسى بامدات نامىزىدىن قايتىپ كىردى ـ دە، ئازراق چاي ئىچىپلا، ھارۋىسىنى قېتىپ سەپەرگە ماڭدى.

— بۈۋىئايىشەم، مەن ماڭدىم، — دادىسى ھارۋىنى ھەيدەپ ھويلىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ بۈۋىئايىشەمگە تاپىلىدى، — كەنت باشلىقىنىڭ دېيىشىچە بۈگۈن كېچە شۇ يەردە قونىدىغان ئوخشايمىز. كەچتە ئىشىك ـ دېرىزىنى چىڭ تاقاپ يات. ھويلىنى سۈپۈرۈپ يوپۇرماقلارنى كالىغا تۆكۈپ بەر.

دادىسى كەتتى. يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ھاشىمشاخۇن يىراق جايلارغا بېرىپ كېلەلمىگۈدەك بولسا، ئىشىك ـ دېرىزىنى چىڭ تاقاپ يات، دېگەن سۆزنى بۈۋىئايىشەمگە دېيىشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى.

چۈش بولاي دېگەندە ھويلىدا بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— يائاللا، قولى ئەجەب چاققان چىقتى بۇ قىزنىڭ، قاچانلا قارىسا چىنىدەك پاكىز تۇرغان بۇ ھويلا. ھاشىماخۇننىڭ ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز بەلەن قىزى بارده.

بۈۋىئايىشەم ئۇنىڭ سوزۇپ ـ سوزۇپ گەپ قىلغان جاراڭلىق ئاۋازىدىنلا تونۇدى. بۇ ھاشىمشاخۇنغا يىراقلاق تۇغقان كېلىدىغان مۇشۇ مەھەللىلىك ھەمراخان ئىدى.

بۈۋىئايىشەم ئۆيدىن چىقىپ ھەمراخانغا سالام بەردى.

— ھاشىمشاخۇن ئۆيدە بارمۇ؟

— دادام ئۆستەڭ چېپىشقا كەتكەن.

ھەمراخان ھويلىدىكى كىگىز سېلىنغان سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە بۇ بۈۋىئايىشەمنىڭ ئۇستىۋېشىغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. بۈۋىئايىشەم باشتا سەل قورۇندى. كېيىن بىردىنلا يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى. بۈۋىئايىشەمنىڭ كىيىملىرى كونا ئەمما پاكىز ئىدى. ھەمراخان بۈۋىئايىشەمگە قارىغانسېرى ھەيران قالدى. ئۇ بۈۋىئايىشەمنى پات ـ پات كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ بۇنچىلىك چىرايلىق قىز بولۇپ يېتىلگەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىۋاتاتتى.

ھەمراخان تاغدىن ـ باغدىن سۆزلەپ كېلىپ، نەق گەپنى ئېيتتى.

— سەنمۇ ئەمدى كىچىك بالا ئەمەس، ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلەيسەن. ساڭا دېمىسەم بولمايدۇ. داداڭ ھاشىمشاخۇننى ئۆيلەپ قويساقمىكىن. كېيىنكى كۈنلەردە. . .

ھەمراخان گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمىدى. سىنچى كۆزلىرى بىلەن بۈۋىئايىشەمنىڭ چىرايى ئىپادىسىگە باقتى. بۈۋىئايىشەم تەمتىرەپ قالدى. بۇنداق چوڭ ئىشقا ئۇ بىر نېمە دېيەلمەيتتى ھەم دادىسىنى ئۆيلەپ قويسا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى.

— داداڭ سېنىدىن ئەنسىرەيدىكەن. ئۆگەيلىك تارتىپ قالامدىكىن دەيدىكەن. قىز بالا دېگەن ھامان تالانىڭ ئادىمى. داداڭغا بىر ئۆمۈر قاراپ كېتەلمەيسەن، توي قىلىسەن. ئەتە ـ ئۆگۈن ساڭىمۇ ئەلچى كەلسە ياق دېيەلمەيسەن!

بۈۋىئايىشەم ھەمراخاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قىزاردى. يۈرىكى نېمىشقىدۇر ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. ئۇ يەرگە قاراپ، ھەمراخاننىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇردى.

ھەمراخان كەتتى.

بۈۋىئايىشەم خىيالغا پاتتى. ناۋادا دادىسى راستىنلا توي قىلسا ئۆزىگىمۇ، دادىسىغىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئويلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆگەي ئانىنىڭ ئۆزىگە

يامان كۆز بىلەن قارىشىدىن ئەنسىرىدى.

شۇ كۈنى كەچكىچە بۇۋىئايشەمنىڭ كۆڭلى ئارامىدا بولمىدى. ھەمراخاننىڭ «سەنمۇ توي قىلىسەن» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئۇزاققىچە جاراڭلاپ تۇردى. ئۇ قورقتى، قورقۇپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ تويى ھەققىدە ئويلاندى. ئۇ كىمگە تېگىشىنى بىلمەيتتى. ئەمما ئەخمەتنىڭ «سېنى ئالىمەن» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ ئېسىدىن كەتمىگەندى.

ھاشىمئاخۇن بىرياز تىنىم تاپماي ئىشلەپ، ئىككى جانغا ئارلىن يەتكۈدەك ئاشلىقنى ئۆيىگە ئەكىرىۋالدى.

— قىش كىرىۋالتىدۇ. ساڭا چاپان ئېلىپ بېرەي.

دادىسى بىر كۈنى ئوچاقتىكى ئوتنى چۇقچىلاپ ئولتۇرۇپ شۇنداق دېدى.

— ئالمايمەن.

— ياق، ئال. ھاۋا سوغۇق تۇرسا.

— بۇلتۇرقى چاپىنىم بارغۇ، تېخى ھېچيېرى يىرتىلمىدى.

— مەن كۆردۈم. بۇلتۇرلا كەيگۈسىز بولۇپ كېتىپتىكەن.

بۇۋىئايشەمنىڭ ھەقىقەتەن قىشتا كەيگۈدەك چاپىنى يوق ئىدى. ئۇنىڭ دادىسىغا ئىچى ئاغرىدى. ئۇ يەنىلا بۇلتۇرقى كونا چاپىنىنى ياماپ كىيىۋېرىشكە نىيەت قىلدى. ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزىگە بىر چاپان ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قەھرىتان قىشتا جاڭگالدا تېنەپ-تەمتىرەپ يۈرۈشىنى خالىمايتتى. ئۇ سوغۇقتىن ئەنسىرىمەيتتى. سىرتلارغا چىقماي ئۆيدە ئولتۇرۇپ قىشنى ئۆتكۈزسىمۇ بولىدىغۇ دەپ ئويلايتتى. ئۇ شۇنداق ئويلىغىنى بىلەن كۆڭلى يەنىلا غەش بولاتتى. راستىنى دېگەندە ئەخمەتكە مۇشۇ كونا، يىرتىق كىيىملىرى بىلەن ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى.

دادىسى تاماكىنى تارتىپ ئولتۇرۇپ، قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى. دادىسىنىڭ ئەتسىز يۈزلىرى ئوچاقتىكى ئوتنىڭ ھارارىتىدىن تېخىمۇ قورۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بۇۋىئايشەم ئۇنىڭغا ئىسسىق بىر پىيالە چاي قۇيۇپ بەردى.

— ئۆي ئىشىنى قىلىمەن دەپ كۆپ جاپادا قالدىڭ. مەكتەپتىمۇ ئوقۇيالمىدىڭ. بۇ تەرىپىنى ئويلىسام...

ھاشىمئاخۇن چوڭقۇر بىر تىنىپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتتۇۋەتتى. ئۇنىڭ نەملەشكەن كۆزلىرى سۇس پىلىلدايتتى. بۇۋىئايشەم سېزىپ تۇردى. دادىسى ئۇنىڭغا بىر ئىشنى دېمەكچى بولۇپ تەمشىلەتتىيۇ، يەنە دېيەلمەيتتى. دادىسى بىردەم ئۈن-تىنسىز ئولتۇرغاندىن كېيىن لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى. دادىسىنىڭ ئۇنىڭغا دېيەلمىگۈدەك قانداق سۆزلىرى بارلىقىنى بۇۋىئايشەم ئويلاپ يېتەلمەيتتى.

شۇ كۈنى كەچتە ھەممە ئىش تۇيۇقسىزلا ئاشكارىلاندى. ئۆيگە ھەمراخان كەلگەن ئىدى. بۇۋىئايشەم دادىسىغا سۇيۇقئاش ئېتىپ بېرىش ئۈچۈن خېمىر يۇغۇرۇۋاتاتتى. بۇۋىئايشەم ھەممە گەپ-سۆزنى ئاڭلاپ تۇردى. ھەمراخان قوشنا مەھەللىلىك بەختىخان ئىسىملىك بىر جۇۋاننىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتى. ھاشىمئاخۇن موخۇركىسىنى كۈچەپ-كۈچەپ شوراپ گەپ قىلماي ئولتۇردى. ئۇ پات-پات بۇۋىئايشەمگە قاراپ قوياتتى. ئەمدى ھەممە ئىش ئوچۇق-ئاشكارا بولۇۋاتاتتى.

ھەمراخاننىڭ ئېزىپ-چايناپ چۈشەندۈرۈشلىرىنى، نەسىھەتلىرىنى، ئۇچۇرۇپ ماختاشلىرىنى ئۈن-تىنسىز ئاڭلاپ ئولتۇرغان ھاشىمئاخۇن ئاخىرى ھەمراخانغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

هەمراخاننىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى.
— ئەمدى ئەقىل تاپتىلا ھاشىمئا-
خۇن. بىلىپ قالىلا، بۇ ھويلىنىمۇ گۇلدەك
قىلىۋەتمىسە ھېساب ئەمەس ئۇ جۇۋۇن...
ھەمراخان ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي
سۆزلەپ بولغۇسى كېلىنچەكنىڭ ئاش-
تاماق ئېتىش، يىپ-يىڭنە، ئېتىز-ئېرىق
ئىشلىرىنى قىلىشتا ئېپۋەنسىز ئىكەنلى-
كىگە ھاشىمئاخۇننى ئىشەندۈرۈشكە تى-
رىشىۋاتاتتى.
بۇۋئايشەم دادىسىغا قارىدى. ھاشىم-
ئاخۇن چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ھالدا ئولتۇ-
راتتى. تاماكا تۇتقان قوللىرى سۆس تىت-
رەيتتى. ھەمراخاننىڭ كېيىنكى سۆزلىرى
ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيۋاتقاندەك ئىدى.
بۇۋئايشەم دادىسىنىڭ خۇشال بولۇۋاتقانلى-
قىنى ياكى كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقانلىقىنى
بىلەلمىدى. ئۆزىنىڭ تارتىۋاتقان جاپالىرى
دادىسىنى توي قىلىشقا قىستاپ قويغانلى-
قىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى.
ھاشىمئاخۇن ئاخىرى ئېغىز ئاچتى:
— سىلىگە دېسەم ھەمراخان، بۇۋئا-
يشەم ئانا مېھرىگە قانماي چوڭ بولغان بالا.
ئىش ئۇقمايدۇ. ئەمدىكى گەپ...
ھاشىمئاخۇننىڭ گېپىنى ھەمراخان
ئالدىراپ تارتىۋالدى.
— بۇنى ئويلىمىدى دەمىلا ھاشىمئا-
خۇن. خاتىرجەم بولسىلا، بۇۋئايشەم ھەرگىز
ئۆگەيلىك تارتمايدۇ. بىز دېگەن تۇغقان. سى-
لىنى ئىللا-بىللا زىيان تارتقۇزمايمەن.
بۇۋئايشەمنىڭ كۆز ئالدىدىن مۇشۇ
پەيتتە ئانىسى رەھمەتلىكنىڭ كۈلۈمسى-
رەۋاتقان تاتىراڭغۇ چىرايى، مېھرىبانلىققا
تولغان كۆزلىرى، سۇپۇرگىنىڭ سېپىنى
چىڭ تۇتۇۋالغان ئورۇق، ئاجىز قوللىرى
بىر-بىرلەپ ئۆتتى.
ھاشىمئاخۇننىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى
ئۇنىڭغا قەرز بېرىپ تۇردى. ھەمراخان توي
تەييارلىقى ئۈچۈن بۇۋئايشەمنى ئېلىپ نا-
ھىيە بازىرىغا كىردى. بۇ بۇۋئايشەمنىڭ
تۇنجى قېتىم ناھىيە بازىرىغا بېرىشى ئى-
دى. بۇۋئايشەم ھەيران قالدى. ئۇ ئۆمرىدە
بۇنچە كۆپ ئادەملەرنى كۆرۈپ باقمىغانى-
دى. ناھىيە بازىرىدا ھەمراخان ئۇنىڭغا
سامسا ئېلىپ بەردى. ئىككىيلەن بىر كۈن
پايپېتەك بولۇپ ئاخىر توي تەييارلىقىنى
پۈتكۈزدى. ھەمراخان يېڭى كېلىنگە ئىك-
كى كىيىملىك رەخت، ئالتۇن ھالقا، ھا-
شىمئاخۇنغا بىر دوپپا، بىر ئاياغ، بۇۋئاي-
شەمگە ئەرزان باھادا بىر ياغلىق ئالدى. بۇ-
ۋئايشەمنىڭ كۆڭلىكى بەك كونىراپ كەت-
كەنىدى. ھەمراخان ئاشقان پۇلنى ساناپ
كۆرۈپ بۇۋئايشەمگە دېدى:
— توي كۈنلىرىدە مەنمۇ دوست-
دۈشمەننىڭ ئالدىدا چىرايلىق كىيىنىپ
يۈرمىسەم بولماس. ئۇچامدىكى دوخاۋا
كۆڭلىكىمنى ساڭا ئۆزگەرتىپ تىكىپ
بېرەي، بولامدۇ؟
بۇۋئايشەم ماقۇل بولدى. ھەمراخان يول
كىراسىنىلا قالدۇرۇپ ئېشىپ قالغان پۇلغا
ئۆزىگە بىر كۆڭلەكلىك رەخت سېتىۋېلىپ
ناھىيە بازىرىدىن قايتىپ چىقتى.
ئۈجمە دەرىخى كۆك چىقارغان چىراي-
لىق باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ھاشىمئاخۇن-
نىڭ تويى بولدى. توي ئاددىيلا ئۆتكۈزۈلدى.
بۇۋئايشەم تويدا ئۇششاق-چۈششەك ئىش-
لارنى قىلىپ يەتكۈچە ھاردى. ئەمما ئۇ خۇ-
شال ئىدى. چۈنكى ئۇ توي كۈنىدە دادىسى-
نىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغانلىقىنى، چىرايى-
نىڭمۇ پارقىراپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.
ھاشىمئاخۇننىڭ خوتۇن قىلىپ ئال-
غىنى تېخى ئوتتۇزغىمۇ كىرمىگەن ياش
جۇۋۇن ئىدى. بۇۋئايشەم باشتا جۇۋۇندىن


uyghurkitap.com

سەل يېتىرقىدى. كېيىن جۇۋانغا ئامراق بولۇپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. جۇۋان ئۇنى «بۇۋىشايىشەم» دەپ مۇلايىم، سىلىق چاقىراتتى. كۆيۈنگەنلىكىنى ئىپادىلەيتتى.

— ھاشىمشاخۇن، — دېدى ھەمراخان بىر كۈنى ھاشىمشاخۇننىڭ ئۆيىدە ھەممىنى ئۆزىگە قارىتىپ، — بۇۋىشايىشەم بەختىخاننى ئانادىمەي ئاچا دېسۇن. بەختىخان تېخى ياش تۇرسا.

— ۋىيىەي، ھەمراخان ئاچا، باشقىلار ئاڭلىسا نېمە دەيدۇ. مېنى خىجىل قىلمىسىلا. مەن ھاشىمشاخۇنغا خوتۇن بولغاندىن كېيىن بۇۋىشايىشەم مېنىڭ قىزىم بولىدۇ-دە.

بەختىخان ھەمراخانغا مەنىلىك كۈلۈمسىرىدى. ھەمراخان بەختىخاننىڭ قاراشلىرىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمىنى ئارزۇ قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

— بۇۋىشايىشەممۇ بويىغا يەتكەن قىزغۇ بەختىخان. باشقا گەپنى قويۇپ، ئىنجىل-ئىناق ئاچا-سىڭىل بولۇپ ئۆتسەڭلەرمۇ ئوخشاش...

بۇۋىشايىشەم ئوت ئىچىدە قالغاندەك ئارامسىزلاندى. ھەمراخاننىڭ «بويىغا يەتتى» دېگەن سۆزى «تويىنى قىلىۋەتسەكمۇ بولىدىغۇ» دېگەندىن بېشارەت بېرەتتى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، جىمجىت ئولتۇردى. ئۇنىڭچە بولسا بەختىخاننى قانداقلا چاقىرسا بولىۋېرەتتى.

— بۇۋىشايىشەم مېنى ئاچا دېسە قاملاشمامدۇ، يەنىلا بۇۋىشايىشەمنىڭ ئانىسى بولاي، — بەختىخان ھاشىمشاخۇننى چاندۇرماي چېكىپ باقتى، — ھاشىمشاخۇنمۇ قىزىمغا ئانا بولسۇن، ئانىلىق مېھرىنى يەتكۈزسۇن دەپ ئالغانغۇ مېنى.

— بۇۋىشايىشەم ئۆزى بىرنېمە دېسۇن. قانداق دېدىم ھاشىمشاخۇن؟ — دېدى ھەمراخان ھاشىمشاخۇننىڭ بىرنېمە دېيىشىنى كۈتۈپ.

— ئاچا دەي، — دېدى بۇۋىشايىشەم دادىسىنى تەڭلىكتە قويۇشنى خالىماي يۈرەكلىك ھالدا.

ھەممىسى بۇۋىشايىشەمگە قاراپ قېلىشتى. بەختىخاننىڭ چېھرىدە بىلىنەر-بىلىنمەس ئازادە كەيپىيات جىلۋىلەندى.

بەختىخان ئوچۇق چىراي، ئىشچان جۇۋان ئىدى. ئۇ قولۇم-قوشنا، ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتتى. ئۇ تاماققا ئۇستا ئىدى. ئۇنىڭ ئەتكەن سۇيۇقئاش، لەڭمەنلىرى ھاشىمشاخۇننى خېلىلا سەمرىتتى. دەرۋەقە جۇۋاننىڭ بۇ ئۆيگە ئايىغى ياراشتى. جۇۋان بۇ ئۆيگە كەلگەندىن بۇيان بۇۋىشايىشەمنىڭ قولى ئۆي ئىشىدىن بوشاپ چېھرىگە كۈلكە يۈگۈردى. چىرايلىق كۆزلىرىدە خاتىرجەملىك، بەختىيارلىق نۇرلىرى چاقنىدى.

بەختىخان قاشلىرىغا قېنىق ئوسما قويۇپ، چىرايلىق ياسىنىپ-تارىنىپ يۈرەتتى. ھاشىمشاخۇنغا جۇۋاننىڭ بۇ قىلىقى ياقمىدى. جۇۋان چاقچاقچى، گەپدان ئىدى. ھاشىمشاخۇن ئارتۇق گەپ قىلمايدىغان ئېغىر-بېسىق ئادەم بولغاچقا، جۇۋاننىڭ نەچچە قېتىملىق قىزغىن چاقچاقلىرى جاۋابسىز قالدى. جۇۋان خاپا بولدى. ئەمما چاندۇرمىدى. بارا-بارا ھاشىمشاخۇننى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى، قانداق كۈتۈشنى ئۆگىنىۋالدى. جۇۋان بۇۋىشايىشەمنىڭ دىلىغا ئازار بەرمىسىلا، بۇۋىشايىشەمگە بەختلىك ئائىلىنىڭ تەمىنى تېتىتسىلا ھاشىمشاخۇن جۇۋاندىن مىڭ مەرتىۋە رازى بولاتتى. مانا مۇشۇلا ھاشىمشاخۇن كۆڭلىدە ئۈمىد قىلغان تىنىچ-خاتىرجەم ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇش ئىدى. بىراق جۇۋاننىڭ ئاساۋ ئاتتەك شاش كۆڭلى

بۇندلق بۇرۇقتۇرما تۇرمۇشقا قانائەت قىلمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىگە تەشنا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيدىغان، بوۋاق بالىنى كۆلدۈرگەندەك ۋىلىقلىتىپ كۆلدۈرەلمەيدىغان، غەزەپ-نەپرىتى بار ئەرگە موھتاج ئىدى.

يازنىڭ تىنجىق ئىسسىق كۈنلىرى باشلىنىپ، ھەممە يەر تونۇردەك قىزىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ كۈنلەردە ئۇرۇق-تۇغقانلار تويدا بەرگەن قەرز پۇللىرىنى سۈيلەپ كەلدى. ئۆيدە پۇل يوق ئىدى ھەم بۇنچە كۆپ پۇلنى ئۇلار بىراقلا تۆلىيەلمەيتتى.

— كالىنى ساتسىلا، — دېدى بەختىخان، — قەرزلىرىمىزنى تۆلەپ قولىمىزغا يەنە پۇل ئېشىپ قالىدۇ.

ھاشىمئاخۇن ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئۇنىڭ كالىنى سېتىۋەتكۈسى يوق ئىدى. كالا بۇ ئائىلىگە كۆپ نەپ بېرەتتى. ئەتىياز يەر ئاغدۇرغاندا ساپان سۆرەيتتى. كېلەر يىلى بىر موزاي تۇغۇپ بېرىشىدە گەپ يوق ئىدى.

ھاشىمئاخۇن ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ قەرزلىرىنى قايتۇرىدىغان ئامال تاپالمىدى. ئۇ قەرز سۈيلىگۈچىلەر ئالدىدا چارىسىز قېلىپ، ئاخىرى كالىنى سېتىشنى توغرا تاپتى. ئۇ كالىنى بەختىخاننىڭ سېتىشىغا تاپشۇردى. بەختىخان خېرىدار ئۇقۇشۇپ، يېزا بازىرىدا گۆش ساتىدىغان بىر قاسساپنى ئۆيىگە باشلاپ كەلدى. قاسساپنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتكەنىدى. قاسساپ كالىدىن بەكرەك بەختىخانغا قىزىقىپ قالغاندەك ئىدى. قاسساپ باھادا بەختىخانغا كۆپ يول قويدى.

— كالىغۇ سېمىزدەك قىلىدۇ. ئەمما بەك قىممەت بولۇپ كەتتى-دە، بەختىخان، — دېدى قاسساپ بەختىخانغا ھېجىيىپ، — سىلىنى دەپلا سېتىۋالدىم جۇمۇ سىلا بۇ كالىنى.

— ئوھۇش، گەپنى ئەگىتمەي پۇلنى چىقارسىلا، — بەختىخان قاسساپنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قولىنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى.

— يامان جۇۋانكەنلا، — دېدى قاسساپ بۇرۇتلىرىنى تولغاپ، — پۇل دېگەن غازاڭنىڭ نەرقى، يۈرىكىڭنى بەر دېسىلەمۇ ياق دېمەيمەن.

بەختىخان قاسساپنىڭ ئۆزىگە مەقسەتلىك گەپ تاشلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ، قاسساپقا گەپ بەرمىدى.

— سېسىق يۈرىكىڭنى ئىتقا تاشلاپ بەر، ئوغرى. گەپ دېگەننى ئويلاپ قىلغۇلۇق.

قاسساپ ساپسېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى. يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى چىقىرىپ ساناپ كۆردى-دە، بەختىخاننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— رازى بولسىلا... گۈلدەك چىرايلىرىغا بەش كوي قوشۇپ قويدۇم.

قاسساپ ئەتىسى كالىنى ئەكەتكىلى كەلدى. ئۆيدە بەختىخان يالغۇز ئىدى.

— ئاخشام سىلىنى چۈشەپ قاپتىمەن، — دېدى قاسساپ بەختىخانغا تەلمۈرۈپ، — كالىنىڭ ئورنىدا سىلىنى ئېلىپ كېتىۋاتقۇدەكمەن. ئويلاپ قالدىم. راست شۇنداق بولسا مەن بىلەن كېتەمدىلا؟

— ئېغىزلىرىغا تاش، چۈشەپ قاپتىمىش تېخى، — بەختىخان قاسساپقا ھومايدى، — ئات بېشىدەك ئالتۇن بەرسىلىمۇ بۇ ئۆيدىن كەتمەيمەن.

— چاقچاق قىلدىم بەختىخان، — قاسساپ مۆغەمبەرلەرچە كۈلۈپ قويدى، — ھاشىمئاخۇن ئۆيدە يوقمۇ؟

— ئېتىزغا سۇ تۇتقىلى كەتكەن.

— ھاشىمئاخۇننىڭ ئىشقى سىلىدە ئەمەس ئېتىزدىمۇ نېمە؟ كۆڭۈللىرىنى سوغارماي ئېتىزنى سوغارغىنىنى...

— ۋۇي ئادەم، — بەختىخان قاسساپقا تومشۇقىنى ئۇچلىدى، — مېنىڭ كۆڭلۈمنىچۇ سېغىنىپ بولغان ئۇ. ئەر زاتىغا قىنىقمەن.

— كۆردۈم بەختىخان، يوشۇرالمايلا. كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرىدۇ ئەنە. مېنى كۆرۈپ يۈرەكلىرى ۋاككىدە يېرىلغاندۇ ھەقاچان، كەچتە مېنى ئويلاپ يۇم-يۇم يىغلايلا.

— ۋىيەي، ئۆلەيمۇ ئەمدى. سىلىدەك قارلپاقا ئۇچۇن يېرىلىپ كەتكەن يۈرەكنىڭ بەختىخانغا كېرىكى يوق. سېغىنغۇدەك مىشمەن تېخى. ئىچىمنى ئېلىشتۇرماي ئۆتەپ بارسىلا.

بەختىخان قاسساپنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تېخىمۇ نامايان قىلىپ مەغرۇر، جەزىبىلىك كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۆزىمۇ بەلەن، سۆزىمۇ بەلەن جۇۋانكىنابۇ، دەپ ئويلىدى قاسساپ بەختىخاندىن كۆزىنى ئۈزەلمەي. قاسساپنىڭ بۇرۇتى لىكىلداپ، كۆزلىرى پارقىراپ كەتكەندى. بەختىخان بىردىنلا ھودۇقۇپ قالدى. قاسساپنىڭ كالىنىڭ كۆزىدەك پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرى ئۇنى نامەلۇم بىرجايغا دەم تارتىپ كېتىۋلتقاندەك ئۇنىڭ كۆڭلىنى مالىمان قىلىۋەتتى.

بەختىخان كالىنى ئېغىلدىن ئېلىپ چىقىپ قاسساپقا بەردى. قاسساپنىڭ بۇ ھويلىدىن ئايرىلغۇسى يوقتەك ئىدى. ئۇ بەختىخانغا چاقچاق قىلماقچى بولۇپ تەمشىلىپ، ھويلىغا كىرىپ كەلگەن بۈۋىئايشەمنى كۆرۈپ جىمىقتى. قاسساپ يوشۇرۇنچە بىرنەچچە قېتىم بەختىخانغا كۆز قىستى. ئەمما بەختىخاندىن كۆڭلىنى خۇش قىلغۇدەك جاۋاب چىقمىدى. قاسساپ ئۈمىدسىزلەندى. خاپا بولۇپ ئۆھسىندى. مەھەللىدە نى-نى قىز-جۇۋانلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، ئۆزىگە قارىتىپ يۈرگەن قاسساپنىڭ بەختىخاننى ئۆزىگە قىزىقتۇرالمىغىنى ھار كەلدى. بەختىخان ئۇنىڭغا بارغانسېرى شۇنچە چىرايلىق، شۇنچە ھاكاۋۇر، شۇنچە سىرلىق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.

— ھاشىمئاخۇنغا دەپ قويسىلا، كالىنى سويسام ئىچ-باغرىنى سىلەرگە بېكارغا بېرىمەن. ئالغىلى بارارلا.

قاسساپ كالىنى ئېلىپ كەتتى.

كالىنى ساتقان پۇللار بىلەن قەرزلىرىنى تۆلەپ، ھاشىمئاخۇننىڭ قولىدا ئازرلق پۇل ئېشىپ قېلىۋېدى، بەختىخان ئۇلتۇرالماي قالدى. ئۇ ناھىيىدە چوڭ بازار بولىدىغان كۈننى تاللاپ، بۈۋىئايشەمنى ئېلىپ ناھىيە بازىرىغا كىردى.

كوچىدا ئادەملەر مىغىلدايتتى. بۈۋىئايشەم بەختىخاننىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ ئۇ نەگە يېتىلىسە شۇ يەرگە كېتىپ باراتتى. بۈۋىئايشەم ئاۋۋالقى نۆۋەت بازارغا كىرگەندە كۆرەلمىگەن يېڭىلىقلارنى، كوچا-دۇكانلارنى بەختىخان ئۇنىڭغا كۆرسەتتى. بۈۋىئايشەم ھەيران قالدى. بۇيەردە ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك قىزلار يىگىتلىرىنى قولتۇقلاپ خاتىرجەم كوچا ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. يىگىتلەرنىڭ قىزلارغا قىلغان شوخ، قىزغىن چاقچاقلىرى، قىزلارنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشلىرى، يىگىتلىرىگە ناز قىلىپ ئەركىلەشلىرى ئۇنى ئويالدۇردى.

— شەھەر سەھراغا ئوخشىمايدۇ، — دېدى بەختىخان بۈۋىئايشەمنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ، — بۇيەردە قىز-يىگىتلەر ئوچۇق-ئاشكارا مۇھەببەتلىشەلەيدۇ.

بەختىخاننىڭ مۇنداقلا ئېيتقان گېپى بۈۋىئايشەمنى ھۇپپىدە قىزارتىۋەتتى. بەختىخان بۇنى سەزمىدى.

بۈۋىئايشەم تۇرۇپلا ناھىيە بازىرىدىن

زېرىكتى. بازار ئۇنىڭغا سوغۇق ۋە يېقىمسىز كۆرۈندى. كوچىدىكى ساتارمەنلەرنىڭ خېرىدار چاقىرىپ توۋلاشلىرى، ئالارمەنلەرنىڭ باھا تالىشىشلىرى ئۇنىڭغا ئاشۇ تىپتىنچ سەھراسىنى، چىغىر يوللارنى، سۈپسۈزۈك ئۆستەڭ سۈيىنى، ئۈجمە دەرىخى قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان كەگرى، ئازادە ھويلىسىنى سېغىندۇردى.

بەختىخان ناھىيىدە تازا مودا بولۇۋاتقان رەختتىن بىر كىيىملىك سېتىۋېلىپ، ئۆزى بىلىدىغان بىر تىككۈچىلىك دۇكىنىغا ئەكىرىپ بەردى. ئاندىن بۈۋىئايشەمگە بىر قۇر كىيىم سېتىۋالدى. كىيىم بۈۋىئايشەمنىڭ زىلۋا بويىغا خوپ ياراشتى.

ئۇلار ناھىيە بازىرىدا ساق بىر كۈن دۇكان ئارىلاپ كەچ كىرگەندىلا ھېرىپ-ئېچىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

مەھەللىدە بىرقىزنىڭ تويى بولدى. بەختىخان بۈۋىئايشەمنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي تويغا ئېلىپ باردى. بۈۋىئايشەم دادىسىنىڭ تويىدىن باشقا تويغا قاتنىشىپ باقمىغانىدى. بەختىخان ئۇنى جەمىلەم ئىسىملىك بىر قىزغا قوشۇپ قويدى. ئىككىيلەن بىردەمدىلا چىقىشىپ يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى. جەمىلەم ئۇنى قىز ئولتۇرۇشىغا ئەكىردى. بۈۋىئايشەم دەسلىپىدە سەل ھودۇقتى. ئۇ قىزلارنىڭ گازىر-پۇرچاق چېقىشىپ، خاتىرجەم، خۇشال-خۇرام ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى.

توي قىزىدى. بىر ئۆيگە قىز-ئوغۇللار تىقىلىشىپ ئولتۇرغانىدى. تويدا ئەخمەتمۇ بار ئىدى. ئۇ ئەخمەتنىڭ كۆزىنى ئۈزمەي ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇردى.

— ئۇنى تونۇيمەن، — دېدى جەمىلەم بۈۋىئايشەمنى نوقۇپ، — ئۇ ساڭا قاراۋاتىدۇ.

— كىمنى دەيسەن؟

— ئەخمەتنى، ھاۋاز بايىنىڭ ئوغلىنىچۇ.

— ھە... — بۈۋىئايشەم ئوڭايسىزلاندى. بۇنچە جىق ئادەم ئىچىدە ئەخمەتنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى باشقىلارنىڭمۇ سېزىپ قالغانلىقىدىن يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى.

—ئۇ ساڭا ئاشىق بولغان ئوخشايدۇ. ئۇ ياخشى بالا بىلەمسەن. مەھەللىدىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئامراق.

بۈۋىئايشەم بىردىنلا شۈكلەپ قالدى. ئەخمەتنىڭ ئۇنىڭ بىلەنلا ئەمەس باشقا نۇرغۇن قىزلار بىلەنمۇ ئوبدان ئۆتىدىغانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى. ئۇ بۇنداق بولۇشىنى خالىمايتتى.

بىر چاغدا ئەخمەت بۈۋىئايشەمنى ئۇسسۇلغا تارتتى. جەمىلەم ئۇنى ئورنىدىن تۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ نوقۇپ قويدى. بۈۋىئايشەم تەڭلىكتە قالدى. ئۇ ئورنىدىن قوزغالسىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك ئىدى.

— تېز بوله. ئولتۇرۇۋالساڭ بولمايدۇ، — جەمىلەم ئۇنى ئالدىرىتىپ قۇلىقىغا شىۋىرلىدى.

بۈۋىئايشەم مىڭ تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەخمەت بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئەخمەتنىڭ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمىدى.

توي تۈگىدى. جەمىلەم قىز كۆچۈرگەن تراكتورغا چۈشۈپ يىگىتنىڭ ئۆيىگە كەتتى. بۈۋىئايشەم قايتىش ئۈچۈن خوتۇنلار ئارىسىدىن بەختىخاننى ئىزدىدى.

— مەن ئاپىرىپ قوياي.

بۈۋىئايشەم كەينىدىلا ئەخمەتنىڭ



www.uyghurkitap.com

تۆرغانلىقىنى كۆردى.

— ئاچام بار، بىللە قايتىمەن.

بۇۋىئايىشەم ئۆزىنىڭ ئەخمەت بىلەن بىللە تۆرغانلىقىنى بەختىخانىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى.

— كەچتە سىنى ئىزدەپ بارسام چىقالامسەن؟

— ...

— ماقۇل دە. ساڭا دېيىدىغان گەپلىرىم بار ئىدى.

— قورقىمەن. قاراڭغۇ كېچىدە...

— ماڭا ئىشەن. سېنى قورقۇتمايمەن.

— دادام بىلىپ قالىدۇ.

— باھانە تاپمامسەن.

— نېمە دېيمەن؟

— دوستلىرىمنىڭ ئۆيىگە بارىمەن، دە.

بۇۋىئايىشەم مۇشۇ كەمگىچە دادىسىنى ئالداپ باقمىغانىدى. ئەخمەت بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇ دادىسىنى، بەختىخانىنى ئالدىسا قانداق بولىدۇ. ناۋادا ئۇلار كېچىدە بۇۋىئايىشەمنىڭ بىر ئوغۇل بالا بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى بىلىپ قالغۇدەك بولسا بۇۋىئايىشەم دادىسىغا، بەختىخانغا قانداق قارايدۇ؟ ئىزا-نومۇستىن ئۆلمەمدۇ.

بۇۋىئايىشەم گەپنى كېسىپلا ئېيتتى:

— چىقالمايمەن.

تويدىن يانغان بىر توپ ئاياللارنىڭ ئىچىدىن بەختىخانىنىڭ بۇۋىئايىشەمنى چاقىرغان سۈزۈك ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇۋىئايىشەم ئىتتىك بەختىخان تەرەپكە ماڭدى.

— ئاخشاملىققا بارىمەن. ئۇنتۇپ قالما، ھە.

ئەخمەتنىڭ بۇ گېپىنى بۇۋىئايىشەم ئېنىق ئاڭلىدى. ئەخمەت كەتتى.

بۇۋىئايىشەم بەختىخان بىلەن بىللە ئۆيگە قايتتى. يولدا كېتىۋېتىپ بەختىخان بۇۋىئايىشەمنىڭ پەس ئاۋازدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىدى. بۇۋىئايىشەمنىڭ كۆزلىرىدە بىر خىل شادلىق ئۇرغۇيتتى.

كەچ كىردى.

بۇۋىئايىشەم ياتقان ئۆينىڭ كىچىككىنە تۆڭلۈكىدىن تولۇشقا باشلىغان ئاينىڭ تال-تال سۈزۈك نۇرلىرى چۈشۈپ تۇراتتى. كېچە جىمجىت ئىدى. بىر چاغ مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى تۈن جىمجىتلىقىنى بۇزدى. بۇ ناخشا شۇ قەدەر ئېنىق، شۇ قەدەر مۇڭلۇق ئىدى.

ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە
ئويناي دەپ كەلدىم.
مەيلىڭ بارمۇ، مەيلىڭ يوقمۇ
سىناي دەپ كەلدىم.

بۇۋىئايىشەم تاتلىق تۇيغۇلار ئىچىدە ئۇخلىيالمىدى. سىرتتا ئېيتىلىۋاتقان ئاشۇ ناخشا، نالىدەك ھىجرانلىق كۈي ئۇنىڭ قەلبىنى يەڭگىل پەپىلىدى. ناخشا ئېيتىۋاتقان چوقۇم ئەخمەت، دەپ ئويلىدى ئۇ لەۋلىرىنى بوشقىنا چىشلەپ.

تۈنۈگۈن كېچە ھويلا ئەتراپىدا ئېيتىلغان ناخشا بۇۋىئايىشەمدىن بەكرەك بەختىخانىنى ھاياجانغا سالدى... شۇندىن باشلاپ ھويلا ئەتراپىدا بىر بىچارە ئاشىقنىڭ مۇھەببەت ناخشىلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولدى. ناخشا ئىگىسىنىڭ ھىجرانلىق پەريادى، ئوتلۇق مۇھەببەت ئىزھارى بۇۋىئايىشەمنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا چۆمدۈرسە، بەختىخانىنىڭ خىياللىرىنى بىر كېچىلا داۋام قىلغان قىزغىن ۋە ئازابلىق چۈشكە ئوخشاش ئۆتمۈش قايناملىرىغا، تۇزغاقتەك تۇزۇپ كەتكەن ياشلىق كەچمىشلىرىگە

ئېلىپ بارالتتى.

بەختىخان ئۆز مەھەللىسىدە بەك چىرايلىق قىزلاردىن بولمىسىمۇ شوخلۇقى، ئېتىكلىكى، چاقچاققا ئامراقلىقى بىلەن ھەممە قىزلارنى بېسىپ چۈشەتتى. يىگىتلەرنى ئاسانلا ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالاتتى. ئاتا - ئانىسىمۇ ھال - ئوقىتى ياخشى، ئابرويلۇق كىشىلەردىن ئىدى. شۇڭا ئۇ كىچىكىدىنلا كىيىمەن دېگەننى كىيىپ، يېيىمەن دېگەننى يەپ ئەركە، شوخ، تۇرگۇن چوڭ بولدى. ئۇ ئاسان بىرىنى ياراتمايتتى.

ئۇ بويىغا يېتىپ غۇنچىدەك ئېچىلغان كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئەمما ئۇ ھېچكىمنى ياراتمىدى. ئاتا - ئانىسىنىڭ زورلىشىمۇ، يالۋۇرۇشىمۇ كار قىلمىدى. نى - نى بەرنا يىگىتلەرنىڭ ئۇنىڭغا قاش ئېتىپ، كۆز قىسىشلىرى بىكارغا كەتتى. كېيىن ئۇ نامرات بىر دۇتارچى يىگىتكە ئاشىق بولدى. دۇتارچى بوي - تۇرقى قاملاشقان ,بۇدۇر چاچلىق، سۆزمەن يىگىت ئىدى. ئۇ توي - تۆكۈن، ئولتۇرۇشلاردا دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتاتتى. مەھەللىدە بولۇنغان ئويۇن - تاماشا ئۇنىڭسىز قىزىمايتتى.

تۇنجى قېتىم بەختىخان ئاشىقلىقنىڭ تەمىنى تېتىدى.

يىگىتنىڭ چالغان سازلىرى، ئېيتقان ناخشىلىرى بەختىخاننىڭ تومۇرىدا قان بولۇپ ئاقتى. يىگىتنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدىن چاچرىغان ئۇچقۇن ئۇنىڭ تېپىنىچ قەلبىنى شېرىن تۇيغۇلارغا، ئېيتقۇسىز شادلىققا چۆمدۈردى. ئۇنىڭ كۆڭلى توسقىلى بولمايدىغان رەۋىشتە دۇتارچى يىگىتكە تەلپۈنەتتى. دۇتارچى يىگىتنىڭ مۇڭلۇق ناخشىلىرى، مەنىلىك كۆز قىسىشلىرى ئۇنىڭ ئېسىدىن كەتمەيتتى.

ئۇزلاق ئۆتمەي بەختىخان ئاتا - ئانىسىنىڭ قارشىلىق قىلغىنىغىمۇ باقماي دۇتارچى يىگىتكە تەگدى. ئۇنىڭغا دۇتارچى يىگىت ۋە ئۇنىڭ ناخشىلىرىدىن بۆلەك بۇ دۇنيادا ئارزۇلىغۇدەك، تارتىنىشقۇدەك ھېچنىمە يوق ئىدى.

بەختىخان توي قىلىپ بىر مەزگىللەرگىچە ئۆزىنى جاھاندىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم سەزدى. ئۇ دۇتارچى يىگىتنىڭ تاتلىق ئەركىلىتىشلىرىگە، ئوتلۇق ناخشىلىرىغا ئېرىشكەنلىكىدىن رازى ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ بەختلىك كۈنلىرى ئۇزاققا بارمىدى. ئېرىنىڭ دۇتار چېلىشتىن باشقا ھۈنىرى يوق ئىدى. ئېتىز ئىشىنى ياراتمايتتى. باشقا ئوقەت قىلىشنى بىلمەيتتى. دەسلىپىدە بەختىخاننىڭ ئاتا - ئانىسى قىزىنى دەپ ئۇلارغا ئۇن، ياغ دېگەندەكلەرنى بېرىپ تۇردى. كېيىن بەرمەس بولدى. بەختىخاننىڭ كۈنلىرى نامراتلىق، موھتاجلىق ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ دۇتارچىدىن، دۇتارچىنىڭ ناخشىلىرىدىن ئايرىلالمايتتى. كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى ئۇنىڭغا تارتىشاتتى. ئۇ چىدىدى، بۇ كۈنلەر ھامان ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھال - ئوقىتىمىز ياخشىلىنىپ قالىدۇ دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بەردى.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئېرى بەختىخاننىڭ ئۆزىنىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدى. ئۇ بەختىخاننى ئۆيدە يالغۇز تاشلاپ قويۇپ نەدە توي - تۆكۈن بولسا، كىم ئولتۇرۇشقا چىللىسا شۇ يەرگە دۇتارىنى قولتۇقلاپ كېتىۋېرەتتى. بەختىخاننىڭ ئاچ - توق قېلىشى، ئارزۇ - ئىستىكىنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن كارى يوق ئىدى. بەختىخان تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ئارزۇ قىلغىنىدەك ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ

www.uyghurkitap.com

يەتكىنىدە كۆپ كېچىككەنىدى. ئۇ ئېرىنىڭ ناخشا ـ ساز بىلەنلا بىر ئۆيىنىڭ مۆرىسىدىن تۈتۈن چىقىرىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى، ئېرىنىڭ توي قىلمىغان چاغدىكى شېرىن ـ شېكەر ۋەدىلىرىنىڭ، تاتلىق بېقىشلىرىنىڭ ئەمدى قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى. بەختىخان ئۆزىگە كۆيۈنىدىغان، ئاسرايدىغان، ئىچى پۇشقاندا ئەركىلىتىپ كۆڭلىنى ئاللايدىغان ئەرگە موھتاج ئىدى. ئەمما ئېرى بەختىخاندىن بەكرەك ئاشۇ دۇتارنى ياخشى كۆرەتتى. كېيىن ئېرىنى كىشىلەر توي ـ تۆكۈنلەرگە چاقىرماس بولدى. ئېرى ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. نەشە چېكىشنى ئۆگەندى. نەچچە قېتىملاپ بەختىخاننى قاتتىق دۇمبالىدى. ئۇ بەختىخاننى سېسىق ئالمىنى چۆرۈۋەتكەندەك چۆرۈۋەتتى. بەختىخان ئۇنىڭ ئالدىدا ئەسكى لاتىچىلىك قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە بولالمىدى. ئېرىنىڭ مۇشت ـ تېپىكلىرىدىگە چىدىمىغان بەختىخان ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۆي تۇتۇشقا كۆزى يەتمىدى.

ئۇ بىر كۈنى ئېرىگە دېمەيلا ئانىسىنىڭكىگە كېلىۋالدى ۋە ئېرىنىڭ ئۆيىگە قايتا ئاياغ باسمىدى. ئۇلار ئاخىر ئاجرىشىپ كەتتى.

بەختىخان شۇ ئولتۇرۇپ قالغىنىچە تۆت ـ بەش يىلنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇ قىز چاغلىرىدىكىدەك چىرايلىق بولمىسىمۇ مېھرى ئىسسىق جۇۋانغا ئۆزگەردى. ئۇنىڭغا ھاياسىز چاقچاق قىلىپ ئىشرەتكە چاقىرىدىغانلار، تەشنالىق، ئېچىرقاش چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى قىسىپ ئۇنى سىناپ باقىدىغانلار كۆپ ئىدى. ئەمما نېمىشقىكىن ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئالىدىغانغا ئەر چىقمىدى. ئۇ كۈتتى. ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ھاشىمئاخۇن ئەۋەتكەن ئەلچىلەرنىڭ قەدىمى يەتتى. ئۇ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا ھاشىمئاخۇنغا ياتلىق بولدى.

ھاشىمئاخۇن تىنىم تاپماي ئىشلەشنىلا بىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ بەختىخاننىڭ كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، ئۆزىدىن نېمىلەرنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ سەھەر تورغاي چۇچۇلىماستا ئېتىزغا ماڭاتتى. كەچتە ئېتىزدىن قايتىپ كېلىپ بەختىخان ئەتكەن تاماقنى ئۈن ـ تىنسىز يەپ، پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كېتەتتى. بەزىدە ئاچچىق موخۇركىسىنى تارتىپ، باش ـ ئاخىرى يوق خىياللىرى ئىچىدە تۈن يېرىمغىچە مىت قىلماي ئولتۇراتتى.

بەزىدە بەختىخان مۇشۇ كۈنگىمۇ ئارلىن ئېرىشكەنلىكىنى ئويلاپ خۇداغا مىڭ شۈكۈر دەيتتى. ھاشىمئاخۇندىن قىلچە ئاغرىنمايتتى. ئەمما كەلكۈندەك دەۋرەپ تۇرىدىغان كۆڭۈل ئېقىنىنى توسۇپ قېلىشمۇ تولىمۇ تەس ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھېلىھەم كىمنىدۇر سېغىناتتى. ئىچى پۇشۇپ، مۇڭسىراپ قالغان بەزەن كۈنلەردە قاسساپنىڭ ھاياسىز، قوپال چاقچاقلىرىنى ئويلاپ قالاتتى. ئۇ قاسساپنى ئويلىمالىقا قانچە تىرىشسىمۇ قاسساپنىڭ كىشىنى تەشۋىشلەندۈرىدىغان، كىشىنىڭ ۋۇجۇدىنى شۈررىدە ئېرىتىۋېتىدىغان كۆزلىرىنى خىيالىدىن نېرى قىلالمايتتى. ئۇ بىر كۈنى چىرايلىق ياسىنىپ، قاسساپ گۆش ساتىدىغان يەرگە كەلدى ۋە قاسساپتىن نېسىگە گۆش سېتىۋالدى.

ئۆرۈك پىشىشقى مەزگىلى ئىدى. ھاشىمئاخۇننىڭ بېغىدىكى ئىككى تۈپ ئۆرۈك مەي باغلاپ پىشىپ، يەرگە تۆكۈلۈشكە باشلىدى. بۇۋىئايشەم ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن كىچىككىنە سېۋىتىنى كۆتۈرۈپ ئۆرۈك تەرگىلى باغقا كىردى. بىر چاغدا باغ

ئىچىدىن سۈزۈك ۋە يېقىملىق ناخشا ئاڭلىنىپ بەختىخاننىڭ دىققىتىنى تارتتى. ناخشىنى بۇۋىئايىشەم ئېيتىۋاتاتتى.

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان بۇۋىئايىشەمنىڭ چېھرىدىن نازلىق كۈلكە، كۆزلىرىدىن شادلىق نۇرلىرى ئۆچمەيدىغان بولدى. ئۇ پات-پات ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى تۈزىمىتتى. خىيال سۈرۈۋېتىپ كۈلۈمسىرەيتتى. بۇۋىئايىشەمدىكى ئۆزگىرىش بەختىخاننىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. بەختىخان بۇۋىئايىشەمنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئۆزىنىڭ ياشلىق چاغلىرىغا ئوخشىتاتتى. قەلبى مۇھەببەتكە تولغان كىشىلەرلا ئەنە شۇنداق چىرايلىق ناخشىلارنى ئېيتالايدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ.

ھاشىمئاخۇن بىر تاغار ئوتنى ھارۋىغا بېسىپ ئېتىزدىن قايتىپ كەلگەندە بەختىخان بىلەن بۇۋىئايىشەم چۈشلۈك تاماق ئېتىۋاتاتتى. ھاشىمئاخۇننىڭ كەينىدىنلا گەۋدىلىك، سېمىز، ئېڭەك گۆشلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان بىر ئادەم ھويلىغا ئۈسسۈپ كىردى. بۇ ھاۋاز باي ئىدى.

— كېلىڭ باي ئاكا، — ھاشىمئاخۇن ھاۋاز بايغا سالام بەردى.

ھاۋاز باينىڭ قاپىقى تۈرۈك ئىدى. ئۇ ھاشىمئاخۇنغا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ئالايدى:

— مېنى بىلىسەن-ھە ھاشىمئاخۇن. مەن قانداق ئادەم؟ — ھاۋاز باينىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى.

— سىلى دېگەن يۇرتنىڭ كاتتىسى، باي ئاكا. سىلىنى ھەممە بىلىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ.

ھاشىمئاخۇن ھاۋاز باينىڭ نېمە مەقسەتتە بۇ سۆزلەرنى دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي تەمتىرىدى.

— سەنچۇ ھاشىمئاخۇن، سەن قانداق ئادەم؟

— مەن نامرات، ياۋاش ئادەم. كىشىگە يامانلىق قىلمايمەن.

— ئوبدان، بەلەن گەپ. ساڭا دېسەم ھاشىمئاخۇن، ئوغلۇم قىزىڭنى ئالىمەن دەپ يۈرۈپتۇ. بۇ تويغا مەن قوشۇلالمايمەن. قىزىڭغا دە. ئەمدى ئوغلۇم بىلەن قاش-كۆز ئېتىشىپ يۈرۈشمىسۇن.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى باي ئاكا؟ — ھاشىمئاخۇننىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — قىزىم ھايالىق، نومۇسچان قىز. ھەرقانچە بولسىمۇ ئوغۇللىرىغا يېپىشىۋالمايدۇ. ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلمىسىلا.

ھاۋاز باينىڭ قارىمۇتۇق يۈزى تېخىمۇ قارايدى. ئۇ ھاشىمئاخۇنغا يەۋەتكۈدەك ئەلپازدا چەكچەيدى:

— مېنى تۆھمەت قىلىدىك دەۋاتامسەن؟ ئىشەنمىسەڭ ئاشۇ نايناق قىزىڭدىن سوراپ باق. ئوغلۇمنى قانداق ئازدۇردىكىن.

— قىزىمنى پالان-بوستان دەيدىغان ھەققىڭ يوق. مېنى نامرات كۆرۈپ، بوزەك قىلىمەن، دېمە! — ھاشىمئاخۇننىڭ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتتى. ۋۇجۇدى تىترىدى. ئۇ گەپ تۈگىدى دېگەندەك ھاۋاز بايغا تالانى كۆرسەتتى، — كېتىۋال، چىقىپ كەت. مەن ساڭا قەرزدار ئەمەس. ئوغلۇڭنىڭ ئۆيۈم ئەتراپىنى ئەگىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسام ئۇشۇقىنى چېقىۋېتىمەن.

— كۆزۈم پىلدىرلاپلا تۇرىدىكەن قىزىڭنى ئوغلۇمغا ھەرگىز ئەپ بەرمەيمەن، ئاڭلاپ قوي. ۋۇ توخۇ پوقى، ئىنجىمارۇق. . .

ھاۋاز باي ھويلىدىن بوراندەك چىقىپ كەتتى.

بەختىخان بىلەن بۇۋىئايىشەم ھاۋاز باينىڭ سۇر-ھەيۋىسىنى كۆردى. گەپ-

www.uyghurkitap.com

سۆزلىرىنى ئاڭلىدى. بۇۋىشايشەمنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى. بۇ ھالنى كۆرگەن بەختىخان چىدىمىدى. ئۇ ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ ئاللىقاچان كېتىپ قالغان ھاۋاز باينىڭ كەينىدىن ۋارقىرىدى:

— ئۇندلق تاۋى نازۇك ئوغلۇڭنى چېكەڭگە تېڭىۋال. بىزنىڭ بۇۋىشايشەمنى ئالىمەن دەۋلتقان مەھەللىدە نى-نى يىگىتلەر بار، ئۇقۇپ قوي، سامان قورساق ئوغرى.

ھاۋاز باينىڭ سۆزلىرى بۇۋىشايشەمنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن زادىلا كەتمىدى. ئۇ ئەقىل-ھوشىدىن، ھېس-تۇيغۇسىدىن ئايرىلغان ئادەمدەك ئۆزىنىمۇ بىلمىگەن ھالدا ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ، يوغان بىر تېرەككە يۆلەنگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

قاسساپ چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان پىخسىق ئىدى. مەھەللىدە ھېچكىمگە نېسىگە گۆش بەرمەيتتى. ئەمما بەختىخاننى كۆرگەندە بىردىنلا مەردلىشىپ كېتەتتى. بەختىخان خالىسىلا كاناردا ئېسىقلىق تۇرغان ھەممە گۆشنى بېرىۋېتىشكە رازى ئىدى. شۇڭا مۇشۇ كۈنلەردە ھاشىمئاخۇننىڭ ئۆيىدە گۆش-ياغ ئۈكسىمىدى.

قاسساپ ئىلگىرى ھاشىمئاخۇننىڭ ئۆيىگە پۈت دەسسەپ باقمىغانىدى. ئەمدىلىكتە پات-پات كېلىپ ھاشىمئاخۇن بىلەن ئۆزىنىڭ يىراقلىق تۇغقان ئىكەنلىكىنى ئۇزاقتىن-ئۇزاق سۆزلەپ ھاشىمئاخۇنغا كۆڭلىنى ئىپادىلەيتتى. بەختىخان ئۇنىڭ يېنىغا گۆش ئالغىلى بارالمىغان كۈنلەردە ئۇ ئۆزى بىر-ئىككى كىلو گۆشنى كۆتۈرۈپ ھاشىمئاخۇننىڭ ئۆيىگە مېھمانغا كېلەتتى.

— تۇغقان ئەمەسمۇ بىز. بۇرۇن ئىزدەشمەپتىكەنمىز. ئادەم چوڭايغانسېرى تۇغقانلارنى ئويلايدىكەن، سېغىنىدىكەن، — دەيتتى ئۇ ھاشىمئاخۇننىڭ چىراي ئىپادىسىگە سىنچىلاپ قاراپ، — گۆش-ياغ دېسەڭلار مانا مەن بار. گۆش پۇلىنى قاچانلا بەرسەڭلەر بولۇۋېرىدۇ. سۈيلىمەيمەن.

— تۇغقان دېگەن يەنىلا تۇغقاندە، — دەيتتى بەختىخان ئالدىراپ-تېنەپ، — كۆزدە قولىمىزغا پۇل كىرسىلا بېرىۋېتىمىز. شۇنداقمۇ ھاشىمئاخۇن؟

ھاشىمئاخۇن گەپ-سۆز قىلماي، بېشىنى لىڭشىتىپ قوياتتى. ھاشىمئاخۇن قاسساپنى ياقتۇرمايتتى. قاسساپنىڭ قەدىمى ئۇنىڭغا بىرەر شۇملۇق ئېلىپ كېلىدىغاندەك بىلىنىپ كۆڭلى ئارامسىزلىناتتى. ئەمما قاسساپنى قارشى ئالماسلىققا سەۋەب تاپالمايتتى. ئۇ بىلىپ-بىلمەي قاسساپقا كۆپ قەرزدار بولدى. ئۇ بىرەر ئامال تېپىپ قاسساپنىڭ قەرزلىرىنى قايتۇرۇۋېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان بولمىدى.

بەختىخان لەگمەنگە ئۇستا ئىدى. قاسساپ ھەر قېتىم بۇ ئۆيگە كەلگەندە بەختىخان پايپېتەك بولۇپ لەگمەن ئېتەتتى. قاسساپقا بەختىخان ئەتكەن لەگمەن بەك يارايتتى. ھاشىمئاخۇن ئىنجىقلاپ تۇرۇپ ئاران بىر تەخسە لەگمەننى يەپ بولغۇچە قاسساپ شالاپ-شۇلۇپ قىلىپلا ئىككى تەخسە لەگمەننى يۇتۇۋېتەتتى. لەگمەننى يەپ بولغان قاسساپ بۇرۇتلىرىنى تولغاپ، كېكىرىپ، سېمىز بويۇنلىرىدىن ئاققان تەرلىرىنى لۆڭگىسى بىلەن سۈرتۈشكە باشلايتتى. قاسساپنىڭ بەدىنىدىن خام گۆش بىلەن سېسىق تەرنىڭ ھىدى گۇپۇلدەپ پۇرايتتى.

قاسساپ بىر كەلسە ئۇزاق ھايال بولاتتى. قاسساپنىڭ تاغدىن-باغدىن دېگەن گەپلىرىنى بەختىخان بېرىلىپ ئاڭلايتتى. بەختىخان قىزىقىپ ئاڭلىغانسېرى

قاسساپنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەيتتى.

بۇۋىشايىشەم قاسساپنىڭ ئۆزلىرىگە بۇنچىلىك يېقىنچىلىق قىلىشلىرىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى. ئۇ كۆڭلىدە قاسساپنىڭ بۇ ئۆيگە كەلمەسلىكىنى تىلەيتتى. قاسساپنىڭ يالغان كۈلۈشلىرىنى، ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان قاراشلىرىنى كۆرمىسەم دەپ ئويلايتتى.

هاشىمئاخۇن ناهىيە بازىرىغا كەتكەن كۈنى بەختىخان هويلا - ئارامنى پاكىز تازىلاپ، چىرايلىق ياساندى. چۈش بولاي دېگەندە قاسساپ بىر كىلو گۆشنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنى يوقلاپ كەلدى. ئىسسىقتا قاسساپنىڭ گۆشلۈك يۈزلىرى تېخىمۇ قارىداپ كەتكەنىدى. ئۇ هاسىراپ - هۆمىدەپ هويلىغا كىرىپ كەلگەندە بەختىخان چېھرىدىكى نازلىق كۈلكىسىنى يوشۇرالمىدى.

— هاشىمئاخۇن ئۆيدە يوق. بۇۋىشايىشەمنى يالغۇز قالمىسۇن دەپ گۆش ئالغىلى يانلىرىغا بارالمىدىم. سىلىنى ئاۋارە قىلدۇق.

بەختىخان قاسساپنىڭ قولىدىكى گۆشنى ئېلىپ بۇۋىشايىشەمگە تۇتقۇزدى. قاسساپ تويى بولغان كېلىندەك ياسىنىۋالغان بەختىخانغا قاراپ هىجايدى. قاسساپنىڭ بۇ هالىتى بۇۋىشايىشەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرۈپ، چىۋىن يەۋالغاندەك بىئارام قىلدى.

— هاشىمئاخۇنمۇ - زە قانداق ئادەم ئۇ. ئىش - پىش بولسا هاي دېمەي، — قاسساپ هويلىدا ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرغان بۇۋىشايىشەمگە سىنچى كۆزى بىلەن قاراپ قۇرۇق يۆتىلىپ قويدى.

— ۋاي ئۇنداق بولامدىغان، — دېدى بەختىخان ئۇنى ئۆيگە باشلاپ، — يالغۇز يۈرۈپ كۆنۈپ قالغان ئادەمكەن.

بەختىخان لەگمەن ئېتىشكە تۇتۇندى. قاسساپ هېچ تۇزۇت قىلمايلا ئۆينىڭ تۆرىگە چىقىپ ياستۇققا يانپاشلىدى. تىنجىق ئىسسىقتا قاسساپ تەرلەپ كەتكەنىدى. كىچىككىنە ئۆينى بىردەمدىلا خام گۆش بىلەن سېسىق تەرنىڭ هىدى قاپلىدى.

بۇۋىشايىشەم كۆردى، سەزدى. قاسساپ كۆزىنى بەختىخاندىن ئۈزەلمەيتتى. قاسساپنىڭ كۆزلىرىدىكى ئېچىرقاش ۋە تەشنالىقنى كۆرگەن بەختىخان يوشۇرۇن ۋە پىنهان جىلمىيىشلىرى بىلەن قاسساپقا جاۋاب قايتۇردى.

بۇۋىشايىشەم سۇ ئالغىلى سىرتقا چىقىپ كەتكەندە تاقەت قىلالمىغان قاسساپ بەختىخاننى قۇچاقلاپ كاڭغا باستى.

— ئانامەي، چىلىسىلا دەيمەن. بۇۋىشايىشەم هېلى كىرىدۇ، — بەختىخان قاسساپنىڭ سېمىز بەدىنى ئاستىدا تېپىرلاپ دېمىنى ئالالماي قالدى.

— جېنىم، بىرنى سۆيىۋالاي، — قاسساپ دورداي كەلپۈكلىرى بىلەن بەختىخاننىڭ لەۋلىرىگە، يۈزلىرىگە، بويۇنلىرىغا سۆيۈۋېلىپ ئورنىدىن تۇردى.

— تۈنۈگۈن خەۋەر بەرگىنىم قېنى. بۈگۈن ۋاخ كەلدىڭىز ئەجەب؟

— سويغان كالىنىڭ گۆشى سېتىلماي جېنىم، ۋاخ قالدىم.

— كەلمەمدىكىن دەپتىمەن تېخى.

— كەلمەمدىغان. ئەتكەن لەگمىنىڭگە ئامراق بولۇپ قاپتىمەن جېنىم. سېغىنىپ كەلدىم شۇ لەگمىنىڭنى.

— مېنى سېغىنمىدىڭما؟

— سېغىنىپ ئۆلەي دېدىم. هالىم خاراب...

— ئۆل ئەمىسە.

— ئۆلسەممۇ ساڭا قېنىۋېلىپ ئۆلەي جېنىم.

— ئاستا گەپ قىل ئوغرى. بۇۋىشايىشەم ئاڭلاپ قالىدۇ.



www.uyghurkitap.com

— ھا... ھا... ھا

قاسساپنىڭ بوم كۈلكىسىگە بەختىخاننىڭ جاراڭلىق، شوخ كۈلكىسى قوشۇلۇپ كەتتى. ئىككىيلەننىڭ قىزغىن ئەمما ھاياسىز كۈلكە ـ چاقچاقلىرى بۈۋىئايىشەم ئۆيگە كىرگەندىلا بېسىقتى.

بۈۋىئايىشەم قاسساپنىڭ تاماقىنى كالا ھەلەپ يېگەندەك مالاچلىتىپ يالماپ يېيىشلىرىگە چىداپ ئولتۇردى. قاسساپنىڭ كۆزلىرى ھەممىنى بىراقلا دەم تارتىپ كېتىدىغاندەك ھاياسىز پارقىرايتتى. بەختىخاننىڭ لەڭمىنى بىلەن قورسىقىنى تويغۇزغان قاسساپ كېتىشكە ئالدىرىماي بەختىخان بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. بەختىخان تېتىك، خۇشال كۆرۈنەتتى. چېھرىدىن تاتلىق كۈلۈمسىرەش كەتمەيتتى. بۈۋىئايىشەم بەختىخاننىڭ بۇ ھالىتىنى ئۇ بۇ ئۆيگە كەلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى. بۈۋىئايىشەمنى تۇرۇپلا ئاچچىق يىغا تۇتتى. ۋۇجۇدى مۇزلىدى.

قاسساپ كەتتى.

شۇ كۈنى بۈۋىئايىشەم بەختىخاننىڭ كۆزلىرىدىكى ھاياجان نۇرلىرىنىڭ ئۇزاققىچە ئۆچمىگەنلىكىنى كۆردى. بەختىخاننىڭ چېھرىدە قېتىپ قالغان كۈلۈمسىرەش بۈۋىئايىشەمنىڭ يۈرىكىگە يىڭنىدەك سانجىلدى.

بۈۋىئايىشەم ئەخمەتنى ئۇنتۇپ كېتىشكە، ئۇنى ئويلىماسلىققا قانچە تىرىشسىمۇ ئۇنتۇيالمىدى. ئەخمەتمۇ ھاشىمئاخۇننىڭ ھويلىسىنى ئەگىپ كېتەلمىدى. ئۇ كېچىلىرى مۇڭلۇق ناخشىلىرى بىلەن بۈۋىئايىشەمنى سىرتقا چاقىراتتى. بۈۋىئايىشەم يا سىرتقا چىقالمايتتى، يا ئۇخلىيالمايتتى. ھاۋاز باينىڭ ئاچچىق گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە قايتا جاراڭلاپ، ئۇنى ئېيتقۇسىز ئازابلايتتى. ئۇ كۈندۈزى سىرتقا چىقسىمۇ ئەخمەتنىڭ ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

بىر كۈنى جەمىلەم بۈۋىئايىشەمنى ئىزدەپ كېلىپ ئەخمەتنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىر كۆرۈشكىسى بارلىقىنى ئېيتتى. بۈۋىئايىشەم ئۇنىمىدى.

— ئۇ سېنى ياخشى كۆرىدۇ، — دېدى جەمىلەم، — ئاڭلىسام سېنى دەپ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

جەمىلەنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بۈۋىئايىشەمنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ ئارامسىزلاندى.

ئىككىنچى كۈنى ئەخمەت مەھەللە بىلەن قوناقلىق ئارىسىدىكى چىغىر يولدا قوناقلىقتىن ئوت ئېلىپ قايتىپ كېلىۋاتقان بۈۋىئايىشەمنى توسىۋالدى.

— سەن ماڭا ئۆچمۇ؟ — دېدى ئەخمەت بۈۋىئايىشەمنى ماڭغىلى قويماي، — مەندىن رەنجىمە. ھەممىنى قىلغان شۇ دادام. مەن سېنى ئۇنتۇمىدىم.

— مېنى ئىزدىمە، خوش، — بۈۋىئايىشەم ماڭماقچى بولۇۋېدى، ئەخمەت ئۇنىڭ ئوت قاچىلانغان خالتىسىنى تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمىدى. بۈۋىئايىشەمنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىلدايتتى.

— مەن بىلەن كېتىشنى خالامسەن؟ يىراقلارغا كېتىمىز.

— خالتامنى قويۇپ بەر.

— جاۋاب بەرمىسەڭ قويۇۋەتمەيمەن.

— سەن بىلەن ھېچيەرگە بارمايمەن. مەن سېنى ئۇنتۇپ كەتتىم...

— سەن نېمىشقا مەن بىلەن كېتىشنى خالىمايسەن؟

بۈۋىئايىشەم گەپ قىلماي ئوت خالتىسىنى كۆتۈرۈپ كېتىپ قالدى. ئەخمەت ئۇنىڭ كەينىدىن ۋارقىرىدى:

— سەن پۇشايمان يەيسەن. مەن سەن كۆرەلمەيدىغان يەرگە كېتىمەن.

شۇ كۈنى كېچىدىن باشلاپ ھاشىمئاخۇننىڭ ھويلىسى ئەترىپىدا ناخشا ئاۋازى ئاڭلانمىدى.

بىر جۈمە كۈنى جەمىلەم كىچىك ئىنىسىدىن بۇۋئايىشەمنى ئۆيىگە چاقىرتتى. بۇۋئايىشەم جەمىلەنىڭ بىرنەچچە كۈندىلا ئورۇقلاپ، مەيۈس، غەمكىن بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردى.

— توي قىلغۇدەكمەن، — جەمىلەم ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆزلىرىدىكى ياشنى يوشۇرالمىدى.

بۇۋئايىشەم ئىشەنمىدى. جەمىلەمنىڭ تېخى لايىقى يوق ئىدى.

— يالغان ئېيتىسەن.

— يالغان ئەمەس، مەنمۇ تۈنۈگۈن ئۇقتۇم.

جەمىلەمنىڭ بىچارە ھالىتى، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاشلىرى بۇۋئايىشەمنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئەزدى. ئۇ جەمىلەمنىڭ راستتىنلا توي قىلىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ ھاڭ - تاڭ قالدى.

— كىم بىلەن توي قىلىسەن؟

— ئۇقمايمەن، دادام دەپ بەرمىدى.

— ئۇنىمىساڭ بولمىدىمۇ؟

— ئۇنىمىسام دادام ئۇردى.

— ئاپاڭغا دە.

— ئاپاممۇ ماقۇل كېپتۇ.

بۇۋئايىشەم جەمىلەمگە قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلەلمىدى. ئۆزى تونۇمىغان ئادەمگە ياتلىق بولۇش نېمىدېگەن ئازابلىق - ھە. مەنمۇ ئاشۇنداق تونۇمىغان كىشىگە ياتلىق بولۇپ قالارمەنمۇ؟ ئۇنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى.

— نەچچە كۈن ئاۋۋال ئەخمەت مېنى ئىزدەپ كېتىپتىكەن، — دېدى جەمىلەم بۇۋئايىشەمگە شۈرلاپ، — ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كېتىمەن دەيدۇ. ساڭا دەپ قويۇشۇمنى ئېيتقان. بەلكىم بۇ چاققىچە كەتكەندۇ.

بۇۋئايىشەم ئىچكىرى ئۆلكە دېگەن يەرنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. بەلكىم بۇ يەرلەردىن بەك يىراق بولسا كېرەك. ئۇ مەھەللىدە شاكىر توقماق دېگەن كىشىنىڭ ئىچكىرىگە كېتىپ ھازىرغىچە ئىز - دېرىكى بولمايۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان. ئەخمەتمۇ شۇ كەتكىنىچە ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كېتەرمۇ؟ ئاۋادا ئەخمەت بىلەن بىللە كەتكەن بولسا قانداق بولاردى؟ ياق، ئۇ كېتەلمەيدۇ. مۇشۇ مەھەللىنى، دادىسىنى تاشلاپ ھەرگىز كېتەلمەيدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئەخمەتنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىدىن ئەمەس. دادىسىنى قايتا كۆرەلمەسلىكىدىن قورقىدۇ.

ئۇ قايتقۇچە يولدا كېتىۋېتىپ ئەخمەت بىلەن تونجى ئۇچراشقان ئاشۇ كۈننى ئەسلەپ قەلبى ئۆرتەندى.

ھەپتە ئۆتۈپ جەمىلەم يېشى قىرىقتىن ئاشقان بىر موللىغا ياتلىق بولدى. تويدا ھېچقانداق ناخشا - ساز بولمىدى. جەمىلەمنىڭ قىز دوستلىرى، مەھەللىدىكى يىگىتلەر بالدۇرلا تاراپ كېتىشتى. بىر توپ قېرى خوتۇنلار جەمىلەمنى تراكتورغا سېلىپ موللىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ ماڭغاندا بۇۋئايىشەم بىردىنلا ئۆزى بىلەن سىردىشىدىغان، مۇڭدىشىدىغان ھېچكىم قالمىغانلىقىنى ئويلاپ غېرىبسىنىپ قالدى. ئىلگىرى ئۇ جەمىلەم بىلەن بىللە توي - تۆكۈنلەرگە باراتتى، بىللە قايتاتتى. ئەمدى مەھەللىدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدىغان جەمىلەم يوق. مۇڭلۇق ناخشىلىرى بىلەن ئۇنى ئۇخلاتمايدىغان، ئوتلۇق بېقىشلىرى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالىدىغان ئەخمەتمۇ ئەمدى بۇ مەھەللىدە يوق. ئۇنىڭغا



www.uygurkitap.com

قالغىنى چەكسىز غېرىبلىق خالاس.

مۈشۈ كۈنلەردە كېچىسى ھاشىمشاخۇننىڭ ھويلىسىغا نەچچە قېتىم ئوغرى چۈشتى. ئەمما ئوغرى ھېچنېمىنى ئوغرىلىمىدى. ھاشىمشاخۇن باشتا ھەيران بولدى. كېيىن ئۇنىڭ ھەيرانلىقى بارا - بارا بىر گۇمانغا، بىر تەشۋىشكە ئۆزگەردى. ئۇ بۇ ئوغرىنى تۇتۇش ئۈچۈن خېلى تىرىشىپ باقتى. ئوغرىنىڭ گېپى بولسىلا بەختىخاننىڭ چىرايى ئۆزگىرەتتى. كۆزىنى ھاشىمشاخۇندىن ئەپقاچاتتى.

ھاشىمشاخۇن ئېتىزدىكى قوناققا سۇ تۇتقىلى كەتكەن بىر كېچىسى ئوغرى ھويلىغا يەنە چۈشتى. بۇۋىئايشەم تېخى ئۇخلىمىغانىدى. ئۇ بىر قارا گەۋدىنىڭ تام ياقىلاپ بەختىخان ياتقان ئۆي تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى دېرىزىدىن ئېنىق كۆردى. بۇ قارا گەۋدە قاسساپقا بەك ئوخشايتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇۋىئايشەم بەختىخانغا چىراي ئاچمىدى. ئەمما ئۇ بۇ توغرۇلۇق دادىسىغا ھېچنېمە دېمىدى. كۆرگىنىنى، ئويلىغىنىنى ئىچىگە سىڭدۈرۈۋەتتى.

قاسساپنىڭ گۆشلىرى بەختىخاننى ئوبدانلا سەمرىتتى. بەختىخان تېخىمۇ تولۇپ چىرايلىقلىشىپ كەتتى. تارىنىپ - ياسىنىشلىرىمۇ ئىلگىرىكىدىن كۆپەيدى. گاھىدا خۇشلۇقى تۇتۇپ قىز چاغلىرىدىكىدەك ئىشق - مۇھەببەت ناخشىلىرىنى ئېيتىپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە ھاشىمشاخۇن بارغانسېرى ئورۇقلاپ مۈكچىيىپ كەتتى. كۈن بويى ئېغىر غەم بېسىۋالغاندەك تاماكىسىنى تارتىپ، غېرىبسىنىپ ئولتۇراتتى. بۇۋىئايشەمگىمۇ ئارتۇق گەپ - سۆز قىلمايتتى. قاچانلا قارىسا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن غەم - ئەندىشە، تەشۋىش كەتمەيتتى. ئۇ بىر بوۋلىغىلا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى.

تەقدىر - پېشانە شۇ بولسا كېرەك. بۇ ئىش شۇنداق تاسادىپىي يۈز بەردى. سېنتەبىر ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ئىدى. بەختىخان قوناقلىققا ئوت ئالغىلى كېتىپ ئۇزاققىچە قايتىپ كەلمىدى. بىر چاغ سىرتقا چىقىپ كەتكەن ھاشىمشاخۇن ئالدىراش ھويلىغا كىردى - دە، تامدىكى قوزۇقتا ئېسىقلىق تۇرغان ئورغاقنى زەرب بىلەن تارتىپ ئېلىپلا يەنە سىرتقا يۈگۈردى. بۇۋىئايشەم ھېچنېمىنى بىلەلمەيلا قالدى. ئۇ پەقەت دادىسىنىڭ قەھرلىك چىرايىنى، كۆزلىرىدە كىشىنى شۈركەندۈرىدىغان بىر سوغۇق نۇرنىڭ يالتىراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە ھەمراخان ئۆكسۈلى يوق ھويلىغا ئۇسۇپ كىردى.

— چاققان بول قىزىم. دادىڭ قوناقلىقتا... بەختىخاننى...

بۇۋىئايشەم قوناقلىققا يېتىپ بارغاندا ھەممە ئىش ئاخىرلاشقانىدى. ئۇ قوناقلىقتا كېلىپلا قىپقىزىل قانغا مىلىنىپ ياتقان بەختىخاننى كۆردى. ئۇنىڭ كۆزىگە شۇ ھامان قىزىللىق تىقىلدى. پۈتكۈل جاھان قىپقىزىل رەڭگە كىرگەندەك، قوياشنىڭ نۇرلىرىمۇ، قوناقلارنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ، ئادەملەرنىڭ چىرايىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە قاندەك قىپقىزىل كۆرۈندى. بىر توپ ئادەم جەسەتكە قاراپ تۇرۇشاتتى. بەختىخاننىڭ تىلىۋېتىلگەن بويىندىن، بەدەنلىرىدىن ئاققان ئىسسىق قان سېغىز توپىنىڭ يېرىقچىلىرىغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. كىمدۇر بىرى بەختىخاننىڭ قانغا مىلىنىپ كەتكەن ئۇزۇن چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، يىرتىلىپ كەتكەن كۆڭلىكىدىن كۆرۈنۈپ قالغان ئەمچىكىنى ياغلىقى بىلەن يېپىپ قويدى. بەختىخاننىڭ لەۋلىرىدە، ئوچۇق قالغان كۆزلىرىدە بىر شېرىن دەمنىڭ تەسىرى

كەتمىگەندەك ئىپادە قېتىپ قالغانىدى.

— پاسكىنا خوتۇن، ئۆلگىنى ياخشى بولۇپتۇ.

— ھاشىمشاخۇن ئەردەك ئىش قىپتۇ.

— خۇدايىم توۋا، بەختىخاننى بۇنداق قىلار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن.

— قاسساپنىمۇ كالا بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلىۋەتسە بوپتىكەن.

— ھاشىمشاخۇن نەگە كەتكەندۇ؟

— قاسساپنى ئىزدەپ كەتكەنمىدۇيا.

— قاسساپ قېچىپ كېتىپتۇدەك.

كىشىلەر غۇلغۇلا قىلىشىپ، بەختىخاننى، قاسساپنى قارغايتتى.

«بۇ مۇمكىن ئەمەس. مەن ئىشەنمەيمەن. دادام ھەرگىز ئادەم ئۆلتۈرمەيدۇ» بۇۋىئايشەم ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق پىچىرلاپ، كىشىلەر توپىدىن دادىسىنى ئىزدىدى. ھاشىمشاخۇن ھېچيەردە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ دادىسىنىڭ بەختىخاننى ئۆلتۈرۈۋېتىشىگە ئىشىنەلمەيۋاتاتتى. ئەمما ئىشەنمەيمۇ ئامال يوق ئىدى. ئۇ دادىسى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتكەن ئورغاقنى تونۇدى. ئورغاق جەسەتتىن بىر چامدام يىراقلىقتا سېغىز يەرگە قادالغىلىق پېتى تۇراتتى. ئورغاقنىڭ ئۆتكۈر بىسىدا، ساپىقىدا قان ئۇيۇپ قالغانىدى.

كۈز كەلدى. ھاشىمشاخۇننىڭ ھويلىسىدىكى ئۈجمە دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

بۇۋىئايشەم دادىسىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئۇزاق كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى. ساقچىلار دادىسىنى ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭغاندا، ئۇ بۇۋىئايشەمگە «مەن ئاز كۈن ئۆتۈپ قايتىپ كېلىمەن» دېگەنىدى. دادىسى شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكىدىن قەتئىي، مەغرۇر كۆرۈندى. قىلغان ئىشىغا قىلچە پۇشايمان قىلغاندەك ئەمەس ئىدى.



ئۇ دادىسىغا ئىشىنەتتى. دادىسى ئۇنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيتتى. ھەمراخانمۇ «داداڭ چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ. ساقچىلار ئۇنى قويۇۋېتىدۇ» دەپ بۇۋىئايشەمنى ئۈمىدلەندۈرەتتى. كۆڭلىنى ياسايتتى. شۇڭا ئۇ ھەر كۈنى تاڭ ئاتسىلا ھويلا ـ ئارامنى پاكىز تازىلاپ، چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپ دادىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى.

— ساڭا راست گەپنى دەي، — دېدى بىر كۈنى ھەمراخان بۇۋىئايشەمگە، — مەن ئاڭلىدىم. سېنى ئەمدى ئالدىسام بولمايدۇ. داداڭ قايتىپ كېلەلمەيدىغان ئوخشايدۇ.

بۇۋىئايشەمنىڭ يۈرىكىدىن بىر ئاچچىق يىغا ئۆرلەپ چىقىپ بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالدى. چوڭقۇر ھاڭنىڭ ئالدىدا

تۇرغان ئادەمدەك چىرايى تاتاردى. ئۇ ئىشەنمەدى. نەچچە كۈنلەرگىچە ھەمراخاننىڭ سۆزلىرىدىن گۇمانسىراپ يۈردى. ئۇ دادىسىنىڭ ئەمدى قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەلمەيۋاتاتتى. ئۇ بۇ ئىشلارنى بىر چۈش بولۇپ قالسىكەن دەپ ئويلايتتى. ئەمما بۇ چۈش ئەمەس ئىدى. ھەمراخان ئېيتقاندەك ئۇ بۇ چۈشتىن مەڭگۈ ئويغىنالمايتتى. ھەمراخان ئۇنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

قوناق ئورمىسىدا مەھەللىدىكى بىرنەچچەيلەن ئۇلارنىڭ قوناقلىرىنى ئوروپ ھويلىسىغا تۆكۈپ بەردى. ھەمراخان ئۇنى تاماققا چاقىرىپ تۇردى. ئۇ قانچىلىغان كېچىلەرنى قورقۇنچ ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ قەلبى بارغانسېرى مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىلگىرى تاتلىق خىياللىرى، شېرىن كۈنلىرى بولغان. باھار قۇياشىدەك ئىللىق، مېھرىبان ئانىسى، تاغدەك يۆلەنچۈك دادىسى بولغان. ئەمدىچۇ؟ ھاياتنىڭ ئۇنىڭغا بېرىدىغان خۇشاللىقى شۇنچىلىكمىدۇ؟

ئۇ بۈگۈن باش توخۇ چىللىماستىنلا ئورنىدىن تۇردى. كەچ كۈز بولغاچقا ھاۋا سوغۇق ئىدى. كېچىچە شامال چىقىپ ھويلىدىكى ئۈجمە دەرىخىنىڭ شاخلىرىدا بىر تالمۇ يوپۇرماقنى قويماي تۆكۈۋەتكەنىدى. بۈۋئايشەم ئەڭ ئاخىرقى غازاڭلارنى پاكىز سۈپۈرۈپ، ھويلا بۇلۇڭىغا دۆۋىلەپ قويدى. ئۇ چاچلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تۇزمىشتۇردى ۋە تۈنۈگۈن كەچتە چىگىپ قويغان بوپىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ ھويلىدىن چىقتى-دە، ئۇدۇل قەبرىستانلىق تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

—ئانا، مەن كەتتىم. سېنى تاشلاپ كېتىدىغان بولدۇم، — دېدى ئۇ ئانىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، — نەگە بارىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. بەلكىم ئىچكىرىگە، ئەخمەتنىڭ قېشىغا بارارمەن. سېنىڭ ئىللىق چىرايىڭنى، دادامنىڭ مۇڭ باسقان كۆزلىرىنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمەن.

ئۇ ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىدىن بىر ئوچۇم توپىنى ئېلىپ ياغلىقىغا چىگىۋالدى.

شەرق ئاسمىنى ئاقىرىشقا باشلىدى. مەھەللە تەرەپتىن ئىتلارنىڭ ھاۋشىشلىرى، خورازلارنىڭ چىللاشلىرى ئاڭلىنىپ يېڭى بىر كۈننىڭ باشلانغانلىقىدىن بېشارەت بەردى. ئۇ مەھەللە تەرەپكە ئۇزاق قاراپ تۇردى. تالاي قېتىم ئۈجمىسىنى يەپ، غازىڭىنى سۈپۈرگەن ئۈجمە دەرىخىنى، نۇرغۇن خۇشاللىقلىرى، ئازابلىرى سىڭىپ كەتكەن پاكار سوقما تاملىق ئۆيىنى ئىزدىدى، ئەمما سانسىز ئۆيلەر ئارىسىدىن، بۈككىدە دەل-دەرەخلەر ئىچىدىن ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمىدى.

ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۈۋئايشەم ناھىيە مەركىزىگە بارىدىغان توپىلىق يولنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان ناتونۇش مەنزىلنى كۆزلەپ مەھەللىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى...

*(ئىلپىنور قومۇل شەھىرى شەرقىي ئۆستەڭ رايونى ئوردا كىنت ئاھالىلەر كومىتېتىدا)*

مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە






ساق ئاتمىش بەش يىل ئۆتتى ئارىدىن،
نەنجىڭدىكى قىرغىن... يۈرەكتە ئەلەم.
پۈتمەس تاتۇق قالدى كونا يارىدىن
نەنجىڭ پاجىئەسىدىن يىغلايدۇ قەلەم.

گەر ئاغرىق توختىدى، لېكىن شۇ ئاغرىق
يۈرىكىم تەكتىدە بەئەينى ۋۇلقان.
قەلبىمگە مۇھەببەت بەرگەچ ۋەتەن لىق،
سۆيگۈنى ئېلىمگە قىلاي ئارمىغان.

1

مەن ئۇ مۇدھىش زامانىنىڭ قايسى كۈنلىكىن،
سەھەر يا كەچقۇرۇن زىنهار بىلگۈم يوق.
تارىخنىڭ بېتىدەك سۆڭەك پارچىسى،
قىلىچتا يالت ـ يۇلت قىلغان سوغۇق نۇر،
بوۋاقلارنىڭ ئاۋازى، چانالغان بەدەن،
ياۋۇزلۇقتا پەردە بولغان قاراڭغۇ
قىلدى يۈرىكىمگە غەزەپ تەسەددۇق.

شۇ كۈن ئۇيۇق يۈزىدە قاننىڭ رەڭگى،
بىنەپشىرەڭ ھىجايغان قانلىق قۇياش.

ئاق قەغەز، ئاپئاق كۆڭۈل تىنچلىق ئەسلىي،
لېكىن، نەيزە بويى ئېگىز ئاق تۇغنىڭ
مەركىزىدە تىمساھنىڭ قانلىق ئاغزى.

تىرنىقىدا قان بىلەن بويالغان تاش،
زەيتۇن چىشلىگەن كەپتەر قوندى نەگە؟
قىتئە ـ قىتئەلەردە ھۇۋلايدۇ بوران.
بۇ يەردە ئۆلۈم، قىرغىن، تۈپسىز ۋەھىمە،
قۇترىيدۇ دېڭىزدىن ئاتلىغان ھايۋان.

تۇپراقنى قۇچاقلىدى ئۇچ يۈز مىڭ تەن،
تۇپراق قۇچاقلىدى ئۇچ يۈز مىڭ جاننى.
قاننىڭ ھىدى بىلەن پۈركەنگەن كۈندۈز،
ئىس ـ تۈتەك بىلەن چۇلغانغان كېچە،
تىنچ ئوكيان كۆردى خۇاڭپۇجياڭدىن
بىگۇناھ ئېقىپ كەلگەن قىزىل قاننى.

قان يەرگە يامرىدى، نەپرەت قالدى ماڭا،
جەسەت يەرگە كۆمۈلدى، غەيرەت قالدى ماڭا.
ۋەتەن ئاياغ ـ ئاستى بولغان ئۇچ كۈندە

ئۈچ يۈز مىڭ تامچە قان كۆپەيدى ماڭا.
مەن تۇپراقتىن كەلگەن، تۇپراق بولدۇم،
نەنجىڭ بىر تېگى بولدى جىسمىمنىڭ،
دېمەك، ئۈچ يۈز مىڭ ئادەم كۆمۈلدى ماڭا.
قان يەردە، جەسەت يەردە، مۇقەددەس روھ،
ئەبەدىلئەبەدلىك ياماشتى ماڭا.
تومۇرۇمدا مەۋج ئۇرغان زېمىن ئىشقى
مۇھەببەت يارالتتى مەندىن ئانامغا...

2

ئالدىمدا جەسەتلەر تاشلانغان ئورەك،
پارچىلانغان بەدەن ئويغاتتى مېنى.
كۆز ئورنىدىكى كامارىدىن يانغان ئىلتىجا
ۋىجدانىنى سوراقلاپ قويىدۇ سوئال،
دېگەندەك بۇ قانلىق جاي، كىمنىڭ ۋەتىنى؟

سۇمۇرغ بەش يۈز يىلدا كۆيۈپ بىر قېتىم،
تاپارمىش ئۆزىگە يېڭىچە ھايات.
بىزنى ھەر كۈندە بىر كۆيدۈردى تارىخ،
بىز تارىخنى ھەر كۈن بىر رەت كۆيدۈرگەن.
شۇ يالقۇن، شۇ مىنۇت ئويغاق ئەقىدە
يۇلتۇزلارنى ھوشىدىن كەتكۈزگەن نىدا،
ئاينى سوغۇق قىلىپ قويغان ئاشۇ ئوت،
زۇلمەت چوغىدا كۆيگەن ئەزىم دەريا
تۇغۇپ بەردى بۈگۈن تۈمەن مىڭ پەرھاد.

ۋۇجۇد سىلكىنىشكە سېكۈنت كۇپايە،
سۇبھىدىن شامغىچە دېڭىزلار ئورمان.
بوران - چاپقۇن دېگەن پەرزەنتكە سىناق،
ۋەتەن ھىجرانىدىلا ئورنىدىن تۇرغان.
قانچە ئاتمىش بەش يىل ئۆتىدۇ يەنە،
جەننەت بوسۇغىسىدا قانچە جىنايەت.
مەلئۇنلار پەردازلاپ باقار ئۆزىنى،
قىيامەت مۈشۈكى بولىدۇ، لېكىن،
دىلىمدىن ئۆچمەيدۇ قىرغىن دېگەن خەت.

ئەسلىمەمنى باللىقتا ياندۇرغان ماكان،
ۋاقىت ئۆتكۈزىدىن ئىزدىمەن پاكىت.
قورۇقلىرىغا چىدام يوشۇرغان شەرق
ئۆتمۈشنى نەزەردىن قىلمايدۇ ساقىت.
سۇندۇرماق بولسا كىم مىللەتنى، ئالدىن
تارىخنى سۇندۇرۇشنى قىلغان ئادەت.
يوقسۇن، ئەقىل - ئىدراك دائىم قاندىن،
تارىخ ۋەتەن سۆيمەك ئۈچۈن دالالەت.

3

چاڭجياڭ دولقۇنىدا قەدىمىي شاۋقۇن،
ئىڭەلەپ كۆكسۈمدىكى كونا غۇرۇر
قىرغاقتىكى گىياھلارغا سۆزلەيدۇ قىسمەت.
ئۇنتۇلاي دەپ قالغان ئۆلۈكلەر ئىسمى
قاتىل قىلمىشىدىن تاپىدۇ قىممەت.

ئاتمىش بەش يىل بۇرۇن كۆيگەن دەرەخ،
ماڭا ئېشىپ قالغان شاخلىرىدا داغ.
مەيىن شامال ئۇدۇلىدۇ ئەركىلەپ
ئېچىشتۇرىدۇ گويا يارامنى،
تۇز قويغاندەك، ئوت ئۈستىگە قويغاندەك ياغ.
قارايغان جايلىرى خۇددى شۇ كېچە،
ئېگىلگەن قەددى شۇ كۈندىكى دەرد.
سويۇلغان قوۋزىقى كۆيگەن تېرە
ئېچىلغان يىلتىزى شۇ كۈنكى ھەسرەت.
زېدە بولغان يېرى ئوقنىڭ ئىزناسى،
تىلىنغان جايى قىلىچتا يېزىلغان خەت.
ئېھتىمال ئۇ شۇ دەم نەچچە پارچە،
نەچچە پارچە بولۇپ كەتكەن ئەت...

تۈپتۈز قەبرىلەردىن ئۇچقان چاڭ،
قۇشقاچلار يەم بىلىپ چوقۇپ يېگەن دان.
ئەتراپىمدا پىنھان ئۆرلىگەن مانان،
ئۆلمەس شىجائەتنى ئېيتىدۇ بايان.

شۇ كۈنكى قىزىل قاندىن بۈگۈن چوغلۇق،
شۇ كۈن قان ئىچكەن قۇياش چىقىدۇ ھەر تاڭ.

چاراقلىغان نۇرى چېھرىگە نىقاب،
كەچۈرگۈسىز گۇناھنى بىلمىدىكىنتاڭ؟

4

قورال قولىنى كەتتى، خورلاندى تەن،
بەش مىڭ يىللىق ھۆرمەت پۈتۈن قالدى.
رەقىب ئايىغىدا چەيلەندى ۋەتەن،
شىردەك ئويغىنىپ مىللەت پۈتۈن قالدى.
ھېلىمۇ بىزدىكى قان سۈدىن ئېغىر،
تاغ كەبى مۇھەببەت پۈتۈن قالدى.
ئاغرىق توختىدى گەرچە ساقايدى يېغىر،
لېكىن ياۋلارغا نەپرەت پۈتۈن قالدى.

5

بىر سۆيگۈ روھىمنى چىقاردى ئەرشكە
كۆكۈل كۆزنىكىمدە مىڭ بىر رىۋايەت.
ئەسىر قۇرلىرىدا ئىزگۈ مۇئەمما،
سانايمەن قانچە بەخت، قانچىلىك كۈلپەت.
تۈنجى تاڭدا يوقالدى ئاخىرقى كېچە،
ئاخىرقى كېچە كېتىپ تۈنجى سەھەر.
سالام ساڭا ئەزەل ئەجدىھا ـ يولۋاس،
شەمشەر ئويناتقان قەھرىمان شەھەر.
يەتتە كۈندە ئالەم يارىتقان يەھۋە،
سېنىڭ پېشانەڭدە ھەر كۈن بىر داستان.
كۈلۈپ تۇرغان شەھلا چىرايىڭ
ئەمەسمۇ شۇ ۋىجدان، ئەمەسمۇ شۇ كان؛
قايتا يانغان يۇلتۇز بۈگۈن كۆكتە،
بىر چاغ چىقمىغان ئاي بۈگۈن تولۇن.
شۇ كۈن كۆيگەن ئوت تېخى ئەستە،
شۇ كۈن ئاققان ياخشى بۈگۈن يولۇڭ.

6

(سۈن جۇڭشەن مەقبەرىسى)

دەرىخا، قەلبىمدە ئەجەب ئېپتىخار،
ئالدىمدا ئۈچ يۈز توقسەن ئىككى پەلەمپەي.
قارايمەن تۆپىلىك ئۈستىگە ھەر بار،
كىملەر ئەپسۇن ئوقۇپ ئۇخلاتقان مېنى،
تارىخنى كىملەر ئەتكەن ئىدىكىن ئەللەي؛
ئاخىرقى پەلەمپەيدە ھۆر كىرىگەن شىر،
ئاخىرقى پەلەمپەيدە بەش مىڭ يىللىق نام.
ئاخىرقى پەلەمپەيدە دەسلەپكى شېپە،
ئاخىرقى پەلەمپەيدە بىر ساھىبقىران.
ئاخىرقى پەلەمپەيدە بىرىنچى پاي ئوق،
بىرىنچى پەلەمپەي سۆكۈتتا قالغان.
ئاخىرقى پەلەمپەيدە تۈنجى ئۇلۇغلۇق،
ھەممە پەلەمپەيدە بىر تامچىدىن قان.

مېيخۇا تېغى بۇ دەم ئېگىلگەن پەسكە،
كۆزنىڭ سىم ـ سىم يامغۇرى قىيادىكى ياش.
يول بويى تەزىمدە تۇرغان ھەيكەللەر
زامان غوۋغاسىغا شاھىت بولغان تاش.
ئىبادەتخانىلارنىڭ غىشلىرىدا مۇڭ،
قوڭغۇراق ئۈنىدە زەئىپ بىر ئايەت.
سۈدەك سۈپسۈزۈك تاۋۇتتىن بۈدەم
ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ غالىب ھىدايەت...

7

(زۇڭتۇڭ مەھكىمىسى)

بۇ سوزۇنچاق ئۆي سىرلىق بىر كىتاب،
سىرىق ۋاراقلىرىدا يىللارنىڭ ئىزى.
تارىخ سايىسىدا يىگىلگەن تاپ ــ
كەبى قوش دەرۋازا دوزاخنىڭ كۆزى.

ئۇ ئەمدى شاھلارنىڭ ئوردىسى ئەمەس،
ئەمەس تەيپىڭ تيەنگو ئولتۇرغان بىنا.
شان ـ شۆھرەت دولقۇنلاردا چۆكۈپ كەتكەن،
ھۆجرىلار قوينىدا ساناقسىز گۇناھ.
ئۇ ئەمدى زۇڭتۇڭلار ھويلىسى ئەمەس،
ئەمەس ھۆرلۈكنى توسقان بوسۇغا.
قاچانكى ئۇنىڭ ھەر بىر تىنىقى ــ
ئىدى ئەركىكە زىندان، مەزلۇمغا ئوغا.

دەرەخ شاخلىرىدا تومۇزغا ئۈنى،
خوشلىشىپ تارىخقا كۆتۈرىدۇ جام.
بۇ كۆز پەسلىنىڭ ئاخىرقى كۈنى،
نە خاقان نە شاھلار قالمىغان تامام...

8

دەسلەپكى دۆڭ ھازىرقى تاغلاردىن ئېگىز،
قەبرىسىز قالغانلار توپىسى مۇنار.
دەسلەپكى ياش ھازىرقى مەۋج ئۇرغان دېڭىز،
دەسلەپكى قارلاردىن بۇگۈنكى باھار.
دەسلەپكى چىغىر يول داغدامدۇر ھازىر،
دەسلەپكى چاتقاللار ھازىر ئورمان.
بۇگۈن جىسمىمىزنى ئىللىتقان ئوت،

دەسلەپ ئاي دالادا يانغان گۈلخان.
دەسلەپكى خورسىنىش بۇگۈن كۈلكە،
دەسلەپ تۆكۈلگەن قان بۇگۈن ئېتىقات.
مېنى ئۇلاشتۇرماق ئۇچۇن بۇگۈنگە
ئانام چەككەنكىن قانچىلىك پەرياد؟

9

يۈيخۇلتىيدە ماڭا قۇربانلار قېنى،
بىلەن بويالغان دەپ ساتقان تاش يالغان.
خاتىرە ئورنىدا ساقلايسىز ئۇنى
دەپ كۆزلىرىمگە قاراش يالغان.
يوقسۇن، بۇ ئاددىي تاش دەپ يانسام
ئەقىدىڭىز سۇس دەپ قېيىداش يالغان.
ئەگەر قول ئۇزلتسام ئالدانىدى دەپ
ھاياجاندا كۆزىدىن ئاققان ياش يالغان.
ھەيكەللەر يېنىمدا تۇرىدۇ تەمكىن،
قۇلىقىمدا بىر چاغدىكى ئوقنىڭ ساداسى.

خىيالىمدا نەنجىڭ ئاسمىنى غەمكىن،
كۆزۈمدە يىغلاۋاتقان ۋەتەن دالاسى.
ئالىمدىم ئەمەس، مەن ھەيكەل يېنىدىن
ھەيكەللەر روھىدىن تاش ئېرىپ كەتتىم.
ۋۇجۇدۇمغا غۇرۇر، قەيسەرلىك
يۈرىكىمگە مەڭگۈلۈك ياش ئېلىپ كەتتىم...

2002 ـ يىل 7 ـ دېكابىر، نەنجىڭ
*(ئاپتور شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدا)*

مەھەممەت خېۋىر

# غەزەللەر

ھاياتنىڭ رەڭگى، تەمى، جەۋھىرى ئەسلىي مۇھەببەتتۇر،
ياشاشنىڭ رەغدى، زەۋقى مۆھتەرەم پەسلى مۇھەببەتتۇر.
ئاجايىپ سېھىرگەر يىللار مۇئەللەققە ئېسىپ ئۆتتى،
ساماۋى ئوي ـ خىياللارنىڭ بىرى ۋەسلى مۇھەببەتتۇر.
مېنى شۇ كويغا كەلتۈرگەن بېھىشنىڭ ئالىمىسى نەدە؟
جاھانغا جان بېرىپ كەلگەن ئىلاھ نەسلى مۇھەببەتتۇر.
غەزەل دەپ يازغىنىم ئىشقى كۆيىدۇر ياكى ئوتنامە،
قەلەم تەۋرەتكىنى شائىر ئەمەس مىسلى مۇھەببەتتۇر.
يانارمەن تۈنلىرى يۈلتۈز، ئۆچەرمەن كۈندۈزى پىنھان،
گۈزەلسەن نۇر بىلەن مەڭگۈ، گۈزەل ھۆسنى مۇھەببەتتۇر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

* * *

سىنىڭ سۆھبەتلىرىڭ بىرلە دىلىمدا مىڭ چىراغ يانغان،
سىنىڭ ھىممەتلىرىڭ بىرلە يولۇمدا ئىشتىياق يانغان.
سىنى بۇ سۆز گىرىمسەن يولدا ئازغاشتى دېسە شەك بار،
سىنىڭ مەشئەللىرىڭ بىرلە تالاي يوللار بىرلىق يانغان.
ئەجەب مۇشكۇللىرىم شاھى قولۇڭدا ھەل ئىدى شەرتسىز،
سىنىڭ مەشئەللىرىڭ بىرلە يېقىن يانغان، يىرلىق يانغان.
ساداقەت مەنزىلىدە كارۋىنىم پەللە بىلەن خۇشتۇر،
سىنىڭ غالىب قەدەمىڭدىن دىلىمدىن كىر پىرلىق يانغان.
چاھارباغلاردا تاق سەيلە مېنىڭ مەيلىمنى تاتمايدۇ،
قۇچاق ئاتەشلىرىدە مىڭ ئوچاق تەپتى قۇچاق يانغان.
گۈزەل چۈشنى ۋاراقلاشتىن يانار ھەردەم قىزىق پىنھان،
سىنىڭ سۆھبەتلىرىڭدىن تۈن ئارا يۈزمىڭ چىراغ يانغان.

* * *

تەسەددۇق پەيتلىرىڭنى دىلرەبا دىلغا تۇمار دەيمەن،
كۆڭۈللۈك بەنتلىرىڭنى مەرھابا، قالتىس خۇمار دەيمەن.
سەھەرلىك سېھىرگەر چۈشتەك ماڭا تۇرگۇن كىرىپ كەلدىڭ،
ئۇنتۇلماق پەيلى مۇتلەقتۇر، بۇنى پاكىز قىمار دەيمەن.
سىنىڭ رايىڭدا ئايلاندى جاھاننىڭ چەرخى مەن بىلسەم،
مېنىڭ رايىمدا مەھكۇملۇق، سىنىڭدە ئىختىيار دەيمەن.
زەئىپلىك بىر مەھەل كەتتى، جاھانغا باشپاناھ بولدۇم،
تىلىمغا تەنتەنە ئورناشتى باشىمغا ھۇما دەيمەن.
سۈزۈك ئىمكانىيەت پىنھانغا مىڭ ئۆكتە قوپۇپ كەلدى،
شۇڭا ئاشىقلىقىمنى ھەرقاچان مەنچۇن راۋا دەيمەن.

* * *

مىڭ ئازابكى ياز ھىدىن بەرگەن شامالLار تىندى جىم،
ئېھتىرامغا بارغىنىمدا يار ئىشىكنى ياپتى ھىم.
مەندە سەھۋەن يوق دېمەسمەن، چولتا ئەقلىم پىشمىدى،
ۋە لېكىن ئەلكۈن ئارا قويدۇڭ غېرىب، قويدۇڭ يېتىم.
نە بالادۇر، دەۋرىدى ئىسسىق ئازاب، مۇزدەك خىيال،
مەن بىلەرمەن، سەنمۇ ھەمدە بۇ ئازاب ئاپتورى كىم؟
ئۇنتۇلۇپ كەتتى دېسە قەلبىڭ ئۇنىڭ ئىنكارىدۇر،
بىر چېتىم ھىجرىلىدا كۆيسە ئۇنتۇلارمۇ بىر چېتىم.
باشتا سەن قويغان ئىدىڭ ئىمزانى قەلبىم سەتھىگە،

يىرتىلىپ كەتسۇنمۇ ئەمدى دىل ئارا يازغان بىتىم؟
ئۇنتۇلار ئىسمىم ئۇززۇمدە، ئۇنتۇيالماسمەن سىنى،
كاشكى كەتسەم يۇلتۇزۇزۇڭغا پەر قېقىپ بارغان پېتىم...
ئۆكسۇدى پىنھانغا ئىھسان، ئۆزىگە بىچارە ئۇ،
توڭلىدى يارسىز تومۇزدا، ماگما بولۇپ ئاقاقان قېنىم...

* * *

قۇترىدىم، بەنت ئەيلىمەككە سەبرىدىن زەنجىر كېرەك،
ئالجىدىم، ئاڭ سەپلىمەككە سۆيگۈدىن تەدبىر كېرەك.
ھەق مۇھەببەت مەنزىلىدە ئۇستا يوق، شاگىرتمۇ ھەم،
سۆيگۈ كامىل، سۆيگۈنامەم چولتىدۇر تەھرىر كېرەك.
شاھ سەنەمگە نە ئۇچۇن شەيدا جۇنۇنسەن ئەي غېرىب؟
ئەمدى كاج بۇ كەلمىشىڭگە كەكرىدەك تەقدىر كېرەك.
كەكرىدەك تەقدىرنى دىلبەر تارتۇقى – ئىھسانى بىل،
شاھ ئەزەمچۇن ھەرقاچان ساندۇقتا بىر تاھىر كېرەك.
دىلرەبا، كەل، يا باراي مەككەڭگە ۋەسلى تويىنى دەپ،
تاش يېرىلماي مەن يېرىلسام... ساڭمۇ شائىر كېرەك.
ئۇخلىيالماي، ئۇخلىماي ياردىن ئۇچۇر كۇتمەكتىمەن،
قىلما ۋەدە ئەتە دەپ، دىدار ماڭا ھازىر كېرەك.
بەس، مېنىڭ پىنھانلىقىمغا ئەمدى پەردە ياپمىغىن،
ئېيتمىغان مەقسەتلىرىڭ، پىنھان ئەمەس، زاھىر كېرەك.

*(ئىلنۇر تۇقسۇن نامىيە غولبويى بېزا ئوقۇتقۇش رېيونىلى)*

**ئەخمەتجان تۇرۇپ**

# مىڭ كۆز يانار قاقاس روھىمدا

## كەل تۇمۇچۇق ئۇخلايلى بىر ئۇۋىدا

ئەقىدىلىرىنىڭ دالاسىغا گۇل تېرىپ،
كەل تۇمۇچۇق ئۇخلايلى بىر ئۇۋىدا.
چىداپ تۇرغىن تۇمشۇقۇڭنى كۆيدۇرسەم،
مەن لېۋىگە قوقاس كۆمگەن بىر بالا.

كەل تۇمۇچۇق، ئۇخلايلى بىر ئۇۋىدا
پورە كىلىسۇن قاسىراق تاشلاپ تىلەكلەر.
ئەقىدىنىڭ يىلتىزىغا سۇ قويسۇن،
مەست بوپ قالغان ئاپئاق – ئاپئاق بىلەكلەر.

پورە كىلىسۇن قاسىراق تاشلاپ تىلەكلەر،
تىلەك ئۇچۇن باغرىمدا مىڭ كۆز يانار.
تىڭشاپ باقساڭ يۈرىكىمنى راستىنلا،
سېنىڭ بىلەن بىر چۇشنى تەڭ كۆرگۈم بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئاق يول تىلە قۇشۇڭغا سەھرا

ئاق بېلىقتەك ئۈزگەن بىر چاغلار،
بۇدۇر چاچلىق قايناملىرىڭدا.
چاقسا ئاياز، چوكتۇرگەن ئىدىڭ
يۈرىكىڭنىڭ گۈلخانلىرىغا.

قېيىدايتتى ئۆتمىتۈشۈك تام،
بارمىقىمنى شۇمۇۋالمىسا.
گەپ قىلمايتتى شەھلا كۆز بۇلاق،
مېنى پات ـ پات يۇتۇۋالمىسا.

ئېمىتەتتىڭ قاغجىراپ كەتسەم،
باياۋاننىڭ ئەمچەكلىرىنى.
ئىزلىرىمدىن يۇرايتتىڭ قېنىپ،
يۇلغۇنلارنىڭ چېچەكلىرىنى.

سۆيگۈ ئىزھار قىلمايتتى كېپەر،
دان بەرمىسەم ئېغىزىمدا، دان!
چۈش كۆرۈشنى مەن بىلەن بىللە،
شورلۇق دالا قىلاتتى ئارمان. . .

ئەتىر چاچقان چاغدا جىگدىلەر،
چوچەك بولۇپ ئۈنۈپ چىقاتتىم.
تەمبۇر يىغلاپ كەتكەن كېچىلەر،
روھ چۆلىگە ياغاتتىم سىم ـ سىم.

ئۈچقاچ ئەدى مامۇق كۆكسۈڭدىن،
ئاق يول تىلە قۇشۇڭغا سەھرا.
يەنە بىر رەت تۇغۇلماق ئۈچۈن
كۆمۈپ قويدۇم قەلبىمنى ساڭا.

## سېنى جەزمەن ئېلىپ قاچىمەن

(بىر شائىرەگە مۇشائىرە)

سېنى جەزمەن ئېلىپ قاچىمەن،
مىنگەشتۈرۈپ ئارغىمىقىمغا.
بىر تال ياشتەك پارلايسەن ئاندىن،
كۆكسۈمدىكى چىمەنلەر ئارا.

شاخلىرىمدا ئېچىل پۆرەكلەپ،
يۇراقلارغا چوكسۇن ھاياتىڭ.

تىترەكلەرگە كەتمە ئەل بولۇپ،
بار يېنىمدا چاقلانغان شەمشەر.
تۇغماق بولساڭ توغراق روھىنى،
يۈيۈنايلى قۇمدا ھەر سەھەر.

رەنجىمىگىن ئاشۇ مىنۇتتا
يۇرلەشسە گەر ئاپئاق قانىتىڭ.

## بۇغداي بولۇپ ئۈنەرسەن موما

(مەرھۇم مومام خاتىرىسىگە)

بۇغداي پىشقان كۈنلەردە موما،
ئالتۇن داندەك كۆمۈلدۈڭ يەرگە.
كىردى شۇئان قىستىلىپ بىر چوغ،
چوغ سىغىشماي قالغان يۈرەككە.

تاغلار بۇگۈن چۈشىمدى غۇلاپ،
ئاقمىدى ھەم دەريا كەينىگە.
ئاقتى ئەمما سەھرا ئالمىدەك،
چىلىق ـ چىلىق ھەسرەت ئېچىگە.

كېتىپ قالدىڭ بەلكىم مېنى دەپ،
تۇلپار بىلەن چۆچەك شەھىرىگە،
بوغداي بولۇپ ئۈنەرسەن ئەمدى،
سەن روھىمنىڭ قاقاس چۆلىگە.

## كۆيۈك ئاي

چايناپ يۈرسەم يىراقىڭدا چوغ،
مەن يوق كۈندە بوپتۇ تويۇڭمۇ.
كېتىپتۇ ھەم بۇندىن لەپىلدەپ،
يىراقلارغا ئالتۇن بويۇڭمۇ.

قاپتۇ پەقەت ساڭا قول سىلكىپ،
غەمكىن يۇرتتىن غەمكىن بىر تورغاي.
قاپتۇ تونۇر ئىچىدە ئويچان
يۈرىكىمدەك كۆيۈك ھىلال ئاي.

قاپتۇ يەنە ھېلىقى چىنار
ئىزلىرىڭغا تاشلاپ يوپۇرماق.
قاپتۇ بىراق ماڭا باقمي بوپ
روھىڭنىلا سۆيۈپ ياشىماق.

## بىلمەك بولساڭ سىرىمنى قىزچاق

قىزچاق
بىلمەك بولساڭ قەلب سىرىمنى،
ئىچىپ باقىن پەقەت بىر يۇتۇم
تاش كۆزىدە ئۇيىغان ياشنى.
قىزچاق
بىلمەك بولساڭ قەلب سىرىمنى،
ئاڭلا توغراق، تەكلىماكاننىڭ
ئايىڭىكى پىچىرلىشىنى.

قىزچاق
بىلمەك بولساڭ قەلب سىرىمنى
كۆر، دېڭىزنىڭ قۇچاقلىرىدىن
دولقۇنلارنىڭ يۇلقۇنۇشىنى.
قىزچاق
بىلمەك بولساڭ قەلب سىرىمنى
چاچلىرىڭنى يۇيۇپ نۇر بىلەن،
يادلاپ كەلگىن كاككۇك تىلىنى.

## گۈلدەك ئېقىپ كەلسەڭ يوللاردا

گۈلدەك ئېقىپ كەلسەڭ يوللاردا،
سانجىلىدۇ باغرىمغا ئوقيا.
توختىماستىن سۆزلەيدۇ كۆزۈم،
سەن قارلىغاچقا ئايلانغۇچە تا.

گۈلدەك ئېقىپ كەلسەڭ يوللاردا،
شېرىنغىنا كۆيەر بۇ يۈرەك.
قاقاس روھىنىڭ دالاسىدا ھەم،
ئۇچۇپ يۈرەر بىر تال كېپىنەك.

(ئىلپىتور گۇما ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە)

www.uyghurkitap.com

مۇھەممەت روزى

# تۇيغۇ سەدەپلىرى

1

ئەزرائىل يېتىپ كەلدى شاپاشلاپ،
كۆيلىرىمنى ئاڭلاپ،
قولى دىرىلدەپ،
ئەترىپىمنى قۇيۇن كەبى چۆرگىلەپ،
كېتىپ قالدى ھەيۋىسىنى ھاپاشلاپ.

2

چۈشلىرىمگە ئاسقاندا مونچاق،
بالىلىقنىڭ خىيالى بىر چاغ.
يوللىرىمدىن ئۈنگەن يۇلتۇزلار
ئوقۇشۇپ قوشاق.
ئاسمان ـ زېمىن كەتكەن جاراڭلاپ.
قۇياش،
دومىلايتتى ئالدىمدا
ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق.
مەن قالاتتىم قوغلاپ ھاسىراپ،
ئاي تاتارغان شادلىق كۆلكەمدىن
بۇلۇتلارغا يۆگىنىپ ماراپ.
ئورمانلارغا قاچقان ئالدىراپ.
..........

ھەي،
بالىلىقتىن قالار شۇلار
پاك بىر يۈرەك ئاپئاق خىياللار،
كېتىدىكەن قالغىنى شۇندىق
گاھ، يوقىلىپ گاھ يالتىراپ...

3

مۇشۇ يەردە تۇغۇلدۇڭ،
كۆزلىرىڭدە لەيلىتىپ ياشنى.
مۇشۇ يەردە چوڭ بولدۇڭ،
باغاش ئېتىپ ئالتۇن قۇياشنى.
مۇشۇ يەردە يول ئالدىڭ
ئادەم دېگەن نامنى ئېلىشقا،
مۇشۇ يەردە سۆيگۈ دەپ،
بوران بىلەن چۈشتۈڭ چېلىشقا.
شۇندىق
مۇشۇ يەردە ياشاپ كەلدىڭ،
كۆتۈردى ئۇ ئېغىرىڭنى،
(ياندۇردى ھايات چىرىغىڭنى)
بەخت بېرىپ يېدى غېمىڭنى.
يوق ئىدىغۇ گۇناھى،
جوراتقۇدەك بۇنچىلا سېنى؟
نېمە ئۈچۈن،
نومۇس قىلماي كۆزۈڭنى يۇمۇپ،
«چاك ـ توزاڭلىق سەھرا» دەپ كەمسىتتىڭ ئۇنى!؟

4

ھايات يوغان داش قازان،
قاينار ئۇندا خىلمۇ خىل ئادەم.
پىشقىنىنى ئەزرائىل
ئەپ تاشلايدۇ چۆمۈچتە سۈزۈپ.
پىشمىغانلىرى پىشار ۋاقتى ـ سائىتى يېتىپ.
يېگىنى سالار يېنىشلاپ،

تەكرارلىنىپ تۇرار بۇ ھالەت.
لېكىن ئۇلار بىر ـ بىرىگە
ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ ئەبەت.

5

مېھرىبان ئاتا ـ ئانىمىز،
ئۇرغۇن بەدەل تۆلەپ ھاياتقا،
باقار بىزنى ئارزۇلاپ سۆيۈپ.
بارلىقىم دەپ باغرىغا تېڭىپ.
ئۇلارنىڭ قان ـ تەرىنى ئۇنتۇپ،
گويا ئاسماندىن چۈشكەندەك،
ئۆزلۈكىدىن چوڭ بوپ قالغاندەك،
ئۇلارنى قەدىرلەشنى، ئۇلۇغلاشنى،
ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشنى،
كۆڭلىنى چۈشىنىشنى بىلمەيدىكەنمىز.
ئەزرائىل ئېلىپ كەتسە بىر كۈنى،
ياقا يىرتىپ يىغلايدىكەنمىز،
يېتىمسىراپ دەردكە ئىچىكىپ.
ئاھ، قەدىرىگە يېتىلدىكەنمىز،
شۇ چاغدىلا بەكمۇ كېچىكىپ.

## ياپراقلار

يېشىل ـ يېشىل ياپراقلار،
يالتىراقلار كۈمۈشتەك،
ئاراڭلاردا مەن كۆلەي،
سۈزۈككىنە بىر چۈشتەك.
ئىناقلىق چېچەك ئاچسۇن،
نۇرغا تولسۇن ھەر يۈرەك.

يېشىل ـ يېشىل ياپراقلار،
شىلدىر ـ شىلدىر تۆكۈلدى.
ھايال ئۆتمەي رۇخسارى،
قاقشال بولۇپ پۈكۈلدى.
يىراقلارغا كەتكەندە،
كۆڭلۈم بەكمۇ بۇزۇلدى.

## مۇئەللىمنىڭ سۆزىدىن

مەكتىپىمىز گۈلزارلىق،
قۇشلار كېلىپ سايرايدۇ.
ساپ ھاۋادىن، ناۋادىن
دىللار چەكسىز يايرايدۇ.

مۇئەللىمنىڭ سۆزىدىن
ئاقار سۆزۈك بۇلاقلار.
گۈل پۈركىگى بەئەينى
مەڭزىمىزدە زىناقلار.

*(ئىلپىنور شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىدە)*

www.uyghurkitap.com



ئابلىز نازىرى

# موڭلۇق ئالچوق ①

(ھېكايە)

چاشكا ۋاقتى. زۆھرەخان كاڭدىن ئوچاقنىڭ مانىدىسىغا چۈشتى. قىسقۇچنى ئېلىپ سۇس يالىنداپ تۇرغان چوغنى كۆللىرى بىلەن قوشۇپ ئالدىغا تارتىپ، ئوچاقنىڭ تېشىغا چىقاردى - دە، چىنەكنى ئۇنىڭ ئۈستىگە جايلاشتۇرۇپ قويۇپ ئۆينى يېغىشتۇرغىلى تۇتۇندى. ئۇ ئالدى بىلەن كاڭغا سېلىقلىق سۇپىرنى يىغىشتۇردى، ئۇنىڭدىكى خېمىر چاچراندىلىرىنى يىغدى، كىگىزگە چېچىلغان ئۇن توزۇندىلىرىنى سۈپۈرۈۋالدى، نان ئۇۋاقلىرىنى بۇلار بىلەن بىللە قوشۇپ پەنجىرىنىڭ تاكچىسىغا تۆكۈپ قويدى. بۇلار قۇشلارنىڭ رىزقى ئىدى. ئۇ ئۆينى سۈپۈرۈپ بولمايلا بۆشۈكتىكى بالا ئىڭەلەپ يىغلاشقا باشلىدى. زۆھرەخان سۈپۈرۈندىنى ئىشىك تۈۋىگە سىيرىپ قويۇپ ئالدىراپ بالىنىڭ يېنىغا كەلدى. توققۇز ئايلىق بولۇپ قىلىق چىقىرىپ قالغان بوۋاق ئېمىشكە تەلمۈرۈپ ئاپىسىنى ئالدىرىتتى. زۆھرەخان بالىنى ئېمىتكەچ ئۇنىڭ بويۇنلىرىدىكى تەر تامچىلىرىنى سۈرتتى، يۈز - كۆزلىرىنى سىلاپ ئەركىلىتىپ ئويناتتى. ئاڭغىچە كۈن خېلىلا ئۆرلەپ قالغانىدى. مەھەللىدىن يىغلىپ چىققان پادىلار زۆھرەخانىنىڭ

① ئالچۇق — كېسەك ۋە شاخ - شۇمبىلاردىن ياسىلىدىغان كەپە.

ئىشىكى ئالدىدىن توپاتوزىتىپ ئۆتتۈشكە باشلىدى. پادىچى قولىدىكى چىۋىقنى ئوينىتىپ، قوي - ئۆچكىلەرگە هاي - هايلاپ قوياتتى. شامال بولمىغاچقا توزۇپ چىققان توپا - چاڭ ئۆگزە بويى ئېگىزلىكتە لەيلەۋېلىپ تەستە تارايتتى.

نىياز هارۋىسىنى ھەيدەپ يۇقىرىدىن كېلىپ ئىشىك ئالدىدىكى دەرەخ تۈۋىدە توختىدى. ئاتنى هارۋىدىن چىقىرىپ ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئوقۇرغا باغلىدى. هارغىنلىق بەلەن بېلىدىكى پوتىسىنى يېشىپ ئۇستىۋېشىدىكى توپا - چاڭنى قېقىشتۇردى.

نىياز 25 ـ 26 ياشلار چامىسىدىكى ئۆسكىلەڭ يىگىت بولۇپ، خېلىدىن بېرى ئالدىراشلىقتىن ساقال - بۇرۇتىنى ئالماغاچقا يۈز - كۆزىنى ساقال بېسىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ۋە هارغىنلىق چىرايىغا چىقىپ، ئۇنى ئۆز يېشىدىن خېلىلا چوڭ قىلىپ كۆرسىتەتتى. ئۇ بېشىدىن دوپپىسىنى ئېلىپ ئالىقانلىرى بىلەن بېشىدىكى تەرنى سىيرىپ سۈرتكەچ:

— هوي ياسىن ①، سۇ ئەپچىق، — دەپ توۋلىدى ۋە ئۆينىڭ تېمىغا يۆلەكلىك تاغاردىن غەلۋىرگە سامان ئېلىپ، ئۇنى تاسقاپ ئوقۇرغا تۆكتى.

زۆھرەخان ئىشىكتىن سۇ ئەپچىقىپ، ئېرىدىن:

— قوناق ئەپچىقايمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئېرىنىڭ باش لىڭشىتقىنىنى كۆرۈپ، قوناق ئەپچىقىلى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

نىياز ئوقۇرغا تۆكۈلگەن قوناقنى سامان بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يۈز - كۆزىنى يۇيۇشقا باشلىدى.

زۆھرەخان بولسا ئۆيگە كىرىپ چىنە - قاچىلىرىنى پاكىزلاپ، داستىخاننى سالدى. ئاندىن كاڭدا ئولتۇرۇپ ئۆزىچە بىر نەرسىلەرنى دەپ گۇڭگۇراپ، قوللىرىنى ئويناۋاتقان بوۋاقنى ئېلىپ تاشقىرىغا چىقتى. ئۇ بىر قولىنى بىكارلاپ نىيازنىڭ قولىدىن ئۆرىقنى ئېلىپ ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بەردى.

شۇ ئەسنادا:

— تۆپىدىن ئەمدى كەلدىڭلىمۇ؟ — دېگەن غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋاز بىلەن تەڭ قادىر پەيدا بولۇپ قالدى. قادىر كىچىكىدىن نىياز بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، نىيازنىڭ تەڭ دېمەتلىك، جانجىگەر ئاغىنىسى ئىدى. ئۇ ئىشىك ئالدىدا ئەترەپقا بىر قۇر قاراپ چىقىپ بېشىنى چايقاپ سۆزلىدى:

— بەللى! ئاداش، ئالچۇق ئولتۇرۇشۇپ قىيسىيىپ قاپتۇ. بۇ يىل قىشتىن چىقالمايدىغاندەكلا قىلىدۇ. غېمىڭنى ئاز دەپ بۇمۇ يېتىشۋالغىلى تۇرۇپتۇ.

— سەن بىر تۈزۈك ئۆيۈمنى ھەدېسىلا ئالچۇق، ئالچۇق دەپ كەمسىتۇندۇرغاچقا، ئۇمۇ ئالچۇقلىقىنى قىلىۋاتقاندۇ، — دەپ چاقچاق قىلدى نىياز يۈز - كۆزلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — ئۆرۈلۈپ چۈشكىچە بىزمۇ يېڭى ئۆي تىكلىۋالارمىز. بولمىسىلا ئادەمنى غەمگە سۆرەيدىغان پاراڭنى قىلمايلىلا، باشقا كەلگەننى كۆرمەمدۇق.

نىياز شۇ گەپلەردىن كېيىن خوتۇنىنىڭ قولىدىن ئۆزىگە تەلپۈنۈپ، يۇلقۇنۇپ تۇرغان بالىسىنى ئالدى - دە، ئېگىز - ئېگىز ئىرغىتىپ ئويناتتى. بالىنى ھەر بىر

---

① بۇ بۇرۇنقى ئەر - ئاياللاردا بىر - بىرىنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە چاقىرماي بالىلىرىنىڭ نامى بىلەن چاقىرىدىغان ئادەت بولغاچقا نىياز خوتۇنىنى بالىسىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىدۇ.

ئىرغىتقىنىدا خوتۇنى قورقۇپ ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىۋالاتتى. بوۋلق بولسا ئۆزىگە تونۇشلۇق ئۆيۈندىن يايراپ ۋىلىقلاپ كۈلەتتى. نىياز بالىسىغا قوشۇلۇپ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە بالىنى يەنە بىر پەس ئوينىتىپ ئاندىن خوتۇنىغا تۇتقۇزدى:

— قاراڭلار قورقۇپ بولۇپ كەتكىنىڭلارنى، كۆرمىدىڭلارمۇ بالىمىزنىڭ خۇشلۇقىنى، مۇشۇنداق غەمسىز چاغلىرىدا پۇخادىن چىققۇدەك كۈلۈۋالسۇن، بىزدەك كۈنگە قالغاندا كۈلەلەمدۇ، كۈلەلمەمدۇ، خۇدايىم بىلىدۇ.

نىياز ئاغىنىسىنى ئۆيگە باشلىدى. قادىر بېشىنى ئېگىشتۇرۇپ مېڭىپ كاڭغا چىقىپ داستىخان چېتىدە ئولتۇردى ۋە دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئاڭغىچە زۆھرەخانمۇ ئۆيگە كىرىپ بالىنى نىيازغا تۇتقۇزۇپ، ئوچاق بېشىغا ئۆتتى. غېدىرلەرگە قازاندىكى جوتاڭ ①دىن ئۇسۇپ، ئوچاق بېشىدىكى كوزىدىن ئاختۇرما سەينى ئېلىپ سۇلۇق قىلىپ قاچىلارغا سالدى، چوكا بىلەن بىللە تاماقنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. ئاندىن چاي غېدىرلىرىنى ئويۇقتىن ئېلىپ چاي قۇيدى. ئەڭ ئارقىسىدا ئۆزىگىمۇ تاماق ئۇسۇپ بولۇپ نىيازنىڭ قولىدىن بالىنى ئالدى. ئەرلەر پاراڭ بىلەن غىزاغا تۇتۇندى. زۆھرەخانمۇ ئوچاقنىڭ تۇۋىدە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشكە باشلىدى. ئۇ تاماقنى چوكا سېلىپ ئۇنى ئاغزىغا ھەر ئاپارغاندا قۇچىقىدىكى بوۋلق تەڭلا ئاغزىنى ئېچىپ تامشىيتتى. بۇ كۈلكىلىك ھالەتكە دىققەت قىلغان قادىر:

— زۆھرەخان قورسىقىڭىز تازا ئېچىپتۇ-ھە، — دەپ چاقچاق قىلدى. قادىرنىڭ چاقچىقىدىن نىيازمۇ، زۆھرەخانمۇ كۈلۈپ كەتتى. زۆھرەخان ئۆيالغان قىياپەتتە:

— بۇنىڭغا ئېغىر كېلىپ قالمىسۇن دەيمەن، ھازىرلا ئەمدۈردۈم بولمىسا، — دېدى ۋە تەتۈر ئۆرۈلۈپ تۇرۇپ كۆكلىكىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىپ، بالىنى ئېمىتىشكە باشلىدى.

غىزادىن كېيىن دۇئا ياندۇرۇلۇپ بولغاندا قادىر قونچىقىغا قىستۇرۇقلۇق غاڭزىسىنى چىقاردى ۋە نىياز ئۇزاتقان تاماكا خالتىسىدىن ياخشى مانتا تاماكا ② نى بېسىپ ئوچاق ئالدىغا چۈشتى-دە، پۇرچاقتەك چوغنى ئېلىپ غاڭزىسىغا باستى، ئاندىن ئۆز ئورنىغا ئۆتۈپ تاماكىنى ئىشتىھا بىلەن قاتتىق-قاتتىق شورىغاندىن كېيىن غاڭزىنى قونچىقىغا قېقىۋېتىپ، تاماكىنى يېڭىلاپ نىيازغا سۇندى.

— ھارۋىنى ئىككى كۈنلۈك ئالغانمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى قادىر تاماكا ئىسىنى تورۇسقا پۈۋلەۋاتقان نىيازدىن.

— ھەئە، بۈگۈن ئىككى كۈن بولدى. كەچتە ئاپىرىپ بېرىمەن.

— يېرىڭ شورلىنىپ بولدىمۇ؟

— نەدىكىنى، يەنە تەڭدىن تولىسى بار.

بۇ يۇرتنىڭ كۆپىنچە يەرلىرى قۇمساڭغۇ بولغاچقا، دېھقانلار ئادەتتە يىراقتىن شور ئەپكىلىپ يەرنى تەڭشەيتتى. بۇ ئىككى ئاغىنە ھازىر مۇشۇ توغرىدا پاراڭلىشىۋاتاتتى.

— ئۇنداق بولسا يەنە ئىككى كۈنلۈك سورىغىن، ئارتۇقراق بېرىسەن شۇ، — دەپ

① ئاق قوناق ئۇنىدا ئېتىلگەن تاماق.
② تاماكا پىشقاندا خوتۇن-قىزلار تاماكىنىڭ ياخشى يەرلىرىنى تاللاپ ئۇنى مانتا شەكلىدە ياساپ قويىدۇ.

مەسلىھەت بەردى قادىر غاڭزىغا تاماكا بېسىپ تۇرۇپ.

— مۇشۇ ئىككى كۆڭلۈكنىمۇ يېلىنىپ يۈرۈپ ئارلن ئالغان. قاسىم قارىيكامنىڭ ئۆزىنىڭ يەرلىرىمۇ شۇ پېتى تۇرۇپتۇ.

— هازىرغۇ هاۋا تېپىش تەس، يېرى قۇملۇق بولسا شور تۆكىلىدىغان ئىش، شورلۇق يەرگە قۇم. مەھەللىدە بولسا شۇ نەچچە ئۆيلۈكنىڭلا ئات هارۋىسى بار. دورغىنىڭ هارۋىسىنى سورىساڭ بىر كۆڭلۈكنى بىر كۈرىدىن كەم دېمەيدۇ. قاسىم قارىيكام بىلەن قانداق دېيىشكەن؟

— ئىككى كۆڭلۈكنى بىر يېرىم كۈرە بۇغدايدىن.

— مۇنداق قىلىلى، — دېدى قادىر غاڭزىنى تازا كۈچەپ بىر شورىۋېتىپ، — قاسىم قارىيكامنىڭ يېنىغا يەنە بارايلى، مەنمۇ دېيىشىپ بېرەي، ئۇنىڭ ئىشى تۈگىگەندە يەنە ئىككى كۈن ئىشلىتىۋالايلى، قانداق؟

قادىر نىيازنىڭ باش چايقىغىنىنى كۆرۈپ گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— ئاداش، مۇشۇنىڭدىن باشقا چارە يوق. بۇ ئۆلۈك يېرىڭنى قانغۇدەك شورلىمىساڭ چاچقان ئۇرۇقۇڭنىمۇ ئۈندۈرۈپ ئالالمايسەن. قاسىم قارىيكامنىڭ توپىسىنى بىز توشۇپ بېرەيلى. ئۇنىڭ هارۋىسىنى هەيدەپ، توپىسىنى تۆكۈپ بەرمەمدۇق. ئۇ هازىر يېتىشىپ بولالمايدۇ. شۇنداق دېسەك ئۇنايدۇ. شۇنداق بولغاندا سەن هارۋىنى يەنە ئىككى كۈن ئىشلىتىپ، يېرىڭنى خېلى ئوڭشىۋالالايسەن. ئۈچ كۈرە بۇغداي بىلەن ئىش پۈتىدۇ. لېكىنزە، بۇ يىل ئازراق ئېشىنىپ ياغاچ-تاش راسلىۋالساڭ خويمۇ ئوبدان بولاتتى. ئېسەنلىككە كېسەك قويساق، بۇ ئالچۇقتىن چىقىپ كېتەر ئىدىڭ. بولمىسا تېگىدە قالىدىغاندەك قىلىسەن.

— راست دەيسەن، — دېدى نىياز ئۆزىنى كۆلكىگە زورلاپ، — توي قىلىپ كىرىدىغان تۇشۇك تاپالمىغاندا بۇ ئۆي ئەسقاتقانتى. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭغا ئىككى يىلغا قالماي ئۆي دېگۈدەك بىر ئۆيگە چىقىمىز دەپ ۋەدە بەرگەن. مانا ئۈچ يىلغا ئۆرۈلۈپ قالدۇق. قېنى غەيرەت قىلىپ كۆرەي، بۇ يىل يەردىن 20 كۈرە ئاش ئالالىسام، 4-5 كۈرىسىنى ياغاچ-تاشقا ئاتاپ قويىمەن. خۇدايىم بۇيرۇسا مەھەللە ئىچىگە، هېچ بولمىغاندا مەھەللىگە يېقىنراق يەرگە بېرىۋالسام دەيمەن. مەنغۇ مەيلى، هېلىغۇ ئالچۇق ئىكەن، ئېغىل بولسىمۇ يېتىپ قوپۇۋېرىمەن. لېكىنزە بۇ ئاي-دالادا قوشنا-قولۇمسىز كۈن ئۆتكۈزۈش ئانا-بالىغا مۈشكۈل ئىكەن. قىشنىڭ سوغۇقىچۇ تېخى.

قاچىلارنى ئېرىغدۇلۇۋاتقان زۆھرەخان ئېرىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

— ئەجەب بىر كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان گەپلەرنىلا قىلىپ كەتتىڭلە، سىلى چىدىغان يەردە بىزمۇ چىدايمىز. خۇدايىم تېنىمىزنى تازا قىلسا، ئىشقا چىداساقلا دېگىنىمىز بولار. ئالدىدا هارۋىنىڭ گېپىنى قىلسىلا، ئۆينىڭ گېپىنى كېيىن دېيىشسەكمۇ ئۆلگۈر گۆلۈك.

ئىككى ئاغىنە زۆھرەخاننىڭ گېپىدىن كۆلۈشۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. نىياز قادىرنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن ئۆيگە يېنىپ كىرىپ كاڭدا ئوڭدا يېتىپ ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى دەۋاتقان بالىسىنى قولىغا ئېلىپ ئويناتتى. يىرىك ساقاللىرىنى بالىنىڭ بۇدرۇق يۈزىگە سۈركەپ بوۋاقنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى. ئۆينى تازىلاۋاتقان زۆھرەخان بالىنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ دەرهال بېرىپ

بالىنى ئېلىۋالدى ۋە:

— قارىمامدىغان قوپاللىقىنى، كىچىك بالىنىمۇ مۇشۇندىلىق ئويناتقان بارمۇ؟ سىمدەك يىرىك ساقاللىرى بىلەن ساقامنىڭ يۈزىنى قىزارتىپلاۋېتىپتۇغۇ، — دەپ ئېرىنى جىملىگەن بولدى.

نىياز ھەجىيىپ زۆھرەخاننىڭ بالىنى پەپىلەشلىرىگە قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ قارىشىدىن خوتۇنىغا سۆز بىلەن ئىزھار قىلىش تەس بولغان ئامراقلىق، مىننەتدارلىق ھېسسىياتى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل تۇيغۇسى زۆھرەخاننىڭ باياتىنقى سۆزلىرىدىن قوزغالغانىدى.

زۆھرەخان ئوتتۇرا بويى، قارا كۆز، بۇغداي ئۆڭ مۇڭلۇق جۇۋان ئىدى. نىياز ئۇنىڭ ئۆزى تىكىپ كىيىۋالغان كەشتىلىك دوپپىسىغا، كۆك يوللۇق ماتا كۆڭلىكىگە، قارا تېرىدىن تىكىلگەن كونىراپ قالغان جىلىتكىسىگە، پۈتىدىكى گۈللۈك كېپىشىگە خۇددى بۇلارنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك قاراپلا قالدى ۋە تويدىن كېيىن تا ھازىرغىچە ئۇنىڭغا بىرەر قۇر يېڭى كىيىم قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىنى ئويلاپ ئېغىر خورسىندى. زۆھرەخان ئېرىنىڭ ئۇھ تارتقىنىنى كۆرۈپ ئۇنى نوقۇشلاپ ئېغىر خىياللاردىن قۇتقۇزدى:

— ھارۋىنى قوشۇپ شورغا ماڭمىسىلا، بولمىسا ئىسسىق چۈشۈپ كېتىدۇ. گەپ بايا دېيىشكەندەك بولسا، بۈگۈن كەچكىچە يەرنىڭ يېرىمىنى شورلاپ بولمىساق بولمايدۇ، شۇنداقمۇ ـ ھە؟

— ھەئە، كەچتە ھارۋىنى ئاپىرىپ بەرگەچ قارىيىكامغا يېلىنىپ كۆرىمەن، ئامال بار يەنە ئىككى كۈنلۈك ئالىمەن، يەرنى يەتكۈزۈپ شورلىمىساق بىزنىڭ بۇ زەئىپ يېرىمىزدىن 20 كۆرە ئاش چىقمايدۇ.

شۇ گەپلەردىن كېيىن نىياز گۈس ـ گۈس دەسسەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

2

پېشىن ۋاقتى. زۆھرەخان بالىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئېتىز بېشىغا يېتىپ كەلدى. نىياز ئېتىزدا يەر ھەيدەۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىر قولىدا ساپاننىڭ دەستىسى، بىر قولىدا قامچا بولۇپ، ساپاننىڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ساپاننىڭ دەستىسىگە قورساقچىلاپ يېتىۋالغاچقا ساپاننى تارتىۋاتقان ئېشەكنى سولدا ماڭغۇزۇش مۈشكۈل بولۇۋاتاتتى. ئۇ توختىماي ئېشەككە تۇۋلايتتى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ قامچىنى ئىشقا سالاتتى. ھارغان ئېشەك بىردەم ـ بىردەم توختىۋېلىپ نىيازنى خاپا قىلاتتى. زۆھرەخاننىڭ چىڭقى چۈشتە چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ ـ پىشىپ يەر ھەيدەۋاتقان نىيازغا قاراپ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. دەرھال قولىدىكى داستىخانغا ئوراقلىق نان ـ چاينى يەرگە قويدى ۋە بالىنى ئېتىزنىڭ بېشىدىكى يېگانە توغراقنىڭ سايىسىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۈنچىقماي كېلىپ ئېشەكنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ، ساپاننى تارتىشتى. قىر بېشىغا كەلگەندە زۆھرەخان بالىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بالىنىڭ قېشىغا يۈگۈردى. نىياز قوشنى يېڭى سولغا توغرىلاپ قويۇپ، ئېغىر چامداپ زۆھرەخاننىڭ يېنىغا كەلدى. بىردەم تۇرۇپ كېتىپ:

— قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ بالىنى پەپىلەۋاتقان ئايالىدىن.

— بۇ ئاتنىڭ گۆشى نەزىر ھېسابىغا ئۆتۈپ كەتتى. پۇلغا ئالىدىغان ئادەم يوق. ھەممىسىلا كۆزدە بىرەرمىز دېگەن گەپنىلا قىلىشىدۇ. پۈتۈنسۈرۈك بىر ئاتنىڭ گۆشى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى

بىكارغىلا تارقىتىلدى.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، ئەر - خوتۇننىڭ ئارىسىدا بولۇۋاتقان بۇ پاراڭ ھەققىدە ئازىراق ئىسكەرتمە بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇنىڭدىن ئون نەچچە كۈن ئىلگىرى نىياز قاسىم قارىينىڭ ئېتىنى ئىككىنچى رەت سورىۋېلىپ شور توشۇۋاتقاندا كۈتۈلمىگەن پىشكەللىككە ئۇچراپ، ئاتنىڭ پۇتى سۇنۇپ كەتكەنىدى. بۇ ئىش شۇنداق تاسادىپىي بولدىكى، نىياز بىرەر چارە قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى. لىق شور بېسىلغان ھارۋا يول ئۈستىدىكى دۆڭدىن چۈشۈۋاتقاندا ئات مۈدۈرۈپ كەتتى. ئەسلىدە بۇ دۆڭمۇ دۆڭ دېگۈدەك دۆڭ ئەمەس ئىدى. بىراق ھارغىنلىق يەتكەن ئات دۆڭدىن چۈشۈۋاتقان ھارۋىنىڭ سەلگىنە تېزلەشكىنىگىمۇ ماسلىشالماي مۈدۈرۈپ كەتتى. ھارۋىنىڭ يېنىدا كېلىۋاتقان نىياز ئالمان - تالمان شوتىنى كۆتۈرۈپ باقتى، كۆتۈرەلمىدى. ئاتنى تارتىپ باقتى، ئات تۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھارۋىنىڭ ئالدىنى يېنىكلىتىمەكچى بولۇپ، شورنى كۈرەك بىلەن يەرگە تاشلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى شۇنچىلىك چاققان ئىدىكى، ئەتىگەندىن بۇيانقى ھارغىنلىق، ئاچلىقلار نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. يېرىم ھارۋا شور ھەش - پەش دېگۈچە چۈشۈرۈلۈپ بولدى. نىياز ئاتنى ھارۋىدىن بوشىتىپ شوتىنى كۆتۈردى. ئات شۇندىمۇ تۇرالمىدى. نىياز ھارۋىنى ئۆرە قىلىپ قويۇپ يېتىپ قالغان ئاتنى يۆلىدى، تارتىشتۇردى. ئاڭغىچە شور باسقان يەنە بىر ھارۋا كېلىپ قېلىپ، ھارۋىكەشنىڭ ياردىمى بىلەن ئاتنى ئارانلا تۇرغۇزغان بولۇشتى. لېكىن ئاتنىڭ ئالدى ئوڭ پۇتى يەر دەسسەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— پۇتى سۇنۇپتۇ، — دېدى ياردەملىشىۋاتقان ھارۋىكەش ئاتنىڭ پۇتىنى سىلاپ كۆرۈپ.

نىياز بېشىدىن بىر چېلەك سۇ قۇيۇلغاندەك بولدى. ئۇ باياتىن ئاتنىڭ پۇتىنىڭ بۆرتۈپ چىققان ئۇستىخىنىنى كۆرگەن، لېكىن مۇشۇنداق بولماسلىقىنى خۇدادىن تىلىگەنىدى. لېكىن ئاتنىڭ پۇتىنىڭ سۇنغانلىقى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

نىياز ئۈچ پۇتلۇق بولۇپ دىڭگوسلاپ قالغان ئاتنى يېتىلەپ مەھەللىگە كەلگۈچە، بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ بولغان قاسىم قارىي كوچىنىڭ دوقمۇشىدا چىرايىنىڭ ئۆڭسۈلى يوق ھالەتتە ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى.

— ئاتنى ساڭا ساق تاپشۇرغان، ساق ئالىمەن. بۇ چولاق ئاتنى نېمە قىلساڭ ئۆزۈڭ قىل، — دېدى ئۇ ئۆزگىرىپ كەتكەن ئاۋازى بىلەن بوغۇلۇپ سۆزلەپ. يىغىلغانلارنىڭ سالا - سۆلھىسى بىلەن چولاق ئاتقا نىياز ئىگە بولىدىغان، نىياز ئات ئىگىسىگە يا يېڭىدىن بىر ئات ئېلىپ بېرىدىغان، يا بولمىسا بۇ يىل 15 كۈرە بوغداي، ئېتىسىلىككە 15 كۈرە بۇغداي ياندۇرىدىغان قىلىپ كېلىشتۈرۈلدى. نىياز گۇناھكاردەك بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە لام - جىم دېمەي ئاتنى يېتىلەپ ئۆيگە ياندۇرۇپ كەلگەنىدى.

ئاتنىڭ پۇتىنى تاڭدۇرۇپ باقتى، بىلىگەن، ئاڭلىغان ئامالالارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ كۆردى. ئۇلارنىڭ ئاتنى باققان بىلەنمۇ پەقەتلا سەمرىتكىلى بولىدىغان، پۇتىنى ئوڭشىغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزلىرى يېتىپ، بازاردىكى قاسساپلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلىشقانىدى. شۇ ئىشلار بىلەن ئارىلىقتا ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بۈگۈن سەھەردە زۆھرەخان قادىر بىلەن بىللە ئاتنى ئېلىپ بازارغا كىرىپ كەتكەنىدى.

— نەچچە قاسساپنى ئىزدەپ باقتۇق. بىرى مەن ئات سويالمايمەن، ئاتنىڭ گۆشىنى خەق تازا ئېلىپ كەتمەيدۇ، دېدى. يەنە بىرى ھازىر خەقنىڭ قولىدا پۇل نېمىش قىلسۇن، نېسىگە ساتىمەن، دەپ يوق بىلەن بارنىڭ ئارىسىدىكى باھانى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. ئاخىرى ئامال يوق مەھەللىگە ياندۇرۇپ كېلىپ سويدۇق. خەقلەر بىرمۇ ئاشلىقتىن ئېلىشتى. ھەممىسىلا كۈزلۈكتە ياندۇرلارمىز دېيىشىدۇ. يانامدۇ، يانمامدۇ خۇدايىم بىلىدۇ. ئىشقىلىپ نەزىر بولۇپ كەتتى.

زۆھرەخان بالىسىنى ئېمىتكەچ يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بەردى. ئېرىنىڭ مۆكچىيىپ كەتكەن ھالىتىگە قاراپ ئىچى ئاغرىپ، كۆڭۈلنى كۆتۈرىدىغان گەپلەرنى تېپىپ دەي دېسىمۇ ئۇنداق گەپلەرنى تاپالمىدى. نىياز بولسا شۇمشەيگىنىچە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپلا كەتتى. ئۇنىڭدىن يا ئاق، يا قارا دېگەن زۇۋان چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ زۆھرەخان سەل چېچىلغاندەك:

— بىزنىڭ ئاتنى مەھەللىدە سويغىنىمىز بولماپتۇمۇ-يە؟ — دەپ سورىدى ۋە ئېرىنىڭ يەنىلا ئۈن چىقارمىغانلىقىنى كۆرۈپ يىغلامسىرىغان ھالەتتە سۆزلىدى:

— بۇنچىلىك بوشاپ كەتمىسىلە، باشقا كەلگەننى كۆرمەكتىن باشقا نېمە چارە، بالا-قازا شۇنىڭ بىلەن تۈگەر، مانا نەزىر قىلغاندەكلا ئىش بولدى. خۇدايىم بار دېمەكتىن باشقا نېمە دەيمىز. گەدىنىدە قەرزى بار بىزلىمۇ؟ ھەممىلا خەق شۇنداق ياشاۋاتىدىغۇ، ئۇلارمۇ ئۆلۈپ قالمىدى، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار. باشنى كۆتۈرسىلە، سىلى بوشاپ كەتسىلە ئانا-بالا قانداق قىلىمىز؟

نىياز بېشىنى كۆتۈرۈپ يىراقتىكى مەلۇم بىر نۇقتىغا قادىلىپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن پەس ئاۋازدا گەپ قىلدى:

— مەن تارتقان جاپالىرىمغا ئۆكۈنمەيمەن، جاپادىن يىقىلىپمۇ قالمايمەن. لېكىن شۇنچە تىرىشىپ-تىرماشساممۇ كۈنۈمنىڭ ئۆڭشالماي، تەتۈرىگە كېتىپ بارغانلىقىغا ھەيرانمەن. سېنى ئالغاندا ئۆزۈمگە ئىشەنچىم بار ئىدى. سېنى ياخشى كۈنگە يەتكۈزەلەيمەن، دەپ ئويلىۋېدىم. ھازىر كۆزۈم يەتمەيۋاتىدۇ. سىلەرنى جاپاغا قويدۇم، ھەي...

نىياز ئۇھ تارتىپ سۆزدىن توختاپ قالدى.

— ئۇنداق دېمىسىلە، مەن سىلىدىن كۆرمەيمەن. پېشانىمىزدىن كۆرىمەن. كەمبەغەلنىڭ ئىشى مۇشۇنداق تەس بولىدىكەن، بۇنىڭغا شۈكۈر دېمەي نېمە ئامال. لېكىن ئۈمىد ئۈزمىسىلە، ئوغلىمىز چوڭ بولۇۋاتىدۇ. ھايت-ھۇيت دېگۈچە ئۇمۇ ئەسقېتىپ قالىدۇ. قاراپ باقسىلا، كۈن ئالالمايۋاتقانلار بىزلا ئەمەسقۇ، ھەممىلا خەقنىڭ كۈنى بىزدەكلا، ھال-كۈنى ياخشى دېگەنلەر شۇ بىر-ئىككىلا باي خەقلەر. قالدى خەقنىڭ ھالى بىزدەكلا، ھەتتا بىزدىن بەتتەرلىرىمۇ خېلى بار. بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر خۇدايىم. بەل قويۇۋەتمىسىلە، قەرزىمىزنىڭ يېرىمىنى بۇ يىل ئۈزۈۋەتسەك، قالغىنىمۇ تۈگەپ قالار. جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان.

زۆھرەخاننىڭ گەپلىرى نىيازغا سەل تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭ مۇزلاپ كەتكەن ۋۇجۇدى سەل ئىللىغاندەك بولدى. خوتۇنى ئەكەلگەن ناننى يەپ، چاينى ئىچتى. ئاندىن ئەر-خوتۇن بىرلىكتە ئېتىزغا قايتىپ كەلدى. قوش ھەيدەۋاتقان نىيازنىڭ ئۇلاققا ھاي-ھايلاشلىرى، زۆھرەخاننىڭ

چاڭگىلىدىغان ئاۋازى قايتا ياڭراشقا باشلىدى.

3

خامان مەزگىلى. نىياز ئارا بىلەن سامانىنى بىر يەرگە يىغىۋاتاتتى. يېنىدا زۆھرەخانمۇ ياردەملەشمەكتە. شۇ ئەسنادا قادىر كېلىپ قالدى، ئۇ:

— ھارمىغىلار ئاداش! — دېگىنىچە بىر چەتتە دۆۋىلەكلىك ساپ ئۇگۇتنىڭ يېنىغا كەلدى.

— 22 كۇرە بۇغدايدىن قالغىنى مۇشۇلىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئەجەبلىنىپ. چۈنكى ئاخشام بۇغدايىنى ئۆلچىگەندە ئۇ بار ئىدى، شۇ چاغدا 22 كۇرە چىققانىدى.

— ئەتىگەندە قاسىم قارىيكام كەپتۇ. 18كۇرىنى ئېلىپ كەتتى، — دەپ چۈشەندۈردى نىياز ۋە ئۇلاپلا، — 15 كۇرىسى ئاتىنىڭ، ئۈچ كۇرىسى ھارۋا ئىشلەتكىنىڭ، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— يەنە باشقا بېرىشىڭمۇ بارمۇ؟ ھە راست، ئۇرۇقلۇققا ئالغان ئىككى كۇرىنى تۆت كۇرە قىلىپ ياندۇرىسەن. ئاپلا، ئۇنداقتا...

قادىر گېپىنى تۈگەتمەي توختاپ قالدى. چۈنكى بۇ دۆۋىلەكلىك تۆت كۇرە بۇغدايىنى بېرىۋەتسە نىيازغا ھېچنەرسە قالمايدىغانلىقىنى ئاغىنىسىنىڭ ئېسىگە سالغۇسى كەلمىدى. بىرلىق بۇ ئاقىۋەتنى قادىر دېمىگەن بىلەن نىيازنىڭ ئۆزى دەۋەتتى:

— ئۇنداقتا نېمە بولاتتى. ئالتە ئاي ئىشلەپ، قالدىم لېۋىمنى چىشلەپ بولىدىغۇ شۇ. بولدى ئاداش، بۇنداق بولۇۋاتقانلار بىزلەمدۇق. ئەكىلە تاماكاڭنى، بىر چېكىشىلى.

قادىر تاماكا خالتىسىنى يوتىسىدىن يېشىۋېتىپ ئاغىنىسىگە دىققەت قىلدى. چۈنكى ئوڭاي غەيرەتلىنىپ ئوڭاي سوۋۇيدىغان نىيازنىڭ بۈگۈنكى نەتىجىنى قوبۇل قىلىشى تەس ئىدى. قادىر ئاغىنىسىنىڭ كەيپىياتىدىكى نورماللىقنى خاماننىڭ ئاقىۋەت مۇشۇنداق خۇلاسىلىنىدىغانلىقىنى ئەر - خوتۇن ئىككىسىلەن ئالدىن پەرەز قىلىشىپ، كۆنۈشۈپ قالغانلىقىدىن دەپ چۈشەندى. بۇ ئەھۋال قادىرنى ئاز - تولا خاتىرجەم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاغىنىسىنىڭ ھال - كۈنى ئۆزىگە بەش قولدەك ئايان بولغاچقا، ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىلا غەشلىكتىن قۇتۇلالمىدى. نىيازنىڭ ئۆزىنى بۈگۈنكىدەك تۇتۇۋېلىشىنى كۈتكەن بولسىمۇ، لېكىن قىش - ياز، كېچە - كۈندۈز ئات - ئېشەكتەك ئىشلەپ، ئاخىرى قۇرۇق سامانغا ئىگە بولغان ئەر - خوتۇنغا ئىچى ئاغرىدى. بۇ يىلغۇ مۇشۇنداق بولدى، بۇلتۇرمۇ شۇنداق بولغانىغۇ، ئۇنىڭ ئالدىدىچۇ؟ پەلەكنىڭ چاقى كەمبەغەللەرگە تەتۈر چۆرگىلىمىدىغاندۇ؟ خۇدايىمنىڭ كۆزى يوقمىدۇ؟ قادىر ئىچ - ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاچچىقىنى باسالماي سۆزلەپ قويۇپ، نىياز بىلەن زۆھرەخاننىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىپ قويۇشتىن قورقۇپ ئالدىراپ كېتىپ قالدى. لېكىن كۈن كەچ بولغىچە ئۇنىڭ ئەس - يادى نىيازدىلا قالدى. بولۇپمۇ ئۈچ يىلدىن بۇيان نىيازنىڭ زور ئۈمىدلەر بىلەن جان پىدا قىلىپ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەدېسىلا كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقى قادىرنىڭ كاللىسىدىن زادىلا ئۆتمىدى. كەچقۇرۇن قوشنىسىدىن ئېشەك ھارۋىسىنى ئۆتنە ئېلىپ، يەنە بىر ئاغىنىسىنىڭكىگە بېرىپ، ھەپتە كۈن بۇرۇن سۆزلىشىپ قويغان ئىككى تال چەكزىنى ھارۋىغا بېسىپ نىيازنىڭكىگە كەلدى.

ئىشنىڭ ئالدىدىكى تاراق - تۇرۇقنى

ئاڭلاپ نىياز ئۆيدىن چىقتى. ئۇنىڭ كەينىدىن زۆھرەخانمۇ تاشقىرىغا چىقتى.

— قادىرمۇ سەن؟ — دېدى نىياز ئاغىنىسىنى تونۇپ، — نېمىلەرنىڭ بۇ ھارۋىدىكى؟

— نېمە بولاتتى، چەڭزە، مۇنۇ يىقىلىۋالاي دەپ قالغان ئالچۇقىڭغا تىرەك قويمىساق بولالماي قاپتۇ، بىكە، ياغاچنى چۈشۈرۈۋالايلى.

ئىككى ئاغىنە ياغاچنى چۈشۈردى. ھازىر كۆز باغلانغان ۋاخ بولغاچقا، تىرەك قويۇشنى كۈندۈزگە قالدۇرۇپ قادىر كېتىپ قالدى. قادىر ماڭغىچە نىيازنىڭ كۈزلۈك بۇغدايىنىڭ ئورنىغا قوناق تېرىشنىڭ پىلانىنى قىلىپ قويغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ قالدى.

نىياز ئاغىنىسىنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ قالدى. بالىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ زۆھرەخانمۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. نىياز بىر دەمسەپ، ئىككى دەمسەپ ئۆينىڭ تۆت تەرىپىنى بىر چۆرگىلەپ چىقتى. ھازىر قاراڭغۇ بولسىمۇ ئالچۇقنىڭ بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ۋاقتىدا تىرەك قويۇلمىسا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. نىياز نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئالچۇقنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەن، لېكىن ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ كەتمىگەنىدى. غەلىتە ئىشقۇ بۇ، زۆھرەخانمۇ نەچچە قېتىم ئەسكەرتكەن. بۇ گەپلەرمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىدا توختىماپتۇ. بۇ ئالچۇقتا ئۇزاق ئولتۇرىمەن دەپ ئويلىمىغان-دە. ئۇنىڭ ئېس-يادى ئېتىزلىقتىن باشقا نەرسىدە بولغان ئەمەس، بۇلتۇرمۇ شۇنداق ئىشلىگەن، ئۇزاقى يىلىمۇ شۇنداق. ھەر يىلى قىشقىچە قەرزىگە بوغۇلىدىغان گەپ. كۈزلۈك قوناقتا چوڭ ئۈمىد باغلىغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈمىدى مۇشۇ خامانغا باغلانغانىدى. مانا بۈگۈن خامانمۇ تۈگىدى. ئىلگىرى مۇشۇنداق نامازشامدا ئۆيگە يېنىپ كېلىپ باقمانىدى. مانا بۈگۈن ھەممىسى تۈگەپ بالدۇرلا يېنىپ كەلدى. ھە راست، تۈگىمىگەن نەرسىمۇ بار. گەدەندە يەنە 15 كۈرە بۇغداي قەرز بار. ئېسەندە يەنە بۇ يىلقىدەك بولارمۇ؟

نىياز ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى قادىر ئەكىلىپ بەرگەن چەڭزىلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. ئۇ ئۇزۇندىن بېرى بۇنداق بىكار ئولتۇرۇپ باقمىغان. ھېرىپ-ئېچىپ ئەل ياتقۇدا ئاندىن ئۆيىگە ياناتتى. غىزانى يەپ بولمايلا ئۇيقۇغا كېتەتتى. تاڭ سۈزۈلمەيلا كۆزىنى يىرتىپ ئېچىپ ئېتىزغا ئالدىرايتتى. نىياز تۇنجى قېتىم ئۆزىنى ئالدىرىغۇدەك ئىشى قالمىغاندەك سەزدى. بۇنىڭدىن چوڭقۇر خورسىندى. ياق، قىلىدىغان ئىش يوقمۇ ئەمەسكەن. ئالچۇققا تىرەك قويمىسا بولمىغۇدەك، ئىككى تىرەك يەتمىسە قانداق قىلارمەن؟ ياغاچ تېپىش كېرەك. كىم بىلىدۇ بۇ ئالچۇقتا يەنە نەچچە يىل ئولتۇرىدىكىن؟

نىياز يامغۇردا تامچە ئۆتۈپ توختىمايدىغان، شاخ-شۇمبىلىرىنىڭ ئارىسىدىن شىۋىرغان غۇرقىراپ ئۆتۈپ تۇرىدىغان ئالچۇقىغا ئۇزاققىچە تىكىلىپ ئولتۇردى. كونىراپ ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن ئالچۇقمۇ خۇددى نىيازنىڭ خىياللىرىنى بىلگەندەك مۇڭلىنىپ قاراپ تۇراتتى.

بۇ ھېكايە 1948-يىلى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئورگان گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان

*(ئاپتورنىڭ «كۆڭلۈم سىنىلىدۇ» ناملىق توپلىمىدىن ئېلىندى)*

مۇھەررىر پاتىگۈل ئەخمەت

ھۆسەن روزى (تىرىك)

# چىغىر يولدىكى قاچقۇن

(ھېكايە)

يىلان باغرى چىغىر يولدا 40 ياشلار ئەتراپىدىكى تەتۈر ئۆستىخان، قويۇق سا- قال ـ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ چاڭگىلاشقان، ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقى تىزىغىچە تۈرۈل- گەن. يالاڭ ئاياغ بىر ئادەم ئالاقزادىلىك بىلەن كەينىگە پات ـ پات قاراپ قويغاچ ئاسقاقلاپ كېتىۋاتىدۇ.

— ھەي نىجىس يامغۇر، — دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە غۇدۇراپ، — يامغۇر ئەمەس پالاكەت ياغدىغۇ... لېكىن... نېمىلا بول- مىسۇن جان ئامان قالدى. «جان بولسا جا- ھان، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن. ئالدىم- دىكى ئاقتاغقا ئامان ـ ئېسەن يېتىۋالسا ملا قالغان ئىشىم ئاسان...

ئۇ كېتىۋاتىدۇ. يولدا ئەمەس گويا دار ئۈستىدە ماڭغاندەك ھەر بىر قەدىمىنى ئېھتىيات بىلەن ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. سەللا بىخەستەلىك قىلسا پاتقاقتا تېيىلىپ يې- قىلىدۇ. ھېلىمۇ ئالتە قېتىم ئۇخلىسىغا



چۈشتى. دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ. ئۇنىڭ مې- ڭىۋاتقىنى كونا چىغىر يول. بۇ چىغىر يول بىر چاغلاردا «ئوغرى يولى» دەپمۇ ئا- تالغان. ئۇ ھازىر كىشىلەر ئاسانلىقچە

ماڭمايدىغان مۇشۇ خىلۋەت يول بىلەن مېڭىشقا مەجبۇر.

مەغپۇر بىر نەچچە يىلنى ئاشۇ تاغ باغرىدىكى يېزىدا ئۆتكۈزدى. ھازىر ئۇ يېزىنىڭ نامىنى پەقەتلا تىلغا ئالغۇسى يوق. بۇ قېتىم ئاشۇ يېزىدىكى بەزى ھاجەتمەنلەر ئەۋلىيادەك كارامىتى بار بۇ زاتقا ھاقارەت كەلتۈردى. ئۇنى نىمجان سازاڭدەك مانا مۇشۇندلق پاتقاق ئىچىدە ئۆمىلەشكە مەجبۇر قىلدى. دۇرۇس، ئۇنىڭمۇ پاختىكى ئوڭدا ئۇچقان چاغلىرى بولغان... ئۇ چاغلاردا ئارىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشكەن ئەر-خوتۇنلار، تۇغماس ئاياللار، ئالدى «باغلىنىپ» قالغان ئەرلەر، ئۇزاق ۋاقىت تۇل ئولتۇرۇپ قالغان قىز-چوكانلار ئۇنى ئىزدەپ تەرەپ-تەرەپتىن كېلەتتى. ئۇ بارلىق «ھۆنىرى»نى ئىشقا سېلىپ ئۇلارغا «سەۋەب» قىلاتتى. ئۇ موللىلاردەك قونچاققا ياكى يىگىنلەرگە ئوقۇمايتتى. باخشىلاردەك پېرە ئوينىمايتتى. پەقەت قاراڭغۇ چۈشۈپ، كۆز باغلانغاندا ئۆگزىگە چىقىپ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا ئەستايىدىللىق بىلەن قارايتتى. ئاندىن ئىچىدە بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ قېشىدىكى ھاجەتمەننىڭ يۈزلىرىگە ھۈرۈيتتى. ئۇنىڭغا لايىق پەرھىزلەرنى تاپىلايتتى. نەتىجىدە بەزى «سەۋەب»لىرى مۆجىزىدەك ئۈنۈم بېرىپ ھاجەتمەنلەرنى قايىل قىلاتتى. ئاشۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە كەلگەن بىر ھاجەتمەن ئەر ھەم ئۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭ كۆڭۈل خاتىرىسىدىن ھازىرغىچە ئۆچكىنى يوق. ئەر كاۋاپچى ئىدى.

— ھە، نېمە گەپ؟ — دەپ سورىدى مەغپۇر ئالدىدا قول باغلاپ تۇرغان كاۋاپچىغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ قولىدىكى تەسۋىسىنى سىيرىگەچ.

— قارىيكا، ئايالىم...

— نېمە بولدى؟ ئوچۇق دېمەمسەن؟

— كۆرمەمدىلا، ئايالىم تۇغماس چىقىپ قالدى. بۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ بىرەر ئامالى بارمىكىن دەپ...

— شۇ ئىشمىدى، بۇنىڭ چارىسى ئاسان.

— ئاغزىلىرىغا ناۋات، قارىيكا.

— قۇلاق سال، ئاياللىڭغا قىلىدىغان سەۋەبلەرنىڭ پەرھىزلىرى قاتتىق، كېتىدىغان خەج-خىراجىتى يۇقىرى، قوبۇل كۆرەرسەنمىكىن؟

— مەيلىدى، ئەسلى-ۋەسلىم كەتسىمۇ...

— ئەمىسە، ئالدىمىزدىكى چارشەنبە كۈنى كەچقۇرۇن كۆرۈشەيلى.

كاۋاپچى مەغپۇرغا يۈكۈنۈپ تەزىم قىلغىنىچە خوشلىشىپ قايتىپ كەتتى. مەغپۇر ئۆزى دېگەن پەيتتە كاۋاپچىنىڭ قورۇسىدا پەيدا بولدى. ئۇ سايمۇ ساق بەش ئاخشام ئۆگزىدە ئولتۇرۇپ كاۋاپچىنىڭ ئايالى توختەش قىزغا «سەۋەب» قىلدى. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە كاۋاپچى ئالاھىدە سوۋغا-سالام بىلەن كېلىپ، مەغپۇرغا رەھمەت-تەشەككۈر ئېيتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئايالىنىڭ بويىدا قالغان ئىدى. خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن كاۋاپچىغا قاراپ مەغپۇر ھاياجىنىنى باسالماي قالدى.

مېنى ئىزدەپ باغراشتىن كەلگەن ھېلىقى ئاق پىشماق جۇۋانغا ئۆگزىدە ئۈچ كۈنلا «سەۋەب» قىلسام، ئۇنى دائىم كېچىدە مەست كېلىپ ئۇرۇپ-دەسسەپ خورلايدىغان ھاراقكەش ئېرى ئارغى بۇلاقتا قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتسە بولىدۇ. كۆرمەمدىغان ماۋۇ ئۇدۇل كەلگەننى!... نۇرغۇن كېچىلەرنى ئۆگزىلەردە



www.uyghurkitap.com

ھاجەتمەنلەرگە سەۋەب قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدۇم. ئامىتىم ئوڭدىن كېلىۋەردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەيسا شەيخنىڭ ماھارەت، كارامەتلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگەنگەنلىكىمنىڭ نەتىجىسى... مەغپۇر كېتىۋېتىپ شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

2

ئەتراپى قۇم بارخانلىرى بىلەن قورشىلىپ تۇرغان يېزا... قەدىمىي ياردائىڭنىڭ ئىككى قېشىغا تەرتىپسىز سېلىنغان كېسەك ئۆيلەر، كۆككە بوي سوزۇپ تۇرغان سۇۋادانلار، ئېگىز پەشتاقلىق مەسچىت ئالدىدا مۇناردەك چوقچىيىپ تۇرغان قېرى سېدە دەرىخى، ئۇستىنى چاكاندا، يۇلغۇنلار قاپلىغان دۆڭلەر، يار بويىدىكى كونا تۇگمەن... مانا بۇ، مەغپۇر ئۆسۈپ چوڭ بولغان ماكان! ئۇ ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى مالىمانچىلىق باشلاندى. ياڭراق شوئار سادالىرى ھەتتا قۇم بارخانلىرىنىمۇ تىترەتتى. ئىستولبا، دەرەخ، تاملارغا ۋەھىمىلىك چوڭ خەتلىك گېزىتلەر چاپلاندى. دەھشەتلىك «ئۇر... چاپ!..» نىڭ ئوت يالقۇنلىرى ھەممىلا يەرگە تەڭ تۇتاشتى. مەغپۇرنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى «جىن ـ شەيتان»غا ئايلىنىپ، شەھەردىن مۇشۇ يېزىغا چۈشۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ دەرد ـ ھەسرەت ئىچىدە بۇ دۇنيا بىلەن ۋاقىتسىز خوشلاشقىنى ئۇنىڭ غۇۋا يادىدا... شۇنداق قىلىپ ئۇ ئىگە ـ چاقىسىز قالدى. كەنتتىكى جۇۋازچى كېرەم بوۋاي ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. بىر يىلدىن كېيىن مەكتەپكە بەردى. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەن يىلى بوۋاي ئالەمدىن ئۆتتى. مەغپۇر تىنكەندەك يالغۇز قالدى.

بىر نەچچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى.

— سەن خالىق مىراپنىڭ قىزىغا ئاشىق بولۇپ قاپسەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى بىر كۈنى يېڭىدىن سايلانغان كەنت باشلىقى شايۇپ.

— ياقۇتگۈل يۈزى تۈۋەن، بولىدىغان قىز كەن، بىز چىقىشىپ قالدۇق، — دېدى ئۇ گەپنى يوشۇرماي.

— لايىق تاللاش ئۆز ئەركىنلىكىڭ. لېكىن...

— نېمە گەپ بولسا دەۋېرىڭ شايۇپكا.

— خالىق مىراپ دېگەن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان يېزا باشلىقى جارۇپ قاپقاننىڭ نەۋرە ئىنىسى، بۇنى بىلەمسەن؟

— بىلدىم ئاكا. لېكىن مەن ئۆيىنى ئۇلار بىلەن تۇتمايمەن ـ دە؟

— شۇنداقتىمۇ ئويلىنىپ ئىش قىلغىنىڭ تۈزۈك، ئۇلار بەكمۇ ئوسال خەقلەر. ئەڭ ياخشىسى بۇ نىيىتىڭدىن يان. —

بۇ گەپلەر ئىشق سەۋداسىغا گىرىپتار بولۇپ، مەجنۇنلۇق كوچىسىنى كېزىپ يۈرگەن مەغپۇرنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى...

* *

مەھەللىدە «خالىق مىراپ قىزى ياقۇتگۈلنى ھامۇت قارىمغا بەرگۈدەك» دېگەن خەۋەر تارقالدى. بۇنى ئاڭلاپ مەغپۇرنىڭ بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى.

مەغپۇر خالىق مىراپنىڭ ھويلىسىغا يېقىنلاشقاندا ھويلا ئىچىدىن ئاڭلىنىۋاتقان يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، يۈرىكى بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك، ئورنىدا چىپپىدە توختىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە دەل ـ دەرەخلەرمۇ دەلدەڭشىۋاتقان مەست ئادەملەردەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئەمدىلا بىرقەدەم مېڭىشىغا غە-

زەپلەك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— توختا شۇمپەن!

مەغپۇرنىڭ ئالدىغا جاراپ قاپقاننىڭ ئوغلى لېتىپ كەلدى.

— كىمنى دەيسەن؟

— سەن كەلگىنىڭنى. ھۆركىرىمىسەنغۇ؟ — دېدى لېتىپ ئۇنى يەۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ھۆرپىيىپ، — كېلىنگلار، ماۋۇ گۆينىڭ بۇرنىنىڭ بېزىنى ئېلىپ قويايلى، ھەممىسى مۇشۇ يېتىم ئوغلاقنىڭ ئىشى!

مەغپۇر مۇشت ـ پەشۋانىڭ ئاستىدا قالدى. ئۆلۈم پەتىسىدىن ئۈزۈپ چىقىۋالغانلار ئۇلارنىڭ ئەترىپىغا ئولاشتى.

— ھاي، ھاي، ئۇنداق يولسىزلىق قىلىشمىسىلا، — چوڭ ياشلىق بىرەيلەن ئارىغا چۈشتى، — نېمە گەپ بولسا چىرايلىق دېيىشەيلى.

— ئۇ قىز چاشقان دورىسى يەپ ئۆلۈۋېلىپتۇ. بۇنىڭ ھەممىسى تاشنى تاياققا تاڭغانلىقنىڭ ئاقىۋىتى. ھاموت قارىمۇ «قىرىغاندا قىرى تارتۇق» دېگەندەك ياش قىزغا كۆزى چۈشۈپتۇ. ھازىر دېگەن قانداق جاھان، — دېدى ئارىدىن بىرەيلەن.

— شۇ ئەمەسمۇ. بۇنىڭدا نېمە گۇناھ — ئىيسا شەيخ شۇنداق دەپلا مەغپۇرنىڭ بىلىكىدىن تۇتقىنىچە كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. مەغپۇرمۇ گەپ ـ سۆز قىلماي ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

— ھەي مەغپۇر، ھەي مەغپۇر، — دېدى ئۇ مەغپۇرنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىۋېتىپ، — سېنى راستىنلا نەس بېسىۋالدىمۇ. مەن ئاتا ـ ئاناڭنى ئوبدان بىلىمەن. ئۇلار بىمەھەل ئۆلۈپ كەتتى. ھەي... ساڭا ئىچىم ئاغرىيدۇ. راستىنى دېگەندە سېنى يامان كۆرۈۋاتقانلار مۇشۇ يەرلىك ھاشىم توقماقنىڭ ئەۋلادلىرى! ئۇلار سىرتتىن كەلگەنلەرنى ئاسانلىقچە ئارىغا ئالمايدۇ. بۇ گۈندىن باشلاپ مېنىڭ پېشىمگە مەھكەم ئېسىل. بۇ دۇنيادا ياشاشنىڭ يوللىرى كۆرمىڭ! سېنى قوشاق توقۇيالايدىكەن، دەپ ئاڭلىدىم. ساڭا مەشرەپنى، سوپى ئاللايارنى ئۆگىتىمەن. يۇلتۇزلارغا قاراپ قۇرئە سېلىشنى ئۆگىتىمەن... سەن كاتتا ئۆلىماغا ئايلىنىسەن. داڭقىڭ چىقىدۇ. ھاجەتمەنلەر سېنى ئىزدەيدۇ...

3

چىغىر يولدا پاتقاق كېچىپ، يىقىلىپ ـ قوپۇپ كېتىۋاتقان مەغپۇر ھېرىپ ھالىدىن كەتتى. بېشى قېيىپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. يوتىسىنىڭ ئاغرىقى ئەمدى ئۇنىڭ مېڭىسىگە چىققان ئىدى. مىدىرلاشقىمۇ ماجالى قالمىغان مەغپۇر ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ سوزۇلۇپ ياتتى. شۇ ئەسنادا ئاقتاغ تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلگەن بىر نەچچە قۇزغۇن ئۇدۇل كەلگەنچە پەسلەپ ئۇنىڭ باش ئۈستىدە ئەگىشكە باشلىدى. ئۇ بېشىنى تەسلىكتە كۆتۈردى. باش ئۈستىدە قالايمىقان ئۇچۇشۇپ، بەس ـ بەس بىلەن قاقىلدىشىۋاتقان بۇ شور تۇمشۇقلارنى كۆرۈپ سەپرايى قىرىق گەز ئۆرلىدى. بۇ شۇم ئاۋاز، تەييار تاپلارنى ئېزىقىدا چايناپ پۇركۈۋەتكۈسى كەلدى. بىراق، ھازىر ئۇنىڭدا ئورنىدىن تۇرغۇدەك ماجال يوق. قۇياش بولسا يىراقتىكى تاغلار ئۈستىگە قونۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئاقتاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالسامىلا پەسكە قاراپ ماڭماق ئوڭاي. شەھەرگە بېرىپ قوينۇمدىكى مۇنۇ مۇنەك ـ مۇنەك پۇللارنى خەجلەيمەن، ئۇ شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ قويۇن يانچۇقىنى سىلاپ قويدى. ئۇنىڭ خىيالى يەنە ئۆتكەن كۈنلەرگە كەتتى.



www.uygurkitap.com

سالقىن تاغ شامىلى تەنلەرگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. سېرىق بوياق، ئەمەن، شىۋاقلارنىڭ پۇرىقى دىماغلارغا ئۇرۇلاتتى.

— خوش يىگىت، — دېدى مەغپۇر، گەپ قىلماي ئولتۇرغان يىگىتكە قاراپ، — سەن بىلەمسەن ئۆتكەندە دىدارلاشقان، بۇ كىشىنى تونۇمىدىڭمۇ؟

— ئىسمى تۇرداخۇن، قارىغاندا، مەن سىلىگە دېگەن مۇئەللىم چوكاننىڭ دادىسى بولىدۇ.

— شۇنداق ـ شۇنداق، — دېدى تۇرداخۇنمۇ ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ، — ئۆزلىرىنى سەۋەبكە سايە قىلىپ كېلىشتىم. مانا بۇ بىزنىڭ ئازغىنە كۆڭلىمىز. لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ...

— نېمە بۇ؟ پۇل؟ بۇرادەر بۇ قاملاشمىدى. ئەجىر قىلماي تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ ھەققىگە قول ئۇزاتساق قانداق بولىدۇ؟ ياق... بۇنى...

— ئاز كۆرگەن بولسىلا، مانا ماۋۇنىمۇ قوشۇپ قويay... ئىگەكىم ئاشۇ قىزىم تۇللۇقتىن قۇتۇلىدىغانلا ئىش بولسا...

— يوقسۇ ـ يوقسۇ ... ئەستا...

بۇ... — مەغپۇرنىڭ تەلەپپۇزى بىراقلا يۇمشاپ قالدى، — ئۆزلىرىگە دېسەم مۇشۇ كۈنلەردە پېقىر بەك ئالدىراش...

— بۇنىڭدىن خەۋىرىم بار قارىسام، شۇڭا بىزگە پات ئارىدىكى نۆۋەتنى بەرسىلا، دېگەن ئۈمىدتە ئاتايىن...

— خەير بوپتۇ... ئەمما، دېمەكچى بولغىنىم، قىزلىرى مۇئەللىم ئىكەن. كېيىن بىرەر چاتاق...

— ئۇ كەنت مەكتىپىدە ئۇششاق بالىلارنى ئوقۇتىدۇ... شۇ...

— ئاغزى مەھكەمدۇ؟

— ئۇ تەرەپلىرىدىن خاتىرجەم بولسىلا.

— ئەمىسە، كېلەر پەيشەنبە كۈنى باراي.

— ئۆزلىرىگە كۆپ رەھمەت قارىسام.

پەيشەنبە كۈنى قاش قارايغان مەھەلدە مەغپۇر تۇرداخۇننىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى. غىزادىن كېيىن مەغپۇرنىڭ تەلىپى بويىچە دەرۋازا ئىچىدىن قۇلۇپلاندى. ئۆگزىگە گۈللۈك شىرداق سېلىندى. ئۇ ئىچىدە تۆۋەندىكى قوشاقنى ئوقۇغىنىچە ئۆگزىگە چىقتى:

كەلدى يەنە نەق پۇرسەت،
ھاجەتمەننى خۇش قىلاي.
داۋا سوراپ يۇلتۇزدىن،
نەپ ـ ئامەتنى قوش قىلاي...

— قېنى ئەمىسە خانىم، ئۆگزىگە، — دېدى ئۇ پەسكە قاراپ.

— بولە قىزىم ھاۋاگۈل، قارىسام ساقلاپ قالدى، — دېدى تۇرداخۇن قىزىنى ئۆگزىگە چىقىشقا ئالدىرىتىپ.

مەغپۇر ئۆگزىدە ھاۋاگۈلنى ئۆزىگە روبىرو ئولتۇرغۇزۇپ، ئوقۇشنى باشلىۋەتتى: «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەش شەيتانىررەجىم، بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم... »

ئۇنىڭ ئاۋازى گاھ غىڭشىپ ئېيتىلىغان ناخشىدەك، گاھى پاشىنىڭ ۋىڭىلدىغان ئاۋازىدەك، بىر تۇرۇپ يىراقتىن كېلىۋاتقان يىغا ئاۋازىدەك ئاڭلىناتتى. ئۇنىڭ زۇۋانى دىمىغىدىن چىقىۋاتقاچقا، ئايەتنىڭ سۆزلىرىنى ئېنىق بىلگىلى بولمايتتى. تۈن تەڭدىن ئاشقاندا تۇرداخۇن بىلەن ئايالىنى ئۇيقۇ باستى. ئۇلار ھويلىدىكى تامغا يۆلەكلىك شوتىغا يېقىن سېلىنغان پالاس ئۈستىگە قىڭغىيىشتى. ئايەت تالاي قېتىم تەكرارلاندى. تاڭ يورۇپ، مەسچىت تەرەپتىن

ئەزاننىڭ ئاۋازى كەلگەندە مەغپۇر ئويقۇسىدىن ئويغاندى. ئۇ ئالدىدا ئولتۇرغان ھاۋاگۈلگە قاراپ كۆڭلىدە: بىر كۆزى سەل قىسىماق بولغان بىلەن، چىرايى ئاق پىشماق، غۇنچە بوي، كېلىشكەن چوكانكەن. يېشى ئوتتۇزلاردىن ھالقىغاندەك تۇرغىنى بىلەن بىر قامچىلىقى بار ئىكەن ئەمەسمۇ كاساپەتنىڭ، دېگەنلەرنى ئويلىدى. مەغپۇر ئۆگزىدىن چۈشۈپلا ئالدىراپ تاھارەت ئالدى. چۈنكى ئۇ كېچىسى ئۇخلىمىغاچقا بامدات نامىزىدىن كېيىن قانغۇدەك ئۇخلىۋېلىشقا ئادەتلەنگەن ئىدى.

ئەتىسى كەچتە ئاسماندا يۇلتۇزلار پەيدا بولۇش بىلەن تەڭ مەغپۇر خۇددى مايمۇندەك شوتىغا ياماشتى.

— خانىم، — دېدى ئۇ ھاۋاگۈلنى ئۆزىگە روبىرو ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ئاۋۋال تۆت ئەتراپقا، ئاندىن بىپايان ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ، — بۈگۈن كېچە سىز يۇلتۇز سانايسىز. مەن سىزنىڭ يۇلتۇزىڭىزغا قاراپ ئوقۇيمەن.

— دېگەنلىرىدەك بولسۇن قارىيكا.

ئاسماندىكى يۇلتۇزلار بىر-بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك چاقنىشاتتى. ھاۋاگۈل تاپشۇرۇق بويىچە ئەڭ پەستىكى يۇلتۇزدىن قىرىق بىرنى، ئەڭ ئېگىزدىكى يۇلتۇزدىن ئوتتۇزنى ساناش بىلەن ھەلەك ئىدى. يەتتە قېتىم ساناپ بولغىچە ئۇنىڭ كۆزلىرى تېلىپ، شىللىسى تارتىشىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ساناشنى داۋاملاشتۇردى. ئامال قانچە؟ كۆز ئالدىدىكى مۇنۇ قارىمىنىڭ «سەۋەبلىرى» ئۇنۇم بېرىپ قالسا، ئۇ تولىمۇقتىن قۇتۇلىدۇ. ئىناق ئائىلىسى، ئوماق



باللىرى بولىدۇ...

دەل شۇ پەيتتە تاغ تەرەپتىن قارا بۇلۇتلار يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى. شامال باش كۆتۈردى. ھەش-پەش دېگۈچە ئاسماندىكى يۇلتۇزلار نەگىدۇ غايىب بولۇشتى. ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باستى. لاپاستىن ئۇچقان ئوت-خەسلەر ئۆگزىدىكى ئىككىيلەننىڭ يۈز-كۆزلىرىگە ئۇرۇلاتتى. مەغپۇر كۆڭلىدە خىتاب قىلدى:

ئاچ يۈزۈڭنى ئەي ئاسمان،
يۇلتۇزلارنى ئېچىۋەتكىن!
ھەسەتخور ھاۋارلىي،
رىزقىمغا توپا چاچما!...

ھايال ئۆتمەي گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقتى.

— ھاۋا بۆرە جۇگىسىنى كەيدى. يامغۇرنىڭ شەپىسى كېلىشۋاتىدۇ. ئۆگزىدىن چاپسان چۈشۈپ كېتەيلى، قالغىنىنى ئەتىگىچە... — دېدى مەغپۇر غۇدۇراپ.

ئۈچىنچى كۈنى كەچتە ئىشلار ئۆز تەرتىپى بويىچە داۋاملاشتى. ھاۋاگۇل يۇلتۇز سانىماقتا. مەغپۇر يۇلتۇزلارغا قاراپ ئوقۇماقتا. بۇ كېچە مەغپۇرنىڭ «سەۋەب» ئارىلاپ ئىشلەتكەن بىرمۇنچە ئامال-چارىلىرى ھاۋاگۇلگە قىلچە تەسىر قىلمىدى. ئۇ خۇددى قاتقان مۇزغا، ھېسسىياتسىز تاشقا ئوخشاش ئىپادىسىز ئولتۇراتتى. مەغپۇر بۇ ھالەتتىن قاتتىق نارازى بولغان بولسىمۇ، يەنە چاندۇرمىدى. تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. ئەتىگەنلىك شەپەق بىر پارچە گۈلگۈن شايىدەك ئەتراپقا يېيىلىشقا باشلىغاندا مەغپۇر ئالدىراش شوتىدىن چۈشۈپ، ئۇدۇل ھۇجرا ئۆيگە كىردى-دە، بەئەينى ساپان سۆرەپ ھالىدىن كەتكەن كالىدەك پۇشۇلدىغىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى.

يەنە بىر كېچە باشلاندى. ھاۋاگۇل يۇلتۇزلارغا قارىغانچە ئويغا چۆمدى: توۋا، ئاسماندىن يۇلتۇز ئىزدەش، ئۇنى پەسلىتىش، ئېگىزلىتىش، ئاشۇلارنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىش... بۇلار راستىنلا بەندىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشمىدۇ؟ كىچىكىمدە مومام: «ئاسماندا ھەربىر ئادەمنىڭ يۇلتۇزى بولارمىش. كىمنىڭ يۇلتۇزى كۆكتىن ساقىپ كەتسە شۇ ئادەم بۇ دۇنيادىن كېتەرمىش...» دەيدىغان. مۇنۇ قارىمىنىڭ ئاسماندىكى يۇلتۇزۇمنى كۆتۈرۈپ، مېنى تۇللۇقتىن قۇتقازماقچى! راستىنلا شۇنداق بولارمۇ؟ ئۇ ئايەت ئوقۇپ، ھەر بىر سۈپكۈچلىگەندە يىرىك بۇرۇتلىرى يۈزۈمگە تېگەندەك سانجىلىدۇ. ئاغزىدىن چىققان قاڭسىق پۇراقتىن كۆڭلۈم ئېلىشىدۇ. لېكىن بوپتۇ دېمەي ئامالىم يوق. ئۇنى دادام ساقىلىنى سۆرەپ ئالدىغا بېرىپ چىللاپ ئەكەلدى. ئۇنىڭ راستىنلا شۇنداق كارامىتى بولسا چىداپ ئولتۇراي... مەغپۇرمۇ ئۆز خىياللىرى بىلەن ھەلەك ئىدى. كۆز ئالدىدىكى بۇ چوكاننىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى خۇددى چاشقان تۇتۇشقا ئالدىدىكى ئۇۋۇچى مۈشۈكتەك كۆزەتمەكتە ئىدى. «بۇ قىسماق، — دەيتتى، ئۇ ئىچىدە، — ئەجەبمۇ چىداملىق، سەگەك ئىكەن دېسە... شۇنچە قىلىپمۇ ئۇنى ئېرىتەلمىدىم. پەرىزىمچە ئۇ تېخى مېنى يارىتمايۋاتقاندەك قىلىدۇ. خىيالىدا پېقىرنى بوش كۆرۈپ قالغان چېغى! ئۇ مېنىڭ چىنە ئاتلىتىش، مارجان شورۇتۇش، بويۇنغا مىندۈرۈش... دېگەندەك كاتتا ماھارەتلىرىمدىن خەۋەرسىز-دە تېخى! ياقەي... نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم. مۇشۇ جۇمباقىمۇ شۇنچە ھەشەم قىلىش كېتەمدۇ؟ ئۇ يا يۈزى ئېچىلمىغان قىز بولمىسا، توختا، ئەرسارىڭى! ھېلىلا كارامىتىمنى كۆرىسەن...

— قارىيكا، ئوقۇشلىرى ئاخىرلاشتىمۇ؟

بۇ گەپ بىلەن مەغپۇرنىڭ ئويلىرى بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىگە ئېسەنكىرەپ قاراپ ئولتۇرغان ھاۋاگۇلگە بۇيرۇق قىلدى:

— ئىشتاننى سېلىڭ!

— نېمە دەۋاتىلا؟ قانداق گەپ بۇ...

— بۇ دېگەن سەۋەبنىڭ مۇھىم شەرتى.

— ئوھۇش، قويسىلا سىلىنى!

— خانىم، سەۋەبنىڭ ئاخىرىنى مۇشۇنداق چۈشۈرمىسەك، ئالدىڭىزدىكى «بەند» يېشىلمەيدۇ. ئۆمۈرۋايەت تۇل خوتۇن بولۇپ ئۆتۈپ كېتىسىز.

«تۇل خوتۇن... تۇل خوتۇن...» بۇ گەپ ھاۋاگۇلنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلاندى. ئاھ، خۇدا. تۇنجى ئېرىم ياغاچ بېسىۋېلىپ بۇ ئالەمدىن كەتتى. 12 يىلدىن بۇيان تۇل خوتۇن ئاتىلىپ كېلىۋاتىمەن. خىزمىتىم بار. ھېچنېمىدىن تەڭلىكىم يوق. شۇنداقتىمۇ، تۇللۇقنىڭ دەردى يۈرىكىمنى پىلە قۇرتىدەك غاجىغىنى غاجىغان... ئالتۇندەك چاغلىرىم يالغۇزلۇقتا ئۆتۈپ كەتتى. «ئۇبدانلىرى لايىق چىقسا قايتا ياتلىق بولسام، پەرزەنت يۈزى كۆرسەم» دېگەن خىيال بىلەن ماۋۇ قارىمىنىڭ «سۆمب»لىرىگە ئۈمىد باغلىسام، دەۋاتقان گېپى بۇنىڭ...

— خانىم، چاپسانراق بولسىڭىزچۇ! ئەستا...

ھاۋاگۇلنىڭ كۆز ئالدىدا مەرھۇم يولدىشىنىڭ سىماسى، ياشىنىپ قالغان ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۈمچىيگەن چىرايلىرى، ئۆزى دەرس بېرىۋاتقان شوخ، ئوماق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى بىر-بىرلەپ نامايان بولدى. «مەن، ئادەم، مەن بىر ئوقۇتقۇچى، بىرۋىجدان ئىگىسى. ئېپپەت-نومۇسۇمنى ھەرگىز بۇلغىمايمەن!»

ھاۋاگۇل ئۇنىڭ ئۆزىنى ئامبۇردەك قاماللاپ تۇرغان قولىنى غەزەپ بىلەن سىلكىدى:

— قويۇۋەتسىلە، بۇ زادى قانداق سەۋەب قىلىش؟!

— بابا دېمىگۇ، بۇمۇ سەۋەبىنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى دەپ. مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئالدىڭىزدىكى «بەند»نى ئېچىپ تاشلايمەن. بۇ شەرتكە كۆنمىسىز نەچچە كۈندىن بۇيان ئوقۇغانلىرىم بىكار كېتىدۇ، تېزراق بولۇڭ...

— يوقال كۆزۈمدىن!

— تولا چالۋاقىماڭ خانىم، پېقىر سىزدەكلەرگە سۆمبىنى ئەزەلدىن مۇشۇنداق قىلىپ كەلگەن.

— ئىت، چوشقىغا قىل ئۇنداق سەۋەبلىرىڭنى! ھۇ ئالدامچى، ساختىپەز...

مەغپۇرغا بۇ تىل-ھاقارەتلەر بەكمۇ ھار كەلدى. غەزەپتىن كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ئۇنىڭ بىر ھاجىتمەندىن، يەنە كېلىپ كۆرۈمسىز بىر ئايالدىن داۋېسىنى ئىشتىپ، چالمىسىنىڭ سۇغا چېلاشقانلىقىنى تەن ئالغۇسى كەلمىدى.

— مانا ئەمىسە!

ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولغان مەغپۇر، كەينىگە داجۇپىرىپ ئۆگزىنىڭ چېتىگە بېرىپ قالغان ھاۋاگۇلنى پەسكە ئىتتىرىۋەتتى.

«ۋۇيجان!» قىزنىڭ ئەنسىز چىرقىرىغان ئاۋازى ھويلىدىكى سۇپىدا ياتقان ئاتا-ئانىسىنى ئويغىتىۋەتتى.

— ھاۋاگۇل قىزىم، نېمە بولدۇڭ؟ — ئانا ئالدىراپ شوتىغا ياماشتى.

— يوق تۇرىدۇ دادىسى، ھاۋاگۇلمۇ، ھېلىقى قارىمىمۇ يوق...

— قېنى سەن قىزىم؟!

ئۇلار ھولۇقىنىچە ئەتراپنى ئىزدەپ، ھاۋاگۇلنى ئۆينىڭ كەينىدىكى سۇسىز ئېرىقنىڭ ئىچىدىن تېپىشتى. ئۇنىڭ باش-كۆزى قانغا بويالغان ئىدى.

— ۋاي جېنىم بالام، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ... ۋاي خۇدايىم... نېمە ئىش بۇ؟

قىزنى بۇ ھالدا كۆرۈپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان ئانا قىزنى قۇچاقلاپ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆككىنىچە شۇ سۆزنى تەكرارلايتتى.

— قا... قا... قارى... مېنى ئۆگزىدىن... ئىت... ئىتتىرىۋەت... تى...

— ئەستا، ما ئىشنى... ھەي


www.uygurkitap.com

زىكرى، چاپسان ھارۋىنى قوش، ئاچاڭنى
دوختۇرغا ئاپىرايلى. تېزراق، — دېدى تۇر-
داخۇن ئۆزىنى كاچاتلاپ.

*　　　　*

ئۇ كېتىۋاتىدۇ. ئاقساقلىغىنىچە كې-
تىۋاتىدۇ. كۆز ئالدىدا ئۇچىيدەك سوزۇلغان
چىغىر يول... ئۇنىڭ گېلى قۇرۇپ، لەۋ-
لىرىنى گەز باغلىدى. ئۇسسۇزلۇق ئۇنى
قىيناشقا باشلىدى. ئۇ بىردىنلا دىلق يەرگە
ئۆزىنى تاشلاپ، پۇت-قولىنى ئۇزۇن سۇ-
نۇپ يېتىۋالدى. بىر ئازدىن كېيىن تىنىم-
سىز گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكى سەل-
پەل ئىزىغا چۈشتى. ئەنسىزلىكتىن قوچۇ-
لۇپ يېرىلىپ كېتەي دەپ قالغان مېڭىسى-
مۇ بىر ئاز ئارام تاپقاندەك بولدى.
.ھېلىقى قىسماق ئۆگزىدىن چۈشۈپ
قاندلق بولغاندۇ؟ ئۆلگەنمىدۇ؟ ئۇ ئۆلمىگەن
تەقدىردىمۇ چوقۇم مېيىپ بولۇپ قالىدۇ.
بۈگەنگىچە بۇ ئىش پۈتۈن ئەترىپقا پۇر
كەتكەندۇ؟ كىم بىلىدۇ ساقچىلار مېنى
ئىزدەپ يۈرەمدۇ تېخى... ئېھتىيات قىلى-
غىنىم تۈزۈك. قانچىلىك يىراققا كەتسەم
شۇنچە ياخشى...
مەغپۇر گاھ ئۆمىلەپ، گاھ ئاقساپ
مېڭىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاقتاغقا ئۇلاش-
تى. ئۇ قاراڭغۇدا قارىغۇ چاشقاندەك تى-
مىسقىلاپ يۈرۈپ، بىر ئورەكنى تېپىپ
شۇ يەردە ئىڭراپ يېتىپ تاڭنى ئاتقۇزدى.
«غەيرەت قىل... بەردالشىق بەر...»
ئۇ ئۆز-ئۆزىگە مەدەت بېرىپ، يولىنى دا-
ۋاملاشتۇرماقچى بولدى. ئىككى قولىغا تا-
يىنىپ تەستە ئورنىدىن تۇردى. ھەي... بىر
ھاسا بولغان بولسا قاندلق ياخشى بولاتتى-
ھە؟ بۇ قاغىشتەگكۈر قاقاس تاغدىن چىش
كولىغۇدەك نەرسىمۇ تېپىلمايدۇ... ئۇ
چىشىنى چىشلەپ ئالدىغا بىر قەدەم-قە-
دەمدىن سىلجىدى. «چىدا مەغپۇر، شەھەر-
گە بېرىۋالساڭلا راھەتتە كۈن كۆچۈرىسەن»
ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا شەھەردىكى كەگرى
ئاسفالت يوللار، ھەيۋەتلىك، كۆركەم بىنا-
لار، «ئېچىل داستىخان»دەك كاتتا ئاشپۇ-
زۇللار كېلىش بىلەن ۋۇجۇدىغا جان كىر-
گەندەك بولدى. ئۇ قۇرۇپ گەز باغلىغان كال-
پۇكىنى يالاپ قويۇپ، مېڭىشىنى داۋاملاش-
تۇردى. دەل شۇ چاغدا يىراقتىن ساقچى ما-
شىنىسىنىڭ سىگنالى ئاڭلاندى. «ما ئىش-
نى كۆرۈڭ، دېدى، — مەغپۇر ھولۇقۇپ، —
ساقچى ماشىنىسى مۇشۇنداق چىغىر يولدى-
مۇ ماڭالايدىكەن دېسە...» پۇت-قولىدا جان
قالمىغان مەغپۇر پاتقاق ئارىلاش شېغىللىق
يەرگە «گۈپ» پىدە يىقىلدى.

*(ئاپتور قارا شەھەر «ئازادلىق» يولى شىنجاڭ «تيەنتوڭ» ئاپتوكاتلىق ئورنىدا)*

مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم






## كۆلكە تۆكتى لەۋلىرىدىن بۇلاقلار

قول بېرىشتۇق، گىرەلەشتى بارماقلار،
دولقۇن ياساپ تومۇرلاردا ئاقتى قان.
كۆلكە تۆكتى لەۋلىرىدىن بۇلاقلار،
خۇش پۇراقلىق گۈلگە تولدى بۇ جاھان.

ئەھدىمىزدىن يوقاپ ساختا كۈتۈشلەر،
ئەرك تاپتۇق، مېھىر ئۈزۈپ سۆكۈتتىن.
يوقاپ بىزدىن بىھۇدە ياش تۆكۈشلەر،
قامەتلەر گۈل بولدى ياشناپ ئۈمىدتىن.

بىخلار ياردى مۇھەببەتنىڭ ئۇرۇقى،
تاشتى كۆڭۈل قاتلىرىدىن شوخ ناۋا.
ئۈچۈپ پىتنە ـ ھەسەتلەرنىڭ چىرىغى،
قۇچاق ئاچتى بىزگە نۇرلۇق كەڭ دالا.

ئەمدى بىزگە كۆز قىسالماس ئېغىشلار،
بىزدە جۈرئەت تەل ئېشىشقا تاغ ـ داۋان.
سۇۋۇتالماس بىزنى نازلىق بېقىشلار،
ئىشقىمىز ئوت ـ شۇڭا بىزگە يول راۋان. . .

## نۇر تارايدۇ قۇچىقىڭدىن ھاياتقا

كۈن تۇغۇلغان كۈندەك قەدىم ماكان سەن،
نۇر تارايدۇ قۇچىقىڭدىن ھاياتقا.
قىياسىمدا، دولقۇنلۇق كۆي ـ قىيان سەن،
رەڭ بەرگەن ئۆز سولغان گۈلگە، قىياققا.

سەن سۆيۈملۈك ئانا كەبى مېھرىبان،
مېھرىڭ بىلەن تاغلار قەددى رۇسلىنار.
سەن ئىشقىمنى نۇرلۇق قىلغان قەدىردان،
سەن بوينۇمغا ئېسىلغان تىلتۇمار.

ئۇچۇشىدۇ سەندىن ئىزگۇ تىلەكلەر،
سەن مۇھەببەت، سەن ساداقەت ئۆزۈسى.
سەندە بەرق ئۇرغاق ئالتۇن بېزەكلەر
يېڭى چىققان قۇياشلىق تاڭ جىلۋىسى.

سۆيۈپ ئۆتسە مەڭزىمنى شوخ شامىلىڭ،
يۈرىكىمدە بېھىش پەيزى سېزىمەن.
باغاشلىسا خىيالىمنى خىيالىڭ،
قۇچىقىڭدا يايراپ ھەريان كېزىمەن.

خەنجەرسىمان ئاپپاق قارلىق چوققىلار،
سەندە كۆلگەن يىگىتلەرنىڭ سىماسى.
دىل مەھلىيا نەپىس رەڭدار داللار،
پەرىزاتتەك شوخ قىزلارنىڭ جۇلاسى.

سەندە ئۈمىد ئۈمىدلەردىن گۈل ئېچىپ،
قىلار مەغلۇپ تۈيغۇلارنى بارلىقسان.

سەن نادانلىق يىلتىزىنى ئىرغىتىپ،
قىلىسەن ھاك - ئۆتكۈرنىمۇ نۇرسىمان.

تىنىم تاپماس چۇقانى سەن قەلبىمنىڭ،
جىمجىت خىيال زەنجىرىنى ئۈزۈۋەت.
قايناق ھايات بازلىرى سەن ئەتىنىڭ،
سۈكۈتلەردە تۇرماي تاپقىن سالاپەت. . .

## ياشايمەن ئەجرىمدە پارلىتىپ قۇياش

ئېچكىنىم بەختىمنىڭ گۈلگۈن شارابى،
ئىچمىدىم سەن كەبى ھەسرەتتە قان - ياش.
ئىشقىمغا يار بولغاچ ئادەملىك ئارى،
ياشايمەن ئەجرىمدە پارلىتىپ قۇياش.

ئاچمايمەن تەمەدە ھەرياققا ئېتەك،
تاغلارغا تەڭلىشىپ ياشايمەن تاغدەك.
ھالاللاپ ئاش يەيمەن يېسەممۇ كېپەك،
يۈرمەيمەن تاپ ئىزلەپ قاڭقىغان زاغدەك.

ئۆزگىنىڭ بەختىگە قىزارتمايمەن كۆز،
ياشايمەن ياخشىنى بېشىمغا ئېلىپ.

بەر دېسە جېنىمنى بېرىمەن گەر ئۆز،
چۈشكەندەك كۆلگە تاش كەتمەيمەن جىمىپ.

يۈرمەيمەن ئەجرىسىز شارابلاردا مەست،
قىمىرلاپ تاڭلاردەك ئاچىمەن چىراي.
رەڭۋازلار ئالدىدا يوقاتمايمەن ئەس،
غۇرۇرۇم كۆكتە پارلاپ تۇرار ئاي.

مەن ئەمەس تىترەكلەر كۆزىدىكى ياش،
چاقنايمەن ھەر تاڭنىڭ قۇچاقلىرىدا.
كۆك سۆيگەن چوققىلار ماڭا يار - قاياش،
سولمايمەن مۈڭ - ئەلەم قىيناقلىرىدا.

## قاچما دىلبەر، مېھرى ئىسسىق قۇچاقتىن

قاچما دىلبەر، مېھرى ئىسسىق قۇچاقتىن،
باھارىڭ مەن زېمىستاندا توڭلىساڭ.
زەمزەم بولۇپ ئېقىپ كېلەي يىراقتىن،
تەشنالىقتا قايدا قۇمدەك چاڭقىساڭ.

ئاسمىنىڭدا پارلاپ ئۆتتۇم تالاي رەت،
چۈشلىرىڭگە شوخلۇق بىلەن كىرەي دەپ.
تاپماي پەقەت ئۈمىدلىرىم سالاپەت،
يۈردۈم قاڭقىپ سۈكۈتلەردە ئېسەدەپ.

تىلىكىمنى يۈكلىمىگىن ئازابتا،
ئۇچاي دېسەڭ پەرۋازىڭغا قانات مەن.
ۋىسال ئىزلەپ ئۆتتى ئۆمرۈم ئازابتا،
سېنىڭ تىرىك يۈرگىنىڭدىن ھايات مەن.

شېرىن خىيال سەھراسىدا يۈرمىگىن،
ئىشەنچىڭدە ئېچىلدۇراي گۈل پەۋەس.
چىن مۇھەببەت سازىمغا جۇر كۈيلىگىن،
كۆزنى چاقناز - جىلۋىدىن بول پەخەس. . .

*(ئالپنۇر خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا)*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جەناگۈل قەييۇم

# قورقىمەن

## يۇمۇلمىغان كۆزلەردە

قورقىمەن
شەھىرىڭگە ئىزلەپ بېرىشتىن،
چۈشلىرىمدە ئىزلەپ بېرىشتىن.
غايىب بولۇپ كېچە قوينىغا،
ئازابلارنى سۆيۈپ قېلىشتىن.
مەن يوقاتقان خاتىرجەملىكنىڭ،
ئەسكە چۈشۈپ يىغلاپ قېلىشتىن.
بىھوشلىنىپ ياغلىما سۆزدە،
ھەسرەتلەردە ئۆلۈپ قېلىشتىن.

قورقىمەن
كۆزلىرىڭگە قاراپ قېلىشتىن،
ئۈمىدلىنىپ تۇرۇپ قېلىشتىن.
كۆزلىرىڭدىن كۆرمەي مۇھەببەت،
ئۇھ تارتقانچە غېرىبسىنىشتىن.
چەكتىن ئېشىپ پىنھان سۆكۈنات،
ئۆز - ئۆزۈمگە سۆزلەپ كېتىشتىن.
تەسەللىمۇ بەرمىسەڭ يالغان،
ئەلەم بىلەن كۆلۈپ كېتىشتىن.

قورقىمەن
ساڭا يېقىن تۇرۇپ قېلىشتىن،
شادلىقىمدىن تىترەپ كېتىشتىن.
بەك ياۋلىي بەختسىز سۆيگۈ،
تىترەككىلەردە ئاشكار بولۇشتىن.
ماگنىتتەك سېھىرگەر باغرىڭ،
تەنلىرىمنى تارتىپ كېتىشتىن.
جاپالاردا چىقمىغان جېنىم،
ۋىسال پەيتى چىقىپ كېتىشتىن.

قورقىمەن
ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ قېلىشتىن،
يۈرەككە داغ، مۆھۈر بېسىشتىن.
گۇناھتەك ئېغىر، كۆلكەڭدەك شېرىن،
ھېسسىياتتا تېنەپ قېلىشتىن.
بارسا كەلمەس يولدەك ئىشقىنى
قەرزدارلاردەك يۈدۈپ كېلىشتىن.
ئايرىلىشنىڭ زەھەر ئوقىدا
تەكرار - تەكرار ئۆلۈپ يېنىشتىن.

## جۇپ كۆزۈمنى قىلارسەنمۇ نەم

بۈگۈن كېچە تاڭ ئاتمايدۇ ھەم،
تاڭ ئاتقاندا كەچ كىرمەيدۇ ھەم.
دىدار پەيتى كەلسە بىر كۈنى،
جۇپ كۆزۈمنى قىلارسەنمۇ نەم؟

شۇ بىر قېتىم كۆرۈشكىنىمىز،
كۆڭلىرىمگە قوشتى يېڭى غەم.
يۈرىكىڭدە بولسا دىلدارىڭ،
ھەسرەتلەرگە بولارمەنمۇ يەم؟

ئىنتىزارلىق قاپلىدى دىلنى، ئەسىر قىلدىڭ خىياللىرىمنى،
شادلىقىمغا پەقەت سېنىلا كەم. سەنسىز يەنە ئالالمايمەن دەم.
چۈشلىرىمگە كىرسەڭ ناۋادا، ساق قەلبىمنى يارا قىلغۇدەك،
غىزىلىمغا كىرەر شۇندا تەم. ئىشلەتكەنسەن ماڭا قاندىق پەم؟

## ئەسىر بولدۇم ھىجرانغا تامان

تېلېفوننى قويدۇم ئورنىغا، خەۋىرىڭنى بىلمەسكەن ئىنىڭ،
تىترەشتىن توختىدى تېنىم. مەنمۇ سېنى كۆرەلمىدىم ھەم.
«يوق» لۇقىڭمۇ خۇش قىلدى مېنى، جۈپ مەڭزىمدە ياشلىرىم مارجان،
بولساڭ بەلكى يوقايتتى جېنىم. جۈپ كۆزلىرىم بولۇپ قاپتۇ نەم.

گەپدىن ئىنىڭ ئاپتۇ تېلېفوننى، نېچۈن تېلېفون بېرىمەن ساڭا؟
سۆزلىيەلمەي قالدىم شۇندىمۇ. دائىمقىدەك باستى پۇشايمان.
ئاشۇ كېچە كۆرگەن چۈشۈمدەك قەيەرلەردە يۈرۈيسەن كۈلۈپ،
ئۈچرىساڭچۇ ھەم ئوڭۇمدىمۇ. ئەسىر بولدۇم ھىجرانغا تامان.

*(ئالپتور قەشقەر بېگىمسار ناھىيە ساغان يېزا بېرىنچى كەنتتە)*

**ئۇچقۇنجان ئۆمەر**

# باھار كېچىسى

(ئۇستاز شائىر ئەسقەر ھۈسەيىننىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە مۇخەممەس)

ئېھ باھار، گۈلگۈن باھار، سەندە چىمەن سەيناسى بار،
يۇرتىمىزنىڭ قەد كۆتۈرگەن باغ ئىرەم بىناسى بار،
ھەر قەلبىنىڭ چىن ۋاپادار سۆيگۈنى — بەرناسى بار،
كۆكتە چولپان كۆز قىسار باقسام نىگار شەھلاسى بار،
يەردە گۈل، قەددىدە يارنىڭ قامىتى زىباسى بار.

قار ئېرىپ، يالپۇز چېچەكلەر — بۇ باھارنىڭ بەلگىسى،
بىخ سۈرۈپ، تاشنى يېرىپ چىقتى يوپۇرماق، تەڭگىسى،
رەڭمۇ رەڭ گۈللەر بېشارەت بەردى باغدىن كەلگۈسى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گۈلدە ئول گۈل يۈزلۈكۈمنىڭ بولسا ئايان كۈلكىسى،
غۇنچىدە شۇ غۇنچە لەۋ يار لەئەلنىڭ تەشناسى بار.

ساپ ھاۋا، ئاسماندا يۇلتۇز قىر ـ ئېدىرغا نۇر تۆكەر،
بۇ باھار ئاخشاملىرىغا ئىشقىۋازلار كۆز تىكەر،
شېرىنى بولسا ئاشۇ گۈل، بۇلبۇلى پەرھاد چېۋەر،
تولغان ئاي گاھ كۆرسىتىپ يۈز، گاھ بولۇت ئىچرە مۆكەر،
ئۇندا ھەم ئاي يۈزلۈكۈمنىڭ ئارزۇ — ئىستىغناسى بار.

بۇ باھاردىن گۈل پۈرلىدۇ تاغ ـ دالا، يۇرت ـ ئايمىقى،
نەقەدەر چاقنايدۇ لەرزان ئىككى ياشنىڭ چاقمىقى؟
نەقەدەر توختايدۇ تەسكە بىر كۆرۈشمەك تاتلىقى؟
سۇ ئۈستىدە ئىككى لەۋنىڭ جۈپلىشىپ ئايرىلمىقى،
تالدا كىمنىڭدۇر پىچىرلاشقان نىھان غوۋغاسى بار.

يىلغا باش بولغان باھارنىڭ ئاي ـ كۈنىدۇر مۆھتەرەم،
گۈل دىيارغا گۈل ـ چېچەكلەر رەڭ بېرىپ بولغاي سەنەم،
بال يىغىپ شائىر ـ ئەدىبلەر توختىماس ھەرگىز قەلەم،
ھەر يىلى تۇغقاي تەبئەت بىر باھار، ئەمما بۇدەم—
ھەر چىمەننىڭ ھەر گۈلىدە مىڭ باھار سىماسى بار.

چىن مۇھەببەت قىلسا پەرۋاز، قىز ـ يىگىت كەيسە پۇزۇر،
شۇ ۋاپالىق كۆزلىرىدىن كۆزنى چەنلەپ ئاقسا نۇر،
يامرىسا تەندىن ھارارەت، ئۇخچۇسا ئوتلۇق تومۇر،
شۇ چىرايلىق ئايدىڭ ئاخشام دىلغا بەرگەچكە ھوزۇر،
نە كۆكۈللەرنىڭ غۇبارى، نە ئۇنىڭ سەۋداسى بار؟

ئېھ باھار، گۈلگۈن باھار، ئاپتاپ چېچىپ ھېچ ھارمىغان،
سەن پەسىللەر ئەركىسىگە بارچە ئىقلىم قانمىغان،
كۈندۈزى «ھايت ـ ھۇيت» بىلەن، ئاخشاملىرى توي قاينىغان،
گۈل گۈزەل، گۈلزار گۈزەل، چۈنكى ئۇنىڭ خۇش سايرىغان،
سەن كەبى ئەسقەر تۇمەنمىڭ بۇلبۇلى شەيداسى بار.

*(ئاپتور ئۈرۈمچى شەھەر ئوتتۇرا ئالىلانما يولى رامتىباغ ئولتۇراق رايونى 68 ـ بىنا 4 ـ ئىشىك 401 ـ ئۆيدە)*

**ئابلەت ئەخمەت**

# ئىككى شېئىر

## دۇنياغا لىپمۇ لىق كەلدى مۇھەببەت

پاكىز تۇيغۇغا چۆمۈلدى زېمىن،
يۇيۇنۇپ ئاۋغۇستىنىڭ ئاخىرقى تۈنى.
چىمەنگە يامغۇرنى سۆيدۈردى قۇياش،
سەن كۈلگەن بىرىنچى سېنتەبىر كۈنى.

ھاياتنى كۈلكە دەپ تونۇدۇم سەندىن،
غەملەرنىڭ ئىچىدىن چىقتىم قانچە رەت.
سەندىكى شۇ غالىب تەبەسسۇم بىلەن،
دۇنياغا لىپمۇ لىق كەلدى مۇھەببەت.

## بۇ كوچىدىن شاھ مەشرەپ ئۆتكەن

ۋۇجۇدىدىن سۆيگۈ چاچرىتىپ،
بۇ كوچىدىن شاھ مەشرەپ ئۆتكەن.
تەنها يولنىڭ، تەنها دۇنيانىڭ
قىسمىتىدىن بەختىنى كۈتكەن.

چىكىم - چىكىم ئىزغا ئەگىشىپ،
پۆرەكلىدى دىلدا ھاياجان.
ئايىغى يوق چۆلنىڭ قوينىدا
قىزىلگۈلدەك ئېچىلدى ھىجران.

سۇمبۇل چاچلار تەۋرىنىپ ئاستا،
يۈرىكىمدىن ئاقتى بىر دەريا.

تەبەسسۇمنى چىشلىتىپ تەنگە،
ئۇقچۇپ چىقتى كۆزلەردىن گۇناھ.

دىماغلارغا تۇتاشتۇردى ئوت،
قەدەملەردىن توزۇغان تۇپراق.
يېگىلاندى قانلار توختىماي،
ئۆلمەس، ئۆچمەس ھەم ئۆچمەس پىرلاق.

ئۇزاق يىللىق ئۇلۇغ تەلپۈنۈش
يولنى - يولغا چاتتى چەمبەرچاس.
ئۈزۈلمەيدۇ ئەجەمنىڭ كۈيى،
بۇ كوچىلار شۇڭا مۇقەددەس.

(ئاپتور گوما ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئامىنە قادىر پىراقى

# يۈرىكىمنى ساڭا ئۆتۈنەي

## ئۆتۈنۈش

سۆيگىنىمدە سېنى تۈنجى رەت
ۋۇجۇدۇمنى قۇچتى ھارارەت.
چۈنكى ئادەم مۇھەببەت ئۈچۈن،
يارالغانمىش تەڭرىدىن پەقەت.

ساڭا تالىق تۇيغۇلىرىمنى
ئاتاي دېمەن سۆيگۈ ـ مۇھەببەت.
يۈرىكىمنى ساڭا ئۆتۈنەي،
يادىكار قىلىپ ئاستا ئېلىپ كەت.

ھايات دېگەن ئاجايىب كىتاب،
ھەر ۋاراقى نەپرەت، مۇھەببەت.
چۈنكى —ئىنسان مۇرەككەپ نەرسە. .
چۈشەنمەك تەس ئەبەدىلئەبەد.

شۇڭا دېمەن تۇرمۇش يولىدا،
تۈز يول يوقكەن كىشىگە پەقەت.
تىرىش ـ تىرماش، قىيىن بولسىمۇ،
سادىق بولۇپ سۆيگۈڭگە ئەبەد! . . .

## پۇشايمان

نېمە دەپ يازاي ئەمدى نىگارىم،
تۇيغۇلىرىم چىگىش، مۇرەككەپ.
كۆز ياشلىرىم ياسايدۇ قىيان،
ۋادىرىخا! . . كەچمىشىم ئەسلەپ.

شۇنچە كۆيسەڭ بىلمىدىم زىنھار،
يالۋۇرۇشقا قىلمىدىم پەرۋا.
چىگىش تۇيغۇ، تۇتقۇن ھېسلىرىم
قەبرىستانغا كۆمۈلگەن ئەرۋاھ. . .

بىر ساھىلنى ماڭدىم نىشانلاپ،
چىگىش تۇيغۇ مېنى قاماللاپ.
ئېرىشكىنىم —ھەسرەت، نادامەت. . .
تەدبىرىمدىن يۈردۈم يامانلاپ.

كەچۈر، جېنىم، مەندەك ئازغۇننى،
بىلمەپتىمەن، ۋاپا، مېھرىڭنى.
قالدى ئۈمىد شامىم پىلدىرلاپ،
ئىزھار قىلغىن قايتا كۆڭلۈڭنى. .

*(ئىلىنور مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزا 26 ـ كەنت 2 ـ مەھەللىدىن)*

باھارگۈل ساۋۇت

# ئۇسۇق سىزىقى

(پوۋېست)



تارىم 2005 . 3

بىرەر ھازىدارى بولمىدى.
غان، ھارۋىدىلا ئېلىپ مې.
گىلغان بۇ جىنازا مېنىڭ
دىققىتىمنى تارتتى. بۇ قانداق مې.
يىتتۇ؟ قارىغاندا بىرەر ئۇرۇغ-
تۇغقىنى ياكى يېقىن-يورۇقىمۇ
يوق مۇساپىر ئوخشايدۇ، دېگەن
خىيال بىلەن ئۇزۇممۇ بىلىپ-
بىلمەي ئۆلگۈچىگە ھېسداشلىق قىلىپ قالدىم.
بەلكىم شۇ ھېسسىياتنىڭ تۈرتكىسى بولسا
كېرەك، ئىختىيارسىز جىنازا سېلىنغان ھارۋىغا
ئەگىشىپتىم. ۋاقتىمنىڭ قىسلىقى، ئىشىمنىڭ
ئالدىراشلىقىغا باقماستىن ئىككى سائەتچە ئەگىشىپ ماڭدىم. ئاخىرى قەبرىستانلىققا
كەلدۇق. 50 ياشلاردىن ھالقىغان بىر مويسىپىت كىشىمۇ ھارۋىغا ئەگىشىپ كەلگەن ئىدى.

ھارۋا توختىشى بىلەن ئۇ جىنازىنى ھارۋىدىن چۈشۈرۈشكە ياردەملەشتى. مەنمۇ دەرھال ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم.
— نامىزىنى چۈشۈرمىگەن ئىدۇق، — دېدى مويسىپىت ھارۋىكەشكە، — پەرزىنى ئادا قىلايلى.
ئاتا - ئانام كىچىكىمىزدىن باشلاپ بىزنى توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغلارغا قاتناشتۇراتتى ھەم بۇ بىزنىڭ قائىدىلىك ئادەم بولۇشىمىزغا، ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى ئۆگىنىشىمىزگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى. مەن نۇرغۇن ئۆلۈم پەتلىرىگە بارغان. بىراق بۈگۈنكىدەك بۇنچىلىك غۇربەت ئۆلۈم مەنزىرىسىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. شۇ تاپتا ئۆزۈم تونۇمايدىغان، ھەتتا ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان بىرى ئۈچۈن قايغۇرۇپ، ئۇنىڭ ماتەمىنى تۇتۇۋاتماقتا ئىدىم. مەن ئاڭلىغان «غېرىب كېپەن» دەل مۇشۇ ئىدى. كۆڭلۈمدىكى پەرىشانلىق، مېنى ئويغا سېلىۋاتقان سوئاللار ئاستا - ئاستا مېنىڭ قىزىقىشىمنى قوزغىدى. ئىشلار ئۆز تەرتىپى بويىچە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھارۋىكەشكە قارىدىم:
— بۇ مېيىتنىڭ ئىگىسى كىم، مېيىتنى نەدىن ئەكەلدىڭىز؟
ھارۋىكەش جاۋاب ئورنىغا ھېلىقى مويسىپىت كىشىنى كۆرسەتتى.
— ئۆلگۈچى بۇ كىشىنىڭ نېمىسىكەن؟ — يەنە سورىدىم مەن.
— بىلمەيمەن، — دېدى ھارۋىكەش، — ئەتىگەن كىرا ساقلاپ تۇرسام بۇ كىشى كەلدى. ھەممىسى مۇساپىر ئوخشايدۇ.
مەن ھارۋىكەشتىن قانائەتلەنگۈدەك جاۋابقا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، نەزىرىمنى مويسىپىتقا ئاغدۇردۇم. شۇنچە ۋاقتىمنى، زېھنىمنى سەرپ قىلىپ بۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كەلگەنلىكتىن ئۆلگۈچى ھەققىدە ئاز - تولا چۈشەنچىگە ئىگە بولمىسام كۆڭلۈم ئارام تاپمايتتى.
— قارىغاندا بۇ ئادەم ئۆلگۈچىنىڭ ھېچنېمىسى ئەمەستەك قىلىدۇ، — دېدى، ھارۋىكەش ماڭا.
— قانداق دەيسىز؟ — سورىدىم مەن قىزىقىپ.
— مەن كىرانى دېيىشىپ بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ كەينىدىن مېيىتنى ئالغىلى باردىم، شۇ چاغدا بىر ئايال ئۇنىڭغا: « ساۋابىنى ئالدىڭىز، بولمىسا ئۇنىڭ ئۆلۈكى تالادا قالار ئىدى، يا تونۇشى يوقكەن، يا يۇرتىدىكى ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى بىلمەيمىز. خۇدا سىزگە رەھمەت قىلار» دېگەن گەپلەرنى قىلدى.
چاڭگا ساقال گۆركار ئىچ يەرلىكتىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ چىقىپ مويسىپىتقا قارىدى ۋە:
— تاش يەرلىك كۆمۈلۈشى لازىم.
مويسىپىت قولىغا كەتمەننى ئېلىپ بىردەم جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:
— ئەسلى يەتتە كەتمەن توپاڭنى تاشلاشقا تېگىشلىك ئادەم مەن ئەمەس ئىدىم، بۇ قېرىنداشلىرىڭغا نېسىپ بولماپتۇ، بوپتۇ! خۇدانىڭ بەندىلىرىنىڭ يېتى يوق. بەلكىم نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلىرىڭ، تاتلىق خىياللىرىڭ بار بولغىيدى، خۇدا سېنى ئۇ ئالەمدە

مۇرادىڭغا يەتكۈزگەي، ياتقان يېرىڭ جەننەتتە بولغاي.

يەرلىككە تاشلىنىۋاتقان ھەر بىر كەتمەن توپا گويا مېنىڭ ئۈستۈمگە تاشلىنىۋاتقاندەك شۈركىنىپ كەتتىم. مويسىپىتنىڭ گېپى تەسىر قىلدىمۇ، ياكى گۆركار ئوقۇۋاتقان قىرائەتنىڭ مۇڭلۇقلىقىمۇ ئىختىيارسىز كۆزلىرىمگە ياش كەلدى.

مەن بۇ سىرلىق تېپىشماقتا تېخىمۇ قىزىقىپ قالدىم. بۇ كىم؟ ئۆلگۈچى كىم؟ بۇ ئادەم نېمىشقا ئۆلگۈچىگە ياخشىلىق قىلىدۇ؟ ھارۋىكەش ماڭا پەقەت ئۆلگۈچىنىڭ بىر قىز ئىكەنلىكىنىلا دەپ بېرەلىدى.

— ئاكا توختاڭا، — دېدىم مەن مويسىپىت كىشىگە ئەگىشىپ چوڭ يولغا چىققاندىن كېيىن، — سىزدىن سورايدىغان گېپىم بار ئىدى.

— سورايدىغىنىڭىزنى پەرەز قىلىپ بولدۇم، ئۆلگۈچى ھەققىدە سورىماقچى. بىراق مەنمۇ ئارتۇقچە بىر نەرسە بىلمەيمەن. مەن بالا ئىشقىدا كۆيۈۋاتقان بىر شورلۇقمەن. ئىككى يىل بۇرۇن بالام ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى، ئىچكىرىدە دەپ ئاڭلىدىم. نەچچە رەت باردىم، تاپالمىدىم. ھەسرەت ئىچىدە بالامنى ئىزدەپ يۈرگىنىمدە بۇ شور پېشانە قىزنى يولۇقتۇرۇپ قالدىم. ئېغىر كېسەل ئىكەن. نە يەيدىغىنى، نە دورا ئالىدىغانغا پۇلى يوق قاتتىق كۈنگە قاپتۇ. ئۆي ئىجارىسىنى تۆلىيەلمىگەچكە ئۆي ئىگىسى ھەيدىۋېتىمىز دەپ تۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭ بېشىنى سىلىغۇم كەلدى. ئۇنى يۇرتىغا يولغا سېلىپ قوياي دەپمۇ ئويلىغان. ئۇ يۇرتىغا قايتقۇسى يوقلۇقىنى ئېيتىپ يىغلاپ تۇرۇۋالدى. ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىدىن بىر خاتىرە دەپتەر چىقتى. قىزىقسىڭىز سىزگە بېرەي، — مويسىپىت يانچۇقىدىن بىر خاتىرىنى ئېلىپ ماڭا سۇندى.

مەن ئۇ ئادەمگە قارىدىم. كۆز جىيەكلىرى قىزارغان، چېھرىدە جۇدالىق، سېغىنىش ئازابلىرى روشەن ئىپادىلەنگەن بۇ كىشىگە قەلبىمدە ھۆرمەت تۇيغۇسى قوزغالدى. ئادەم بەزىدە بىر ئۆمۈر بىللە ياشاپمۇ شۇ كىشىنى چۈشىنىشكە، بىلىشكە قادىر بولالمايدىكەن. بەزىدە بولسا ھايات سەھنىسىدە تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالغان بەزى ئادەملەر قەلبىڭنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالىدىكەن. بۇ كىشىگە بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلغۇم كەلگەن بولسىمۇ، گەپنى قەيەردىن باشلاشنى، نېمە دېيىشنى بىلەلمىدىم. مەن بۇ كىشى بىلەن خوشلىشىپ ئالدىراپ قايتىپ كەلدىم ـ دە، نامازسىز جەسەتكە ئوخشاشلا مېنى ئۆزىگە قىزىقتۇرغان خاتىرىنى ئاچتىم.

* * *

تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 1 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم بولسا كېرەك. «ھايات نېمە ئۈچۈن قەدىرلىك؟» دەپ سورىغان ئىدى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز بىزدىن.

— قەدىرلىك بولغىنى ئۈچۈن قەدىرلىك بولمامدۇ، — دېدى بىر ساۋاقدىشىمىز گەپدانلىق قىلىپ.

بىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. شۇ چاغدا ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە ھايات ھەققىدە خېلى تەپسىلىي چۈشەنچە بەرگەن ئىدى. ئۇ سۆزلەرنىڭ تەپسىلاتى ھازىر يادىمدا يوق. پەقەت

ھېلىقى ساۋاقداشىمنىڭ «قەدىرلىك بولغىنى ئۇچۇن قەدىرلىك بولمامدۇ!» دېگەن سۆزىلا يادىمدا! بۇ جاۋاب، بۇ ئۇقۇم شۇنچىلىك تومتاق، شۇنچىلىك مەۋھۇم. مەن ھازىر شۇ سۆزلەرنى ئويلاپ قالدىم. ئىنسان ئۆزى ئۇچۇن قىممەتلىك تۇيۇلغان نەرسىنى قەدىرلەيدۇ. ھاياتمۇ ئىنسانغا پەقەت بىرلا قېتىم نېسىپ بولىدىغان قىممەتلىك نەرسە. ئۇنى قايتا يارىتقىلى، سېتىۋالغىلى، ئۆتنە ئېلىۋالغىلى بولمايدۇ. بىر قىز بالا ئۇچۇن قىممەت جەھەتتە ھايات بىلەن تەڭ تۇرىدىغان، ھېچقانداق نەرسە بىلەن قىممىتىنى ئۆلچىگىلى بولمايدىغان نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ يەتتىم. مانا مۇشۇ قىممەتلىك نەرسىنىڭ يوقالغانلىدىن كېيىن يۈرەكنى غاجاپ ئۆتىدىغان ئازابلىرىنى ئىزھار قىلىشقا ھەرقانداق تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ.

تۇرۇپلا يۇرتۇمدىن ئىككىنچى قېتىم ئايرىلغان ئاشۇ كۈنلىرىمنى ئەسلەپ قالدىم. . . مەھەللىگە كىرىشىم بىلەن شاخ ئىشىكلەرنىڭ يوچۇقلىرىدىن، باغدىكى چىتلارنىڭ ئارىلىرىدىن قارىشىۋاتقان كۆزلەر ماڭا بىر يېقىمسىزلىقنى سوۋغا قىلدى. ئۆيگە قايرىلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە ئۇدۇلۇمدىن چولپان چىقىپ كەلدى. قۇچىقىمنى ئېچىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدۇم. ئۇ ئۇركۈگەن كېيىك بالىسىدەك ئەندىكىپ تۆت ئەتراپقا ئەنسىز قارىدى ۋە مەن بىلەن سوغۇق سالاملاشتى. مەن ئۇنى سېغىنغان ئىدىم. ئۇنىڭغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى. ئۇ گېپىمنى ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس، ئالدىراپ مېڭىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن يا ھەيران بولۇشنى، يا خاپا بولۇشنى بىلمەي تۇرغىنىمدا ئۇ توختاپ كەينىگە قارىدى ۋە گۇناھكار ئادەمدەك يېلىنىش تەلەپپۇزىدا:

— خاپا بولما ئاداش، بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا گەپ قىلمىساڭ، — دېدى.

— نېمىشقا ئەمدى؟ — دېدىم مەن دەرھاللا، — سېنى سېغىندىم، ساڭا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار.

ئۇنىڭ شەھلا كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى.

— بىلىمەن ئاداش، مەنمۇ سېنى سېغىندىم. لېكىن سېنىڭ بىلەن گەپلەشكىنىمنى ئاپام كۆرسە پاچىقىمنى چېقىۋېتىدۇ. سەن توغرۇلۇق مەھەللىدە بەكمۇ يامان گەپلەر تارقالدى، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە سېۋەتنى بىلىكىگە ئۆتكۈزۈپ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئەگمىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئىشىك ئالدىغا كەلدىم. ھويلا دەرۋازىسى ئوچۇق ئىكەن. ئالا بويناق ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى. قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ پاچاقلىرىمغا سۈركەلگىلى تۇردى. ئۇچىنچى ئۇكام مېنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ۋارقىرىغىلى تۇردى.

— ئاچام، ئاچام كەپتۇ!

ئۆگەي ئاپام قازان بېشىدا كىملەرگىدۇر كايىب بىر نېمىلەرنى دەۋاتقان ئىكەن. ئۇ ـ كامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ مەن تەرەپكە قارىدى ۋە مېنى كۆرۈپ غەزەپ بىلەن ئالايدى. ئېغىل تەرەپتىن دادام چىقىپ كەلدى. قولىدا ئارا، پۇتلىرى قىغ يۇقى، قىغ چىقىرىۋاتسا كېرەك. بىچارە دادامنىڭ يۈزلىرىدىكى قورۇقلار تېخىمۇ كۆپىيىپ، بېلى تېخىمۇ مۈكچىيىپ كېتىپتۇ، پۇتۇنلەي ئاقارغان چاچ ـ ساقاللىرى بىلەن ماڭا گويا ئون ياش قېرىپ كەتكەندەك بىلىنىپ كەتتى. ئىچىم شۇنچىلىك سىيرىلدىكى يىغلىۋېتىشتىن ئۆزۈمنى ئارانلا تۇتۇپ



www.uyghurkitap.com

قالدىم. دادامنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى ئاتقۇم كەلدى. گەرچە ئۇ بىر خوتۇننىڭ قولى بولۇپ قالغان بولسىمۇ مەن ئۆكسۈپ يىغلىغاندا ماڭا قۇچاق ئېچىپ بېشىمنى سىلاشقا سالاھىيىتى بار ئىنسان شۇ ئىدى. مەن دادامنىڭ قۇچىقىدا ئۆكسۈپ يىغلىۋېلىشقا شۇ قەدەر تەشنا ئىدىم. ئەمدىلا قەدىمىمنى يۆتكىشىمگە ئۆگەي ئاپامنىڭ چىرقىراق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— يۈز دېگەن قېلىن بولسىمۇ ھېچنېمە قىلغىلى بولمايدىكەن. مەھەللىدە يۈزىمىز يوق بولدى. ئىزا تارتماي يەنە كەلگىنىنى، سەن پاسكىنىنى دەپ ئاز سورۇقچىلىق تارتتۇقمۇ بىز.

زەھەردەك ئاچچىق تىللار يۈرىكىمگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. مەن ھەممىگە چىداشقا نىيەت قىلىپ بوسۇغىدىن ئاتلىغان ئىدىم. شۇڭا كۆزلىرىمنى يۇمۇپ بۇ خورلۇققا چىدىدىم. ئىچىمدە ئاپا، ئاپا، دەپ نىدا قىلاتتىم.

ئۆگەي ئاپامنىڭ تىل ـ ھاقارىتى تۈگىمەي تۇرۇپلا تاغام كىرىپ كەلدى:

— تووا خۇدايىم! مەھەللىدە تۇرغۇچىلىكىمىزمۇ قالمىدى، — دېدى ئۇ دادامغا قاراپ، — يوقىتىڭ بۇنى، بولمىسا ئاكا ـ ئۇكىلىقتىن كېچىپ كېتىمەن. ئۆزىڭىز بىلىسىز، قىز تالالىق قىلمىز، ئوغۇل ئۆيلىيمىز بىز يەنە.

ئۇرغان يېرىمدە لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم. ھەر نېمىنى ئويلىسامىمۇ تاغامنىڭ دادامغا بۇنداق گەپ قىلىشىنى ئويلىمىغان ئىدىم. ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بۇنداق ھاقارەت قىلغان يەردە، ياتلارنىڭ تىلى نېمىدى؟ ئۆگەي بولسىمۇ ئاپا ئەمەسمىدى... دادا بولغۇچى مۇشۇنداق بىچارە تۇرسا، مەن ئەمدى كىمدىن شەپقەت كۈتەرمەن؟

ئۆگەي ئاپامنىڭ زۇۋانى يەنە ئېچىلدى. دادام ماڭا ئارقىسىنى قىلىپ تۇراتتى. يەلكىلىرىنىڭ سىلكىنىشىدىن يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم.

ئاھ! مەن نەدىن كەلگەن؟ نەگە كېتىمەن؟

تېخى قويۇشقا، ئېچىشقا ئۈلگۈرمىگەن بوخچامنى قولتۇقلاپ ئورنۇمدىن تەستە تۇردۇم ـ دە، دادامنىڭ ئالدىغا كەلدىم. دۇنيادا دادامدىنمۇ بىچارە ئادەم بولماس. خۇنسىز كۆزلىرىدىكى چەكسىز ئازاب، مۇڭ ـ ئەلەم كۆز ياشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ساقىلىغا ئاقماقتا ئىدى. ئۈن ـ تىنسىز ھالدا دادامنىڭ ئالدىدا تىزلاندىم. داداممۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئالىقانلىرىم بىلەن دادامنىڭ قورۇق باسقان يۈزلىرىدىكى ياشلارنى سۈرتتۈم. مەن شۇ تاپتا دادامنىڭ «كەتمە قىزىم» دېيىشىنى شۇنچىلىك خالايتتىم. لېكىن... بىچارە دادام تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن قويۇن يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ، كىرلەشكەن، پۇرلاشقان ئون كويلۇق پۇلدىن بىرنى ئېلىپ ماڭا تەڭلىدى.

دادامنىڭ پۇل تۇتقان قولى بوشلۇقتا قالدى. ئۆگەي ئاپام ئېتىلىپ كېلىپ دادامنىڭ قولىدىكى پۇلنى تارتىۋالغان ئىدى.

— ئۆز ئالدىڭغا پۇل يوق، بۇ رەسۋاغا نەدىكى پۇلكەن ئۇ! ھازىرلا يوقات بۇ كۈچۈكنى! بولمىسا قالغان تۆت شۇمۇڭنىمۇ ئۆزۈڭ باق!

يېزا يولى جىمجىتمۇ ئەمەس، كەچ قالغان قوي، كالا پادىلىرىنىڭ ئەنسىز مۆرەشلىرى، يۈرىكىمگە قورقۇنچ سالىدىغان شىپىر ـ شىپىر ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئىتتىمىز ماڭا ئەگىشىپ كېپتۇ. مېنى قارشى ئالغانمۇ، ئۇزاتقانمۇ شۇ تىلسىز جانىۋار.

ناتونۇش ئادەملەر تەرىپىدىن خورلاندىم، خارلاندىم، يېقىن ئادەملىرىم تەرىپىدىن ئۆزتۈلدۈم. باللىقتىكى دوستلىرىم، قېرىنداشلىرىم ھەممىسى قالدى. سۆس جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ ئاھ ئۇرىمەن. ئاھ، سۆيۈملۈك يېزام!

چولپان ئىككىمىز دائىم يېزىنىڭ چېتىگە چىقىپ قوي باقاتتۇق. ئۇ يەردە بىر-بىرىگە مىنگىشىپ ئۆسكەن ئىككى توپ مايماق سۆگەت بولىدىغان، ئۇنى مېھماندارچىلىق ئويۇنى ئوينىغاندا ئۆي قىلىۋالاتتۇق. مەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئاشۇ سۆگەت تۈۋىگە كەلدىم.

نۇر، بۈگۈن 11 ـ ئايغا 20. كېسىلىم بارغانسېرى ئېغىرلىشىشقا باشلىدى. قاتتىق قېقىلىپ يۆتىلىپ كېتىۋېدىم، بەلغەم بىلەن قوشۇلۇپ قىزىل شىلىمشىق سۇيۇقلۇق چۈشتى. چۆچۈپمۇ كەتمىدىم. بىر ھېسابتا بۇمۇ ياخشى بولدى. سېنىڭ روھىڭنىڭ مېنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. مەن ھايات تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن بىر ئىنسان ئىدىم. پەقەت سەن بىلەنلا ياخشى كۆرۈشنىڭ نېمىلىكىنى، سۆيگۈنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى بىلگەن ئىدىم، تەن بىلەن روھنىڭ ھەقىقىي بىرلىشىشىدىن پەيدا بولىدىغان مەنىۋى شادلىقنىڭ لەززىتىنى تېتىغان ئىدىم. گەرچە بۇ پەقەت ھاياتىمدا بىرلا قېتىم ماڭا نېسىپ بولغان بولسىمۇ. سەن بولغىنىڭ ئۈچۈن، سەن مېنى سۆيگىنىڭ ئۈچۈن، ئاجىز، مېھىر-شەپقەتكە موھتاج ۋاقىتلىرىمدا بۇلغانغان تېنىم بىلەن قىلچە ھېسابلاشماستىن مۇزلىغان ۋۇجۇدۇمنى ئىللىتقىنىڭ ئۈچۈن ھاياتتا مۇنداقمۇ بىر خىل تارتىش كۈچىنىڭ بارلىقىنى چۈشەنگەن، ياشاش ئۈچۈن تىركەشكەن ئىدىم.

نۇر، سۆيۈملۈكۈم، سېنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىڭنى ئاڭلىغىنىمدا پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى تەسۋىرلىگۈسىز ئاچچىق ھەسرەت چىرمىۋالدى. مەن بۇ زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئەلەملىك تولغاندىم.

نۇر، نېمىلەرنى يازاي؟ قولۇم تىترەپ كېتىۋاتىدۇ. يۆتىلىۋاتىمەن. تولا يىغلاپ ياشلىرىممۇ قۇرۇپ قالدى. نۇر، كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ماڭا شەپقەت يەتكۈزۈۋاتقان بۇ كىشى چوقۇم سېنىڭ داداڭ. ياخشى دادىلاردىن ياخشى باللار تۇرىلىدىغاندۇ؟ ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا خۇدا ماڭا سېنىڭ داداڭنى ئۇچراشتۇرغانمىدۇ؟ بەلكىم بۇ بىر مۆجىزىدۇر.

نۇر، سەن بىلەن ئۆتكەن قىسقا، ئەمما ئۇنتۇلغۇسىز ئاشۇ مىنۇتلار ھەر دائىم دەردلىك يۈرىكىمگە مەلھەم بولىدۇ.

بۈگۈن 11 ـ ئايغا 24.

مەشتە ئوت كۆيمەكتە. سۆس ئوت يالقۇنى ئۆينى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرىدۇ. ئەينەكلىرى قارىداپ كەتكەن دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ياتىمەن. ھېلىراقتا ئۆيۈمنىڭ يان تەرىپىدىكى رەستىدىكى چۆچۈرىخانىدا ئىشلەيدىغان كۈتكۈچى قىز ھورى چىقىپ تۇرغان بىر چىنە چۆچۈرىنى ئەكىرىپ بېرىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرغۇم، پاراڭلاشقۇم بار ئىدى. بىراق ئۇ ئالدىراپلا چىقىپ كەتتى. ھېلى چىنىنى ئالغىلى كىرەر. ئۇ قىز بىلەن

نېمە دېيىشىمنى بىلمەيتتىم. لېكىن چوقۇم سۆزلىشىشىم كېرەكتەك، قانداقتۇر بىر نەرسىگە قاتتىق ئېھتىياجىم باردەك ھېسسىياتتا ئىدىم. دېمىسىمۇ ئۆيدىن ئايرىلغان تۆت يىلدىن بۇيان ئايىغى چىقماس سەپەرلەر، ئاچ-توقلۇق، مەن كۆرگەن، ئۆزۈم بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن، لېكىن كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ناھايىتى يىراقتا بولغان نۇرغۇن ئىشلار نېرۋىلىرىمنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ قويدى. لېكىن مەن گۆش بىلەن قاندىن پۈتكەن ھېسسىياتلىق ئادەم بولغىنىم ئۈچۈن بىرەرىنى تېپىپ سۆزلىشىشكە، ئىچ-قارنىمنى بوشىتىۋېلىشقا، بوزلاپ، ھۆركىرەپ يىغلاپ، دەرد-ھەسرىتىمنى يېنىكلىتىۋېلىشقا ئىنتىزار ئىدىم. بۇ ھېسسىياتقا مەن قاچان كېلىپ قالدىم؟ بەلكىم ھېلىقى غايىب شەپقەتچىمنىڭ سەۋەبىدىندۇر. ئۇنىڭ كىملىكىنى، ماڭا نېمە ئۈچۈن ياردەم قولىنى سۇنىدىغانلىقىنى، مەندىن نېمە تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. خوجايىن ئايال مېنى ئۆي ئىجارىسىسىز ھەرگىزمۇ بۇ ئۆيدە تۇرغۇزمايتتى. كۆزمىنەك تاقىغان ھېلىقى تاقىرباش دوختۇرمۇ بىكاردىن-بىكار مېنىڭ كېسىلىمنى كۆرۈپ قويمايتتى. ھاممالمۇ، ھېلىقى چۆچۈرىچى قىزمۇ بىكاردىن-بىكارغىلا ماڭا كۆمۈر ۋە تاماقلارنى توشۇپ بەرمەيتتى. مېنىڭ بۇلارنى بىلگۈم كېلەتتى. ئۆي خوجايىنى ئايال پات-پات مېنى يوقلاپ كىرگەندە:

— تەلىيىڭ بار ئىكەن جومباق، — دەيتتى سۆزلىرى ئالتۇن چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجىيىپ، — بىر خىزىرغا ئۇچرىدىڭ، تۆلىۋەتتى، ھەممىنى تۆلىۋەتتى. خۇدايىم دېگەنچۇ ھەممىنى ئەڭشەپ يارىتىدۇ. سېنىڭ گۈلدەك چىرايىڭ بار، ساقىيىپ كېتىسەن. خۇدايىم شىپالىق بېرىدۇ. نى-نى ئەركەكلەر كەينىڭدىن سوكۇلداپ يۈرمەيدىغان بولسا قاراپ تۇر، ساقىيىسەن. ساقىيىپ كېتىسەن، — ئۇ شۇندىلا باش-ئايىغى يوق بىر نېمىلەرنى دەپ ۋالتىلدىغىنىچە چىقىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ داڭقان پۈتى گەپلىرى قۇلىقىمغا زادىلا ياقمايتتى. ئەمما بۇ ئۆيدىن ھازىرچە كۆچۈپمۇ كېتەلمەيتتىم. تېنىم بەكمۇ ئاجىز ئىدى. چىرايىم ساماندەك سارغىيىپ، كۆز چۆرىلىرىمگە بىلىنەرلىك قورۇق چۈشكىنىنى، چېكە چاچلىرىم ئارىسىدىكى كۆزگە چېلىقىپ قالىدىغان ئاقلارنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولاتتى. ئەمدىلا 22 ياشقا كىرگەن ئىدىم. تېخى چېچىمغا ئاق كىرىدىغان، يۈزلىرىمگە قورۇق چۈشىدىغان ياشتا ئەمەس ئىدىم. ئەمما مەن كارىۋاتتا يېتىپتىمەن.. . بۇلارنى چوقۇم بىرىگە دېيىشىم كېرەك ئىدى.

ئىشىك ئېچىلىپ ئاشخانىدا ئىشلەيدىغان ھېلىقى قىز چىنىنى ئالغىلى كىردى.

— ئىچمەپسىزغۇ؟ — ئۇنىڭ قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازى ماڭا يېقىملىق بىر مۇزىكىنى ئەسلەتتى، — سوۋۇپ قالسا تەمى قاچىدۇ، قىزىتىپ ئەكىرىپ بېرەيمۇ-يا؟

— بولدى ئاۋارە بولماڭ، — دېدىم ئالدىراپلا، — تازا ئاۋۇم يوق.

مەقسىتىم ئۇنى تۇتۇپ قېلىش ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆرۈنۈشىدىن ئالدىراۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ چىنىدىكى تاماقنى باشقا بىر چىنىگە قۇيۇپ قويۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى. ئۇنىڭدىن گەپ سورىماقچى بولۇپ ئاغزىمنى ئۆمەللەپ يەنە توختاپ قالدىم. نېمىنى سورايمەن؟

قىز يېنىك دەسسەپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشىنىڭ يىراقلىشىشىغا ئەگىشىپ قەلبىمدىكى پەرىشانلىق كۈچىيىشكە باشلىدى. يالغۇزلۇق ئازابى يۈرىكىمنى

غاجاپ، ئىچىم ئاچچىق ھەسرەتكە تولدى. تۇرۇپلا ئىچ باغرىمنى بىرى سۇغۇرۇۋالغاندەك، ئۆزۈم بوشلۇقتا لەيلەپ قېلىۋاتقاندەك بېشىم قاتتىق قېيىشقا باشلىدى. پۈتۈن بەدىنىم سۇنىڭ ئىچىدە قالغاندەك قاتتىق تەرلەپ كەتتىم. كېسىلىم يەنە قوزغالغان ئىدى. قاتتىق ھاياجانلانغان بولسام كېرەك. ئىككى تامچە تۇزلۇق سۇيۇقلۇق مەڭزىمنى بويلاپ ھېلىلا پەيلغان لەۋلىرىم ئارىسىدا توختاپ قالدى.

11 ـ ئايغا 29.

بۈگۈن تۈنجى قار ياغدى. يەرگە چۈشۈپلا ئېرىپ كېتىدىغان، لېكىن قىشنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بۇ پەسىل مېھمىنىنى مەن بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم. تۇرۇپلا بالىلىق چاغلىرىم ئېسىمگە كەلدى. بالىلىق چاغلىرىمدا مۇشۇنداق قار ياغقان كۈنلەردە قارنىڭ چۈشۈۋاتقان ھالىتىنى تاماشا قىلاتتىم. قار ئاستىدا ئۇزاق تۇرۇپ، ئۈستىۋاشلىرىمنى قار كۆمۈپ تاشلىغاندىلا ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كىرەتتىم. بۇنداق چاغدا ئادەم ھېچنەرسىنى ئويلىمايدۇ. ھېچقانداق نەرسىمۇ كىشى كۆڭلىنىڭ ئارامىنى بۇزالمايدۇ. ئەپسۇس، شۇ قار، بۈنىڭدىن تۆت يىل بۇرۇنقى قارلىق كېچە، يۇرتۇمنىڭ تۈنجى قارلىق كېچىسى. مەن مەڭگۈ نەپرەتلىنىدىغان شۇ قارلىق كېچە. بۇلارنى ئەسلەشتىنمۇ ئۈيىلىمەن. بىراق، ئۇ مېنىڭ ھايات مۇساپەمدە بولۇپ ئۆتكەن ئاچچىق ئۆتمۈش.

شۇ يىلى قىش كېچىكىپرەك كەلدى. كۈزنىڭ سارغۇچ ھالىتى تەبىئەت دۇنياسىدىن كېتىشنى خالىمىغاندەك بەكمۇ ئالدىرىماي ئۆز تۈسىنى ئۆزگەرتتى. كىشىلەر كۈزنىڭ ساخاۋىتىدىن ھۇزۇر ئېلىپ، مال ـ چارۋىلىرى ئۈچۈن قىشلىق ئوت ـ چۆپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن ئوزۇق ـ تۈلۈكنى خېلى مول جۇغلىۋېلىشتى. بىز مەكتەپ بالىلىرىمۇ خۇشال ئىدۇق. تەبىئەتتىكى ئۆزگىرىشنىڭ ئادەمنىڭ مىجەزىگە بولغان تەسىرى كۈچلۈك بولسا كېرەك. قىش بالدۇر كىرسە، چوڭلارمۇ ئۇششۇك ھەرىدەك زەھەرلىشىپ، ھەدېسىلا نەشتىرىنى بىزگە سانجىيتتى. بولۇپمۇ مېنىڭ ھازازۇل ئۆگەي ئاپام تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. بۇ يىل ئەھۋال باشقىچە ئىدى. تال بارىڭىمىزدىكى سارغىيىپ پىشقان ساپاق ـ ساپاق ئۈزۈملەر تېخى يېقىندىلا ئۈزۈلۈپ، قازناق ئۆيگە ئېسىپ قويۇلغان ئىدى. ئۇ ئۆيگە يوغان شادا قۇلۇپ سېلىنىپ، ئاچقۇچنى ئۆگەي ئاپام ساقلايتتى.

بۈگۈن يەكشەنبە، دادام ئەتىگەندىلا ھارۋىغا ئىككى سېۋەت ئۈزۈم بېسىپ، كەچتە قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى، شەھەردىكى تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىدە قونۇپ، ئەتە بىر ھارۋا ئوغۇت ئۇسۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ شەھەرگە مېڭىپ كەتتى.

مەن تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ بولۇپ، چولپاننى چاقىرىپ ئېتىزلىقتا ياڭيۇ پاساڭ قىلغىلى كەتتۇق. بۇ بىزنىڭ كۆڭۈللۈك ئىشلىرىمىزدىن بىرى ئىدى. بىز قۇرۇپ قالغان پاخال ـ شاخلارنى يىغىپ ئوت ياقاتتۇق. كۆل چۈشكەندە پاساڭ قىلغان ياڭيۇلارنى كۆمۈپ، پىشقاندا مەزە قىلىپ يېيىشەتتۇق. ھايات، تۇرمۇش ھەققىدە نۇرغۇن قىزىقارلىق پاراڭلارنى سېلىشاتتۇق. چولپاننىڭ دادىسى ئالدىنقى يىلى تۇگەپ كەتكەچكە ئۇ ئوقۇشتىن توختاپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئوقۇغۇسى بار ئىدى. لېكىن ئامال قانچە؟

— مېنىڭدىمۇ ئۈمىد يوق. ئاپامنىڭ مىجەزى بەك ئوسال، ھازىرمۇ ئارانلا تۇرىدۇ

ئۇقۇتمايمەن دەپ. قۇتۇر ئېشەكتەك ئىشلەپ جۇلۇقۇم چىقىپ كەتتى. لېكىن چىداۋاتىمەن. بىچارە دادامغا ئىچىم ئاغرىيدۇ، — دېدىم كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ.

چولپان ماڭا لەپپىدە قاراپ قويدى، لېكىن ھېچنەرسە دېمىدى. دەرەختىن سۇندۇرۇۋالغان تاياق بىلەن كۆلنى مالتىلاپ، كۆمۈپ قويغان ياڭيۇدىن ئىككىنى چىقىرىپ بىرىنى ماڭا سۇندى. بىز ئۇن - تىنسىز ئولتۇرۇپ ياڭيۇ يېيىشتۇق.

كۆز قۇياشى ئاجىز نۇرىنى كەڭ دالاغا چاچماقتا ئىدى. بىز ياڭيۇ سالغان سېۋەتلىرىمىزنى بىلىكىمىزگە ئېسىپ قايتىپ كەلدۇق. ئۆچكىلەرنىڭ، قويلارنىڭ مەرەشلىرى، كالا - موزايلارنىڭ مۆرەشلىرى يېزىنىڭ كەچكى ھاياتىنى جانلاندۇرغان ئىدى. كۆز شامىلىدا يېنىك شىلدىرلاپ ئاستا تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياپراقلىرى ھەريان ئۇچۇشاتتى. بىردىن ھاۋا بۇزۇلۇپ شىۋىرغان چىقىشقا باشلىدى. دادام بىر ياقلارغا كەتكەندە كۆڭلۈم نېمىشقىدۇر سەل يېرىم بولۇپ قالاتتى. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. ئانا مېھرىگە تەشنا قەلبىمنىڭ ئاچلىقى بىلەن ئۇ كىلىرىمغا ھەۋەس قىلاتتىم. بىچارە دادام ئۆگەي ئاپامدىن بەكلا قورقاتتى. قىش كۈنلىرى دادامنىڭ ئوچاقنىڭ ئالدىغا كەلگىنىنى كۆرسىلا ئۇنىڭ سەپرايى ئۆرلەيتتى:

— قوپۇڭلا نېرى. كۆرۈك توخۇدەك تىمىسقىلاپ ئوچاقنىڭ ئالدىدىن چىقالمايدىكەنسىلە.

بۇنداق چاغدا دادام ئۈن - تىنسىزلا ئوچاق يېنىدىن كېتىپ، ھويلىدا بىر قانداق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۇنىڭ پات - پاتلا قولىنى هورداپ ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچىم سىيرىلاتتى. بۇ ئۆيدە سوغۇق دادام ئىككىمىزگىلا تەۋە ئىدى. ھەي، كىم دېگەن بولغىيتتى «ئالتۇن باش ئاتاڭ بىلەن قالغۇچە، پاخما باش ئاپاڭ بىلەن قال» دەپ. ئېغىر خىيال بىلە ئۇخلاپ قاپتىمەن. قانداقتۇر بىر تارلىق - تۇرۇقتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. دادامنىڭ يوقلۇقىدىن پەيدا بولغان غەشلىك بىلەن بايا كۆرگەن غەلىتە چۈشلەرنىڭ بېسىرىملىقىدا ئاللىراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ سەرەڭگە چېقىپ چىراغنى ياندۇردۇم. ئۆگەي ئاپام ئورنىدا كۆرۈنمەيتتى. ئادەتتە يان تەرەپتىكى ئۆيىمىزگە قىش كۈنلىرى كەملىدىن كەم كىرەتتۇق. مېھمان كەلگەن كۈنلىرى ئوت ياققاننى ھېسابقا ئالمىغاندا قىشتا ئۇ ئۆيدە ھېچكىم ياتمايتتى. يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى. ھويلىدا باغلاقلىق تۇرغان ئالا بويناق پات - پات ئاچچىق ھاۋشىپ قورقۇنچۇمنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى. مەن ئاستا تالاغا چىقتىم. لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى. تۇنجى قار! مەن قارنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم. قار پۈتۈن كائىناتتىكى يامانلىقنى سۈپۈرۈپ تاشلايدىغان مۆجىزات سۈپىتىدە ماڭا بەكمۇ گۈزەل بىر تۇيغۇ بېغىشلايتتى. مەن دالىلارغا بېرىپ قارنى ئوچۇملاپ ئاغزىمغا سالاتتىم. قار مېنىڭ ئىسسىق لەۋلىرىم ئارىسىدا شۈررىدە ئېرىپ تەشنالىقىمنى قاندۇراتتى. ھەتتا مەن باقىلى ئېلىپ چىققان قويلىرىمنى قارلارنى يالاپ تويۇشۇپ، ماڭا قاراپ قويۇشاتتى. مەن قارنى پاكلىقنىڭ، ئۇلۇغلۇقنىڭ شاھىتى دەپ چۈشىنەتتىم.

ئالىقانلىرىمنى يېيىپ بىر ئوچۇم قار ئالماقچى بولۇپ يەرگە ئېڭىشىپ تۇرۇپ قالدىم. ئاياغ ئىزى، ناھايىتى چوڭ بىر جۈپ ئاياغنىڭ ئىزى. بۇ ئىز دەرۋازا تەرەپتىن تۈپتوغرا مېھمانخانا ئۆي تەرەپكە مېڭىپ، لەمپە ئاستىدا يوقالغان ئىدى. قار ئۇچقۇنلىرى خۇددى

www.uyghurkitap.com

ھېلىقى يوغان بىر جۈپ ئىزنى يوقاتماقچى بولغاندەك شىددەت بىلەن تۆكۈلەتتى. ئىزلار يېتكۈچە قاراپ تۇردۇم. ئىزلار يېتتى. نېمىشقا تالاغا چىققاندىمەن؟ ئاھ دادا، بىچارە دادا! قايسى گۇناھلىرىڭ ئۈچۈن مۇشۇ خورلۇق ساڭا راۋادۇر؟ كىرىپ كەتمەكچى بولدۇم، لېكىن غايىب بىر كۈچ مېنى مېھمانخانا ئۆي تەرەپكە سۆرەۋاتاتتى. «كۆرۈپ باق» دەيتتى بىر غايىب سادا. ئۇ زادى كىم؟ پۇتلىرىمنى تەستە يۆتكەپ ئىشىككە يېقىنلاشتىم. ئىشىك ھېلىم يېپىقلىق ئىدى. بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ دېرىزە تەكچىسىگە يېقىن بېرىپ ئىچكىرىگە قۇلاق سالدىم. ئۆيدىن سۇس چىراغ يورۇقى كۆرۈندى. مەن ئېھتىيات بىلەن، قاپقاق ئارىلىقىدىن ئۆي ئىچىنى مارىدىم. سۇپىنىڭ پەگا تەرىپىگە قويۇلغان تەكىيدە ئىككى باش — بىر ئەر، بىر ئايالنىڭ بېشى چاپلىشىپ دېگۈدەك ياتاتتى. ئۇلار پىچىرلىشىپ سۆزلىشىۋاتاتتى.

— ئەگەر مېنى تاشلىۋەتمىدىغان بولساڭ، مەندىن قۇتۇلىمەن دېيىشىڭ ئۇخلاپ چۈشۈڭ! — بۇ ئۆگەي ئاپامنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ئەمىسە مەن دېگەن شەرتكە كۆنىسەن.

— ھەي ئىپلاس ئېشەك. ئاپىسى بىلەن قىزىغا تەڭ كۆز سېلىشتىن ئۇيالمامسەن؟ دادىسى بىلىپ قالسا...

— قويە، ئۇ لامزەللە چوشقىغىنى. ئۇ سېنىڭ ئۆز قىزىڭمىدى. بىر قېتىملا گېپىمگە كىرسەڭ ئۆمۈر بويى سىزىقىڭدىن چىقمايمەن. كەنتنىڭ بېغى سېنىڭ بولىدۇ.

پۇت-قولۇم بوشىشىپ، كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ئاھ تەڭرىم! كۆرۈۋاتامسەن؟ ئاڭلاۋاتامسەن؟

ئاۋازىم سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۆي ئىچىدىن تارلىق-تۇرۇق ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ يەردىن دەرھال كېتىشىم كېرەك، لېكىن ئۇلگۈرەلمىدىم.

ئۆگەي ئاپام ئالۋاستىدەكلا كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى:



— نېمە قىلىپ تۇرىسەن بۇ يەردە؟ سۆگەك مارىغان ئىتتەك، ماڭ ئورنۇڭغا كىرىپ يات!

ھېلىقى يوغان ئاياغ ئىزىغا قارىدىم. دادام يوق ۋاقىتتا بۇ ئۆيگە بىمالال كىرەلىگەن، دادام ئۆمۈر بويى يېتەلمىگەن مۇيەسسەر بولالمىغان يوتقان-كۆرپىدە يېتىپ، دادامنى خورلاشقا پېتىنغان ھېلىقى باشنىڭ ئىگىسىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن مېھمانخانا ئۆيگە كىردىم. ئۆيدە كەنت باشلىقى ئولتۇراتتى.

— قىزنىڭ تازا تولۇپتۇ، پىچاقتا يارىغۇدەك. ئاشۇنداق لامزەللە ئەردىنىمۇ مۇشۇنداق ئامۇتنەك قىز تۇغۇلىدىكەن -ھە! ئەجەب كۆرمەپتىكەنمەن. بۇرۇن نەدىدى؟ — دېدى ئۇ لەۋلىرىنى يالاپ.

— يۇقىرىقى مەھەللىدىكى چوڭ ئاپىسىنىڭ ئۆيىدە ئىدى. ئۇ خوتۇن ئۆلگەندىن كېيىن بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى.

غەزەپتىن تىترەپ كەتتىم. ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ يۈزىگە چاڭگال سالدىم.

كاچىتىمغا تەگكەن شاپىلاقتىن يۈزلىرىم ئوت ئالدى. ئۇدۇل كەلگەن يېرىمگە مۈشتلاپ ھالىدىن كەتكەن ئۆگەي ئاپام مېنى بىر ھازا تىللاپ چىقىپ كەتتى. «ئاپا، — دەپ نىدا قىلدىم ئىچىمدە، — مەندەك بىر شور پېشانىنى تۇغمىساڭ بولغان ئىكەن!»

دادام ئەتىسى كەچتە قايتىپ كەلدى. دادامغا قاراپ كۆڭلۈم تېخىمۇ غەشلىككە تولدى. مەن دادامغا نېمە قىلىپ بېرەلەيمەن؟ ئەگەر ئوغۇل بولۇپ يارالغان بولسام -ھە؟ بەلكىم... نېمىشقىدۇر مومامنىڭ ئۆيىگە بارغۇم كېلىپ قالدى. ئۇ يەرگە بارسام ئۆزۈمگە ئاز -تولا تەسەللى تاپالايدىغاندەك ھېس قىلدىم. لېكىن ئۇ يەرگە بېرىپ كۆڭلۈم تېخىمۇ يېرىم بولدى. ئادەم دېگەننىڭ ھېس -تۇيغۇلىرى ئاجايىپ بولىدىكەن. پەرىشانلىق، كۆڭلى يېرىملىق دېگەننى بەزىدە قوغلاپمۇ قوغلىغىلى بولمايدىكەن. چۆلدەرەپ قالغان بۇ ماكانغا قاراپ ئىختىيارسىز كۆڭلۈم بۇزۇلدى. بىر چاغلاردا شادلىق كۈيلىرى ياڭراپ تۇرغان بۇ جاي ئەمدى گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆمگەن ئىدى. ئەتراپ شۇدىگەر قىلىنغان ئېتىزلىق. سوغۇق شۇۋۇرغان ئەنسىز ھۇۋلايتتى. مەن مۇشۇ جايدا چوڭ بولغان. مومام مەھەللىگە بىرەر ئىشقا بۇيرۇسا كەچ قالسامۇ قورقمايتتىم. خىيال بىلەن ۋاقىتنىڭ كەچ بولغىنىنى تۇيماي قاپتىمەن. ھىلال ئاي جامالىنى كۆرسىتىپلا بۇلۇتلار ئارىسىغا مۆكۈندى. ئاسمان قازان كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپقارا ئىدى. كېتەي دەپ تۇراتتىم. تۇيۇقسىز كۈچلۈك ئىككى قول بېلىمدىن قۇچاقلىۋالدى. يۇلقۇندۇم، بوشىنىشقا تىرىشتىم. مېنى قۇچاقلىۋالغان ئادەم بەك كۈچلۈك ئىدى. مەن ھېرىپ ھالىمدىن كەتتىم. ۋارقىرىماقچى بولدۇم، لېكىن ئاۋازىم پۈتۈپ قالغاندەك ئۈنۈم چىقمىدى. مەن ئۇ ئادەمنى تونۇۋالدىم. ئۇ مەن ئاخشام بىزنىڭ ئۆيدە ئۆگەي ئاپامنىڭ يېنىدا كۆرگەن ھېلىقى ئادەم ئىدى. قولۇمدا بىرەر پىچاق بولغان بولسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى -ھە؟ ئەمما قولۇمدا تومۇرنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق ئىدى. مېڭەمگە چىققان ئاغرىق ئازابىدىن چىرقىراپ تاشلىدىم. بېشىم چىڭقىلىپ كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تەقىلدى.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى؟ نېمە ئىشلار يۈز بەردى؟ كاللام قۇپقۇرۇق ئىدى. كۆز ياشلىرىم تىنماي ئاقاتتى. جالاقلاپ تىترەيتتىم. بۇ سوغۇقتىن پەيدا بولغان تىترەك بولماستىن، ھەسرەت، خورلۇق، غەزەپتىن پەيدا بولغان تىترەك ئىدى. ئاھ خۇدا ئەمدى قانداق قىلىمەن، ئەتە مەكتەپكە قانداق بارىمەن؟ ساۋاقداشلىرىمنىڭ، ئۇستازىمنىڭ چىرايىغا قانداق قارايمەن؟ تېگى يوق خىياللار مېڭەمنى قوچۇيتتى. كۆز ياشلىرىم توختىماي تۆكۈلەتتى. ئىنسانلار شۇ قەدەر ياۋۇز ئىكەن. مەن چىلبۆرىلەرنىڭ ئادەملەرنى يەپ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. لېكىن ئادەملەر چىلبۆرىلەردىنمۇ يامان ئىكەن. يولۋاسلارنىڭ ۋەھشىيلىكىمۇ ئادەملەرنىڭ ۋەھشىيلىكىگە يەتمەيدىكەن. نومۇس ئىنساننىڭ ئەڭ گۈزەل ئەخلاق-

www.uygurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

پەزىلەتلىرىدىن بىرى ئىدى. لېكىن ئىنسانلار ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەر قانداق نومۇسسىزلىقلارنى قىلىشتىن يانمايدىكەن.

بۈگۈن 12 ـ ئايغا 1.

ئالدىنقى كۈنى ياغقان قارنىڭ سوغۇقى دېرىزىنىڭ يوچۇقلىرىدىن ئۆي ئىچىگە ئۆرۈپ كىرمەكتە.

ئالدىنقى كۈنى كۆپ يېزىۋېتىپتىمەن. ھاياجانلانغىنىم ئۈچۈنمىكىن ھالىم خېلىلا پەس. بۈگۈن قولۇمغا يەنە قەلەم ئالدىم. ھامىنى يازغاندىن كېيىن تولۇقى بىلەن يازاي. قوللىرىم تىترەپ كېتىۋاتىدۇ. ئەتىگەن ئۆي ئىگىسى ئايال كىرىپ، بىرمۇنچە پەلىپەتىش سۆزلەپ چىقىپ كەتتى. يەنە يېزىشقا كىرىشتىم. قەيەرگە كەلگەن ئىدىم، ھە راست، ھېلىقى كۈنى ـــ ئازاب، قايغۇلىرىمدىن زېمىن تىترىگەن كۈنى قىممەتلىك نەرسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئازاب مېنى قاتتىق قىينايتتى. بۇنى ھېچقانداق تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. مېنىڭ شۇ كۈنكى ھالىم ئۆلۈكتىن قىلچە پەرقسىز ئىدى. لېكىن ئۆلۈشنىمۇ خالىمايتتىم. گەرچە شۇنچە خورلانغان بولساممۇ ياشىغۇم بار ئىدى. ھاياتنىڭ ھېكمىتى شۇ يەردە بولسا كېرەك. ئىنسان قانچە شەپقەتسىزلىككە ئۇچرىغانسېرى ھاياتنى شۇنچە سۆيىدىغان بولۇپ قالىدىكەن. مەن ھاياتقا مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن يۈزلىنىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئەپسۇس...

تاڭ خورىزى سوزۇپ چىللاشقا باشلىدى. باشقا كۈنلىرى بولسا بۇندلق ۋاقىتتا تاتلىق ئۇيقۇدا ياتاتتىم. بۇ كېچە ئۇيقۇسىز ئۆتتى. ئۇخلاش مۇمكىنمۇ؟ ئەتىگەندە ئۆيدىن چىقىپ كەتسەم ھېچكىم مەندىن گۇمانلانمايدۇ. چۈنكى مەن ھەر كۈنى سەھەردە بىر پارچە قاتتىق ناننى سومكامغا سېلىپ مەكتەپكە ماڭاتتىم. بىرلىق بىچارە دادام ئەل ـ يۇرت ئىچىدە يۈزىنى قاندلق كۆتۈرەر؟ لېكىن شۇندلق قىلماي ئامالىم يوق، ماڭا بۇنىڭدىن باشقا چىقىش يولىمۇ يوق. بۇ ئىپلاس ماكاننى كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن!

قۇياش غەربكە قىيسىيىشقا باشلىدى. قار باسقان دالادا قاتقان قار دانىچىلىرى قۇياش نۇرىدا كۈمۈش تەڭگىلەردەك يالتىرايتتى. قىپپاش شىمال شامىلى يۈزلىرىمگە نەشتەردەك سانجىلاتتى.

پۇتلىرىمنى تەستە يۆتكەپ مېڭىۋاتىمەن. نەگەر بارىمەن؟ بۇنى بىلمەيتتىم. لېكىن بۇ يەردىن قانچە يىراققا كەتسەم كۆڭلۈم شۇنچە ئەمىن تاپىدىغاندەك، ئازابلىرىم يېنىكلەيدىغاندەك، قايغۇلىرىم ئازلايدىغاندەك ئالدىمغا قاراپ مېڭىۋەردىم. پۇتلىرىم تېلىشقا باشلىدى. بىردىنلا بېشىم قېيىپ كەتتى. شۇ چاغدىلا قورسىقىمنىڭ قاتتىق ئېچىپ كەتكەنلىكىنى، ئەتىگەندىن بېرى ئاغزىمغا گىياھ چاغلىق نەرسە سالمىغىنىمنى ئېسىمگە ئالدىم. يېيىشكە نېنىممۇ، يېنىمدا بىر موچەن پۇلۇممۇ يوق ئىدى. ھەتتا نەگە بېرىشنىمۇ بىلمەيتتىم. قاتتىق بىر پۇشايمان ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالدى. يىغا قىستاپ ئۆپكەم ئۆرۈلۈشكە باشلىدى. يول بويىدا ئولتۇرۇپ قالدىم ـ دە، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدىم. ئەمدى كەينىمگە قايتىشقا بولمايتتى. مۇساپىرچىلىقنىڭ، غېرىبلىقنىڭ ئازابلىرى يۈرىكىمگە ھېلىتىنلا قورقۇنچ سېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆيگە ـــ ئۆي دەپ ئاتالغان ئاشۇ دوزاخقا ئەسلا قايتقۇم يوق ئىدى. دەرد ـ ھەسرىتىمنى دادامغا دېيەلمەيتتىم. ماڭا باشپاناھ

بولىدىغان، ھالىمغا يېتىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى.

سىرغىپ چۈشۈۋاتقان ياشلىرىم يۈزلىرىمنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى. كۆز ئۇلتۇرۇشقا ئاز قالغانسېرى قەلبىمدىكى قورقۇنچ شۇنچە كۈچىيىۋاتاتتى. كىملەرگىدۇر بولغان غەزەپ ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتەيتتى. كۆزۈم يىراق ـ يىراقلارغا تەلمۈرەتتى. توختىماي ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارغا قاراپ بىر ئاز ئۈمىدلەندىم.

ماشىنا توسۇشنى ئويلىغان بولساممۇ قولۇمنى كۆتۈرۈشكە زادىلا جۈرئەت قىلالماي بىرقانچە ماشىنىنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. ئۆزۈمگە ئاچچىقىم كېلەتتى. نېمانداق ئېزىلەڭگۈلۈك قىلىدىغاندىمەن؟

بىر ماشىنىغا مىڭ تەستە قولۇمنى كۆتۈرۈۋىدىم، ماشىنا توختىماي ئۆتۈپ كەتتى. ئۈمىدسىزلەندىم. يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى. لېكىن ئادەمزات بار بىر يەرگە يېتىۋېلىش ئۈچۈن بۇ خورلۇقلارغا چىدىشىم كېرەك ئىدى.

تۇيۇقسىز بىر ماشىنا مەندىن 20 مېتىردەك يىراقلىقتا توختىدى ـ دە، كابىنىكىدىن ئوتتۇرا بوي، چاچلىرىغا ئاق ئارىلىغان بىر كىشى سەكرەپ چۈشۈپ يېنىمغا كەلدى.

— بىر ياققا بارامتىڭىز قىزىم؟

بۇ ئادەمنى كۆرۈپلا تىنىم قاتتىق شۈركىنىپ كەتتى. چۈنكى بۇمۇ بىر ئەركىشى ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ «قىزىم» دېگىنىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم سەل جايىغا چۈشتى. مەن ئۇ كىشىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدىم. بۇ مېنىڭ سورالغان سوئالغا جاۋاب بېرىشنى خالىمىغانلىقىم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئىدى. راستىنىلا مەن قاياققا بېرىشنى، نېمە ئۈچۈن بېرىشنى بىلمەيتتىم. ناۋادا بۇ ماشىنىمۇ كېتىپ قالسا قانداق قىلارمەن دېگەن قورقۇنچلۇق پىكىر چاقماق تېزلىكىدە كاللامدىن ئۆتتى. مەن ئۇنىڭغا غەمكىن تىكىلدىم. كۆز جىيەكلىرىم ئېچىشىشقا باشلىدى. مەن ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان يات بىر كىشىدىن شەپقەت كۈتۈۋاتاتتىم. ئۇنىڭ مېنى ماشىنىسىغا سېلىپ يىراق ـ يىراقلارغا ئاپىرىپ قويۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم.

ھېلىقى كىشى سوئالىنى تەكرارلىدى. ئېھتىمال مېنى ئۆزىنىڭ گېپىنى چۈشەنمىدى دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك.

مەن نەگە بولسىمۇ مەيلى، دېمەكچى ئىدىم. گېلىمغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك ھېچنەرسە دېيەلمىدىم. بىردىنلا كۆز ياشلىرىم تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

— نەدىن كەلدىڭىز؟ — سورىدى ئۇ ھەيران بولغان ھالدا.

مەن كەلگەن تەرەپنى قولۇم بىلەن ئىشارەت قىلدىم.

— پىيادە كەلدىڭىز؟

مەن ھەئە ئىشارىسىگە باش لىڭشىتتىم.

— يارەببىم، شۇنچە ئۇزاق يولنى پىيادە باستىڭىز؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ، — ماشىنىغا چىقىڭ.

مەن ئەپسىز بىر ھالەتتە ماشىنىغا چىقتىم. ماشىنا گۈرۈلدەپ مېڭىپ كەتتى. ماشىنا ئىچى ئىسسىق ئىدى. مۇزلاپ كەتكەن پۇت ـ قوللىرىم ئاستا ـ ئاستا ئىسسىشقا باشلىدى. كابىنكىنىڭ ئەينىكىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرلتىم. گويا ماشىنا جايىدا توختاپ،

www.uygurkitap.com

بىپايان دالا ئارقىغا قاراپ مېڭىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. قاقشال سۆكسۆكلەر، ئايىغى كۆرۈنمەس زېمىن قاراڭغۇلۇقتا چۆكمەكتە ئىدى.

ماشىنا بىر ئۆتەڭكە كېلىپ توختىدى. شوپۇر مېنى سۇس يورۇپ تۇرغان بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئاشخانا بولسا كېرەك، تام ياقىلىتىپ ئىككى قاتار جوزا قويۇلغان، ئوتتۇرىدىكى مەشتە چاراسلاپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى.

ئاشخانا ئىگىسى بولسا كېرەك، ئوتتۇرا ياشلىق بىر جۇۋان شوپۇرنى قىزغىن قارشى ئېلىپ تۆردىن ئورۇن كۆرسەتتى. شوپۇر ھېلىقى ئايالنىڭ سالىمىغا سالام قايتۇرغاندىن كېيىن مېنى ئىچىدە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۆزى چىقىپ قولىنى يۇيۇشقا تۇتۇندى. مەن تۈنۈگۈن ئەتىگەندە يۈزۈمنى يۇغانچە ئىدىم. شوپۇر كىرگەندىن كېيىن مەنمۇ چىقىپ يۈز ـ كۆزلىرىمنى يۇيدۇم.

مەن كىرگەندە ھورى چىقىپ تۇرغان ئىككى پىيالە چاي بىلەن ئىككى تەخسە لەڭمەن شىرە ئۈستىدە تۇراتتى. ئاشنى كۆرۈپ قورسىقىمنىڭ ئاچلىقى تېخىمۇ بىلىنىشكە باشلىدى.

— ئېلىڭ، — دېدى شوپۇر بىر تەخسىدىكى ئاشنى ئالدىمغا سۈرۈپ، — قورسىقىڭىزمۇ ئاچقاندۇ.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تەخسىنى قۇرۇقداپ قويدۇم. تاماقنى بۇنچىلىك تېز يېيىش قىز بالا ئۈچۈن ياخشى ئادەت بولمىسىمۇ، تاماقنى كۆرۈش بىلەن ئۆزۈمنى زادىلا باسالماي قالغان ئىدىم. تاماقنى يەپ بولۇپ ئۆزۈمچە ئىزا تارتىپ قالدىم. شوپۇرنىڭ تامىقى تېخى يېرىملاشمىغان ئىدى.

— يەنە ئاش سالسۇنمۇ؟ — سورىدى ئۇ پىيالىدىكى چاينى ئوتلاۋېتىپ.

— ياق، رەھمەت! — دېدىم مەن، — قورسىقىم بەك...

گېپىمنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتىم. يۈزۈم بەك قىزىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك. شوپۇر چۈشەندىم دېگەندەك قىلىپ ماڭا قاراپ قويدى.

شۇ ھامان تاماققا پۇل دەپ قالسا قانداقمۇ قىلارمەن دېگەن غەم كاللامغا كىرىۋالدى. شوپۇر تامىقىنى يەپ بولۇپ تالاغا ماڭدى. ئۇنىڭ ھېلىقى كۈتكۈچى ئايال بىلەن قىلىشىۋاتقان گېپى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى:

— يولدىن ئېلىۋالدىم. كىيىملىرىمۇ بەك يېلىڭ ئىكەن. بىرەر دەردى باردەك قىلىدۇ. گەپ سورىسام يىغلاپلا تۇرىدۇ. بۈگۈنچە سىزنىڭ يېنىڭىزدا يېتىپ تۇرسۇن، تاڭ ئاتسا بىر گەپ بولار.

— بولىدۇ، خاتىرجەم كېتىۋەرسىلە.

يۈرىكىم جىغىلداپ كەتتى. بۇ ئادەم مېنى تاشلاپ قويۇپ كېتەرمۇ؟ بۇ ناتونۇش ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا... تۇرۇپلا كۆڭلۈم يېرىم بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن مەن نەگىلا بارماي، قانداق ئادەملەرنى كۆرمەي ھەممىسىلا ماڭا ناتونۇش ئىدى. لېكىن نېمىشقىدۇر بۇ ئادەمنى خۇددا ماڭا يەتكۈزگەن غەمگۇزاردەك ھېس قىلىپ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇۋاتاتتىم.

كۈتكۈچى ئايال يېنىپ كىردى. ئاشخانىدا بىزدىن باشقا خېرىدارلارمۇ قالمىغان ئىدى. ئۇ نىمكارلىرىغا ئىشلارنى تاپىلىغاندىن كېيىن، مېنى ئاشخانىنىڭ يان تەرىپى بىلەن باشلاپ ماڭدى. يۈرىكىم پوك ـ پوك ئىدى، مېنى نەگىمۇ ئاپىرار؟

ھېچقانچە ماڭمايلا ئايال مېنى ئىككى ياغاچ كارىۋات جۈپلەپ قويۇلغان ئىنسىق بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۆي پاكار بولۇپ، ئېگىزرەك ئادەم ئۆرە تۇرسا بېشى تاقىشىپ قالاتتى. ئاخشامدىن بۇيانقى خورلۇق، ئازاب، قاتتىق سوغۇق، ھارغىنلىق ھەم تەمتىرەش مېنى ھالسىراتقان ئىدى. ئىسسىق ئۆيگە كىرىپلا ھارغىنلىقىم بىراقلا تېشىغا تېپتى، كۆزلىرىم ئېلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

مەن ئايالنىڭ مەندىن گەپ سوراپ ئاۋارە قىلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرىگەن ئىدىم. لېكىن ئۇ ئايال بۇ ئۆيدە مېنىڭ بارلىقىمنى ئۇنتۇپ قالغاندەك مېنىڭ بىلەن كارى بولمىدى ۋە ئاشخانىدىن ئېلىپ چىققان لۆڭگە، پەشتاما دېگەندەك نەرسىلەرنى يۇيۇشقا تۇتۇندى.

ئايالنىڭ ئىشى تۈگىگىچە كۈتۈپ ئولتۇرۇشۇمغا توغرا كەلدى. ئايال ئىشنى تۈگى-تىپ بولغاندىن كېيىن ئورۇن سالدى.

— يېتىڭ، بىزنىڭ ئادەم ئاشخانىدا يېتىپ قالسۇن. ئۆي سەل كىچىك ھە - ي... بىزنىڭمۇ يۇرتىمىزدا قورۇ - جايلىرىمىز بار ئىدى. تىرىكچىلىك قىلىمىز دەپ يۇرت ئاتلاپ چىقىپ قاپتۇق، — دېدى ئۇزىگە ئۇزى سۆزلىگەندەك.

شۇنچىلىك ئۇيقۇم كەلگەنگە يارىشا يېتىۋېدىم، ئۇيقۇم قاچتى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات مۇساپەم قانداق بولار؟ قانداق قىسمەت مېنى كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ؟ مۇساپىرچىلىق ھاياتىمنىڭ تۇنجى ئاخشىمى يات يەرلەردىكى يات بىرىنىڭ پاكار كۆلبىسىدە ئۆتمەكتە. تاڭ ئاتىدۇ. يەنە كەچ بولىدۇ. يىلتىزسىز قامغاقتەك قەيەرلەردە قاڭقىپ يۈرەرمەن؟ ئۆزۈمنى زادىلا تۇتالمىدىم. ئۆي ئىگىسى ئايال تېخى ئۇخلىمىغان بولسا كېرەك، دەرھال چىراغنىڭ يىپىنى تارتىپ، ئۆرە ئولتۇردى.

— نېمە بولدىڭىز، نېمىشقا يىغلايسىز؟

— مەن قورقۇپ تۇرىمەن، — دېدىم بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ.

— ئاتا - ئانىڭىز بارمۇ؟

مەن ھەئە ئىشارىسىگە باش لىڭشىتتىم.

— سىزنىڭ يېنىپ چىققىنىڭىزنى ئۆيىڭىزدىكىلەر بىلەمدۇ؟

— ياق، بىلمەيدۇ.

— نېمىشقا يېنىپ چىقتىڭىز؟

..............

— نەگە بارماقچى بولۇۋاتىسىز؟

مەن يەنە جاۋاب بەرمىدىم.

— قاراڭ سىڭلىم، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن، — ئەتە مەن سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي. كىشىنىڭ يۇرتىدا كۈن ئالماق ئاسان ئەمەس، ئۇنىڭ ئۇستىگە يالغۇز قىز بالا ئۆزىڭىزنى قانداق ھىمايە قىلالىسىز؟ ماقۇل دەپ مېنىڭ گېپىمگە كىرىڭ. ئۆيىڭىزگە قايتىپ كېتىڭ. ئاتا - ئانىڭىز قانچىلىك ئەنسىرەۋاتقاندۇ سىزدىن.

— كەتكۈم يوق، — دېدىم پەس ئاۋازدا، — ماڭا ئاش - تاماق بەرگىنىڭىزگە، يات كۆرمەي ئىسسىق ئۆيىڭىزدە قوندۇرغىنىڭىزغا رەھمەت! لېكىن مەن ماڭغان يولۇمدىن ھەرگىز يانالمايمەن.

www.uygharkitap.com

ئۇ ماڭا گەپ يېگۈزەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى بولغاي، بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن:
— سىزگە ياخشى بولسۇن دەۋاتىمەن سىڭلىم. ھايات كۆچۈرۈش سىز بالا ۋاقتىڭىزدا ئوينىغان مېھماندارچىلىق ئويۇنى ئەمەس. ئۇخلاڭ، ئەتە يەنە سەھەر تۇرىدىغان گەپ، — دېدى ۋە چىراغنى ئۆچۈردى. بىر پەستىن كېيىن ئاڭلانغان يېنىك خورەك ئاۋازى يېقىمسىز مۇزىكىدەك كۆڭلۈمنىڭ پەرىشانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

ئەتىسى ئويغانسام، شوپۇر ئۇستام راستتىنلا مېنى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي، خوجايىن ئايالغا بىچارىلەرچە تەلمۈردۈم.
— راستتىنلا ئۆيىڭىزگە قايتقۇڭىز بولمىسا، — دېدى ئۇ كۆڭلۈمنى ياساپ، — ئىشەنچلىك بىرەرى ئۆتۈپ قالسا سىزنى شۇنىڭغا قوشۇپ، ئۈرۈمچىگە يولغا سېلىپ قوياي. چوڭ شەھەرنىڭ قوينى كەڭ، چوقۇم بىرەر ئىش تېپىپ جېنىڭىزنى باقالايسىز.

ئۇزۇن يوللۇق قاتناش بېكىتىدىن چىقىپ مەقسەتسىز، نىشانسىز كېتىۋاتىمەن.
— ۋاي! بۇ ئالتۇنقىزغۇ؟
ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدىم. قوشنىمىزنىڭ ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىدىغان قىزى سارەم ئاچا ئىكەن. مېنى تونۇۋاپتۇ.
— نېمە ئىش قىلىپ يۈرىيسىز؟ يۈرتتىكىلەرچۇ؟ كىم بىلەن كەلدىڭىز؟ ئوقۇشقا كەلدىڭىزمۇ يا؟ ئۆگىنىشىڭىزنى بەك ياخشى دەۋاتقان، — سارەم ئاچا مېنى سوئاللارغا كۆمۈۋەتتى. ئۇ مېنىڭ گەپ قىلماي تۇرغىنىمنى كۆرۈپ، — جۈرۈڭ، بىزنىڭ ئۆيگىلا بارايلى. مېنىڭ ئۆيۈم شەھەرنىڭ سىرتىدىراق، — دېدى ـ دە، مېنىڭ جاۋابىمنىمۇ كۈتمەستىن يول باشلاپ ماڭدى. بىرەر سائەتلەرچە ماڭدۇق.
— كوچا ئاپتوبۇسى دېگەن شۇ، ئامال يوق. مانا كەلدۇق.
سارەم ئاچىنىڭ ئۆيى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ماڭا ئۆيۈمدىن ئايرىلغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم خاتىرجەملىك ئاتا قىلدى. دەماللىققا ئۆزۈمنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىش سەۋەبىنى ئېيتمىدىم. مەندەك ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن بىر قىزغا باشقىلارنىڭ شۈبھە بىلەن قارايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.
— ئاپىڭىز سىزگە بەكمۇ كۆيەتتى. سىزنى ئەتىۋارلاپ ئالتۇن دەپ ئىسىم قويغان. قىزىم ئالتۇندەك ئەتىۋارلىق بولسۇن دەپ ئويلىغان بولغىيتى.
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. ئاھ، جېنىم ئاپا! ئالتۇن قىزىڭ چۆلدىكى قامغاقتەك ئايلاندى، ھەتتا بېشىنى تىققۇدەك ماكانىمۇ يوق. ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدىم. سارەم ئاچا بىرمۇنچە گەپلەر بىلەن ماڭا تەسەللى بەردى. مومىلارنىڭ شىرەم بىر تۇغقىنى بارمىش. شۇلارنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويماقچى بولدى.
تۇغقانلىرىمىز پېنسىيىگە چىققان ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئىكەن. ئۇلار بىلەن تېزلا چىقىشىپ قالدىم. مەن تۇرىدىغان بىر ماكانغا ئېرىشكىنىم ئۈچۈن خۇش ئىدىم. ئۇلار بولسا نەۋرىسىگە بالا باققۇچى تېپىلغانلىقىدىن خۇش ئىدى.
خوشلۇقۇم ئۇزۇنغا بارمىدى. ئارىدىن بەش ئاي ئۆتكەندە ئىچىۋاتقان ئېشىمغا تۇپا

چۈشتى. بۇ ئۆيدىمۇ خۇددى يۇرتۇمدىكى مېنى دەپسەندە قىلغان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئادەمدەك ئادىمىي ھايۋانلاردىن بىرى بار ئىكەن. بىر شاپىلاق سېلىۋېلىدىم، يانچۇقۇمدىن پۇل يىتتى دەپ مېنى ئوغرى تۇتتى. مېنىڭ بۇ ئۆيدە تۇرۇشۇمنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغان ئىدى.

«ئاچا، ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن. ماڭا ئىشىنىڭ، مەن ئوغرىلىق قىلمىدىم. ئەسلىي بالىڭىزنى چوڭ قىلىپ بەرگۈم بار ئىدى، ئامال بولمىدى. مېنى كەچۈرەرسىز.

ئالتۇن»

خەتنى شۇنچىلىكلا يازدىم. بەش ئايلىق ئىش ھەققىمنى خەجلىمىگەن ئىدىم. شۇ پۇلۇمنى ئېلىپ بۇ ئۆيدىنمۇ چىقىپ كەتتىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىش ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى، نەچچە ئاشخانىنىڭ ئىشىكىدىن، نەچچە ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن ئۈمىدسىز ياندىم. ئانچە-مۇنچە ئىش تاپقان بولساممۇ ئۇزۇنغا بارمىدى. شۇ كۈنلەردىكى تارتقان ئازابلىرىمنى تىلغا ئالغۇم يوق.



قېقىلىپ-سوقۇلۇپ يۈرگەن كۈنلىرىم ئۇزارغانسېرى يۇرتۇمنى، دادامنى شۇنچە سېغىنىدىغان بولۇپ قالدىم. نېمىلا دېگەن بىلەن ئۆز يۇرتۇم، ئۆز قېرىنداشلىرىم. مەن شۇلارنى ئويلاپ يەنىلا يۇرتۇمغا كېتىش قارارىغا كەلدىم.

12-ئاينىڭ 5-كۈنى

بۈگۈن ھاۋا بەكلا سوغۇق. تىترەپلا ياتىمەن. يۇرتۇمدىن قايتا ئايرىلغان ئاشۇ كېچىسى ھاۋا گەرچە سوغۇق بولسىمۇ، خۇددى بۈگۈنكىدەك تىترەپ چىققان ئىدىم...

مەھەللە چېتىدىكى بىر-بىرىگە مىنگىشىپ قالغان مايماق سۆگەتنىڭ ئاستىغا كېلىپ، قويۇق يوپۇرماقلار ئارىسىدىن يىراق ئاسمان بوشلۇقىغا تىكىلگىنىمچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىمەن. مەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن دىشۋارچىلىقلارنى تارتىپ،

www.uyghurkitap.com

يۇرتۇمنى، دادامنى قېرىنداشلىرىمنى سېغىنغان ئىدىم. يۇرتۇمنىڭ داللىرى بىردەممۇ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. گەرچە ھېلىقى كەچتىكى دەھشەتلىك ۋەقەدىن كېيىن ئۆيۈمدىن، يۇرتۇمدىن شۇنچىلىك يىرگەنگەن، قانچە يىراققا كەتسەم شۇنچە ياخشىدەك تۇيۇلغان بولسىمۇ، ھېسسىياتلىرىمنىڭ مېنى ئالداپ قويغانلىقىنى، قانچە يىراققا ماڭغانسېرى، قەلبىمدىكى پەرىشانلىقنىڭ شۇنچە كۈچىيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ئىدىم. زېمىنغا نېمىلەر سىغمايدۇ. زېمىن نېمىلەرنى كۆتۈرمەيدۇ؟ ئۆز دادام، قېرىنداشلىرىم مېنى قوبۇل قىلىشى، مېنى قوينىغا ئېلىشى، ماڭا ھاياتلىق يولى بېرىشى كېرەك ئىدى. لېكىن يارىلانغان كېيىك بالىسىدەك دالادا يېتىپتىمەن. ئادەملەردە يېنىمدىكى مۈشۈك ھايۋانچىلىك ۋاپامۇ قالمىغان ئوخشايدۇ.

بۇلۇتلار ئارىسىنى يېرىپ، ئاي تۇغدى. دالا ئاپئاق، يىراق-يىراقلارغا قارايتتىم. ئاي بەكمۇ يورۇق ئىدى. لېكىن بۇ ئاي مېنىڭ قەلبىمگە ھېچقانداق شادلىق ئاتا قىلالمىدى. كۆڭلۈمدە بېسىپ بولماس پەرىشانلىق. ئۆزۈمگە شۇنداق تەسەللى بەردىم: يىغلىما ئالتۇن، بەردەمرەك بولغىن، نېمىشقا يىغلايسەن؟ يات يەرلەرنىڭ ناتونۇش بولۇڭلىرىدا قاراڭغۇ تۈنلەردە يىغلىغىنىڭ يەتمەمدۇ؟ شۇنچە يىغلىدىڭ، قاپقارا بۇلاقتەك كۆزلىرىڭ تولا يىغلاۋېرىپ نۇرىنى يوقاتتى؛ سەن مۈشۈ كۈننى كۈتكەن ئىدىڭ؛ ئانا تۇپراقنى، ئانا يۇرتۇڭنى سېغىنىپ ياش تۆككەن ئىدىڭ. مانا ئۇنىڭ قوينىغا قايتىپ كەلدىڭ. ئانا تۇپراقنى، سەن سېغىنغان ئانا يۇرتنى باغرىڭغا باس. قارا، ئاي ساڭا كۈلۈپ قاراۋاتىدۇ. بۇ زېمىننى قۇچاقلا. لېكىن ياش تۆكمىگىن. چۈنكى زېمىن ئۆز سەزگۈسى بىلەن يۈرىكىڭنىڭ يىغلىغىنىنى بىلىدۇ. ھەسرەت ئىچىدە كۆككە تىكىلدىم. بىر ئاقار يۇلتۇز شۇررىدە ئېقىپ چۈشۈپ كەتتى. بەدىنىمگە تىترەك ئولاشتى. شەرق تەرەپ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. بۇ يەردىن دەرھال كەتمىسەم بولمايتتى. ئېتىزدا ئىشلەيدىغانلار ھېلىلا پەيدا بولۇشاتتى. ھېچكىمگە كۆرۈنگۈم يوق ئىدى. ئارقامغا — مەھەللە تەرەپكە قايرىلىپ قارىدىم. خەير ماڭا شەپقەت قىلمىغان ۋاپاسىز ماكان. مۇساپىرلىق كېپەنلىرىنى ماڭا سوۋغا قىلغان بىۋاپا پەلەك. خەير بىچارە دادام ئەلۋىدا سۆيۈملۈك يۇرتۇم!

ئىتىمىز خېلى يەرگىچە ماڭا ئەگىشىپ كەلدى. كۆزۈم قىيمىسىمۇ تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۇنى قوغلىۋەتتىم. بىچارە جانىۋار ماڭا قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن قىلغان قوپال مۇئامىلەمگە خاپا بولغاندەك ماڭا بىردەم قاراپ تۇرۇپ كەينىگە ئۆرۈلدى-دە، ئوقتەك يۈگۈرگىنىچە كۆزۈمدىن غايىب بولدى.

مۇساپىرلىق ۋە سەرسانلىق مېنى خېلى تەجرىبىلىك قىلىپ قويغان ئىدى. پۇل بولمىسا ئادەمنىڭ ئەڭ يامان كۈنلەرگە قالىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغان ئىدىم. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئانچە ئېسىل بولمىسىمۇ، دوقۇسلانسامۇ يەيدىغان تاماق، ياتىدىغان ماكانىم بار ئىدى. ساۋاقداشلىرىم مېنى بەك ياخشى كۆرۈپ كەتمىسىمۇ ھەر ھالدا يامان كۆرمەيتتى. ئۇلار ماڭا ھېسداشلىق قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ مېنى بەك ياخشى كۆرۈپ كەتمەسلىكىنىڭ سەۋەبى، مېنىڭ كىيىملىرىم بەكمۇ كۆرۈمسىز ئىدى. بەزىدە ئۆگەي ئاپامدىن ئاشقان كىيىملەرنى كىيىپ، بويۇمغا، چىرايىمغا، يېشىمغا ماس كەلمەيدىغان كىيىم بىلەن سۈتچى مومايلارغا ئوخشاپ قالاتتىم. بەزىدە كەپسىز ساۋاقداشلىرىمنىڭ زاڭلىق قىلىشىغا،

مەسخىرىلىرىگە ئۇچراپ تۇرساممۇ مەكتەپنى يەنىلا ياخشى كۆرەتتىم. بۇ يەرنى مەن ئۆگەي ئاپامنىڭ تىل - ھاقارىتىدىن قۇتۇلغىنىم ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزۈم ئىنتىلگەن نۇرغۇن گۈزەل نەرسىلەرگە ئېرىشكەنلىكىم ئۈچۈن ياخشى كۆرەتتىم. مەن بۇ يەردە ئىنسانىي مۇئامىلىگە، دوستلۇق مېھرىگە سازاۋەر بولاتتىم. مۇھىمى كىتابخۇمار بىر قانچە ساۋاقداشلىرىم بار ئىدى. ئۇلار ئوقۇغان كىتابلارنى مەنمۇ ئوقۇيالايتتىم. تاتار شائىرى ئابدۇللا توقاينىڭ شېئىرلار توپلىمىنى بەكمۇ ياخشى كۆرگىنىم ئۈچۈن، ھەتتا كۆپلىرىنى يادقىمۇ ئېلىۋالغان ئىدىم. مانا بۇلار خۇددى خىيالىي چۈشنىڭ تاتلىق ئەسلىمىسىدەك ئۆتمۈشكە تەئەللۇق بولۇپ قالدى. ساۋاقداشلىرىم، ئۇستازلىرىم، ھەتتا داداممۇ مېنى شاللاقلىقتا ئەيىبلىگەندۇ؟ ئۇلار شۇنداق قىلىشقا، مېنى شۇنداق ئەيىبلەشكە ھېچقانداق ھەققىنىڭ يوقلۇقىنى چۈشەنسە ئىدى، ھايات باشقىچە بولار ئىدى. ھاياتتا سىرلىق نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ. مېنىڭ ناھەق كەمسىتىشلەرگە چىداپ، ئاشۇ سىرلىرىمنى يوشۇرۇپ يۈرۈشۈممۇ ھاياتتىكى سىرلارنىڭ كىچىككىنە بىر زەررىسى. مەن بۇلارنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدىم. مەن ھاياتىمدا ئۆزۈمنى قوغداش ئۈچۈن كېرەك بولغان كىچىككىنە نەرسىنىمۇ قەدىرلەشنى بىلىۋالغان ئىدىم. قىممەتلىك نەرسىدىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىنكى قاتتىق ئازاب مېنى بەكمۇ ئېھتىياتچان قىلىپ قويغان ئىدى. ھازىر مېنىڭ بوخچامدا ئالدىنقى يىلى سېتىۋالغان ئۆتكۈر بىر پىچاق ۋە يۈز يۈەندىن ئارتۇق پۇل بار، ھېچنەرسەم يوق چاغدىمۇ ياقا يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگەن ئىدىم. ھازىر بولسا كۆزۈم خېلى پىشقان، يۈرىكىممۇ خېلى توم ئىدى. ئىككىنچى قېتىم يۇرتۇمدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇراتتىم. ئارزۇ - ئۈمىدلىرىم كېچىدىكى ئاقار يۇلتۇزدەك ئېقىپ كەتتى. ئاشۇ كېچە ئۆلۈۋالسام بوپتىكەن دېگەن تۈيغۇ يۈرىكىمنى ئازابلاپ، مېنى پۇشايمان ئوتىدا كۆيدۈرەتتى. دېمەك شۇ كېچە ئۆلمىگەندىن كېيىن، ئۆلەلمىگەندىن كېيىن، ئەمدى ئۆلۈشۈمنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى ھەم زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى.

ئۆزۈن يوللۇق يولۇچىلار بېكىتىگە كەلدىم. تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپلا پېنسىيىگە چىققان دادىسىنىڭ ئورنىغا ئورۇنلاشقان بىر قىز ساۋاقدىشىم شۇ يەردە ئىشلەيتتى. بىز مەكتەپتە يامان ئەمەس ئۆتەتتۇق. «قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ» دېگەندەك بېكەتتە كىزىپلا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ مېنى كۆرۈپ سەل ھودۇقتى بولغاي، چىرايىغا تېپىپ چىققان ھەيرانلىقىنى ناھايىتى تېزلا يوشۇرۇۋالدى.

— ياخشىمۇسەن ئالتۇن؟ بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دېدى ئۇ.

— ئۆزۈڭچۇ ئايىم؟ ئۈرۈمچىگە ماڭاي دەپ تۇرۇشۇم، ئۆي ئىچىڭ تىنچلىقتۇ؟ — دېدىم مەنمۇ جاۋابەن.

مەن ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى تونۇيتتۇم. شۇڭا ئەدەپ يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم.

— ئۇلار ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ، سېنىڭ گېپىڭنى دائىم قىلىشىمىز.

يۈزۈمنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكى ئۆزۈمگە بىلىنىدى. ئەھۋالىمدىن ئۇنىڭ خەۋەر تاپماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن بىر قىزنىڭ ھېچقاچان ياخشى گېپى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم، ئۇنىڭ ئەترىپقا پات - پات ئەنسىز قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ

قالدىم. ئۇ مەن بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇشتىن خۇدۇكلىنىۋاتاتتى.

بىر ئاچچىق تۇيغۇ قەلبىمنى مۇجۇشقا باشلىدى. نېمىشقا ئۆزۈمنى ئەرزان قىلاي؟

— خوش، — دېدىم ئۇنىڭغا قول ئۇزىتىپ، — مەن ھازىرلا ماڭمىسام بولمايدۇ.

— شۇنچىلىك ئالدىراشمۇ؟ بىزنىڭ ئۆيگە بارمامسەن؟

— كېيىن بارارمەن. خۇدا نېسىپ قىلسا.

— توختا، بېلەت ئالمىغانسەن؟ بۈگۈن مەن نۆۋەتچىلىك قىلىمەن. ئاپتوبۇسقا بېلەتسىز سېلىپ قوياي.

«ياق» دەپ رەت قىلماقچى بولۇپ توختاپ قالدىم. نېمىشقا رەت قىلىمەن؟ ئۇنىڭمۇ ياخشى كۆڭلى تۇرسا؟

ئاھ ئادەملەر نېمە دېگەن مۇرەككەپ، چۈشىنىكسىز ـ ھە؟ بىرلىرى ساڭا شەپقەت قولىنى سۇنىدىكەن، بىرلىرى سېنى يار لېۋىگە قىستاپ ئاپىرىپ ياشاشقا ئامالسىز قالدۇرىدىكەن.

ئاپتوبۇس قوزغالدى. ئايىم قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايىدا ئىپادىسىز بىر ھالەت. ئۇنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىۋاتقانمىدۇ؟ ياكى مەندىن نەپرەتلىنىۋاتقانمىدۇ؟

خەير ئايىم! سېنىڭ ماڭا قىلغان بۇ ياخشىلىقىڭنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇپ قالمايمەن. لېكىن مېنىڭ قانچىلىك ھەسرەت ئىچىدە سەپەرگە ئاتلانغىنىمنى بىلسەڭ ئىدىڭ، مېنى ھەرگىزمۇ يولغا سېلىپ قويمىغان بولاتتىڭ.

يۇرتۇمدىن يىراقلاشقانسېرى قەلبىمدىكى پەرىشانلىقمۇ شۇنچە كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۆزۈمنى خۇددى تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك، بوشلۇقتا ساڭگىلاپ قېلىۋاتقاندەك سەزمەكتە ئىدىم. ماشىنا يېنىك سىلكىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئاپتوبۇستىكىلەر شېرىن ئۇيقۇغا ئەسىر بولغان ئىدى.

يولغا چىقىپ 3 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق. مەن شوپۇرغا رەھمەت ئېيتىپ بېكەتتىن چىقتىم. مىغ ـ مىغ ئادەم، ھەر خىل ماشىنىلار مۆكىمەك ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرلاتتى. ئۇلار شۇنچىلىك ئالدىراش مېڭىشاتتىكى، بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ كېتىۋاتقانلارمۇ تۈزۈكرەك ئەپۇ سوراشماي، يەنە ئالدىراش ئۆز يولىنى داۋام قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ بارىدىغان نىشانى بار، شۇڭا ئالدىرايدۇ، دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە. مېنىڭچۇ؟ مەن نەگىمۇ بارارمەن؟ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ھۆپىگەرلەر، ئېلىپ ـ ساتارلار، ئاشپەزلەر خېرىدار چاقىرىپ ۋارقىرىشاتتى. ئالدى بىلەن ياتىدىغان ئورۇن تېپىشىم، ئاندىن قورساقنى غەملىشىم كېرەك ئىدى. چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ بىر شەخسىي مېھمانخانىغا كىردىم. مېھمانخانا دېگىنى ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۆزى ئولتۇرۇۋاتقان ئۆينى ئۆزگەرتىپ ياسىغان ئىككى ئېغىزلىق ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئۆي ئىكەن. ئىچكەركى ئۆيدىكى سۇپىدا ئۈچ ئايال پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. قارىغاندا ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش كېچىنى كوچىدا ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن پۇلى ئەرزان ياتاقنى ئىزدەپ، مۇشۇ ئۆيگە كىرگەنلەر بولسا كېرەك. خوجايىن ئايال مېنىڭ باش ـ ئايىغىمغا قاراپ قويغاندىن كېيىن ياتاقنىڭ پۇلىنىڭ ئەرزان، ئورۇن ـ كۆرپىلىرىنىڭ پاكىز، يۇمشاق ئىكەنلىكىنى بىردەمدىلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

— خالىسىڭىز سىز ئىچكەركى ئۆيدە يېتىڭ. مەن قىزىم بىلەن تاشقىرىقى ئۆيدە

ياتىمەن. بىز بىلەن بىللە ياتسىڭىزمۇ مەيلى.

مەن چاقماق تېزلىكىدە ئۆيلەرنى كۆزىتىپ چىقتىم. ئىچكەركى ئۆيگىمۇ، تاشقىرقى ئۆيگىمۇ سۇپىغا توشقۇززۇپ گىلەم سېلىنغان ئىدى. گىلەم سەل نىمكەشرەك بولسىمۇ، ئۆيگە باشقىچە تۈس بېرىپ تۇرلتتى.

— سىلەر بىلەن بىللە ياتاي، ياتاق پۇلىنى قاچان تۆلەيمەن؟

— ھازىر تۆلىسىڭىزمۇ، ئەتە تۆلىسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ، — دېدى خوجايىن ئايال ۋە ئارقىدىنلا قوشۇپ قويدى، — ھازىر بېرىۋەتسىڭىز تېخى ياخشى.

ياتاق پۇلىنى تۆلىۋەتكەندىن كېيىن، تاماق يېيىش ئۈچۈن تالاغا چىقتىم. كوچا چىراغلىرى بۇ شەھەرنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىگە ئاجايىپ ھۆسن قوشقان ئىدى. ئادەملەر چۈشتىن كېيىنكىگە قارىغاندا سەل شالاڭلىغان بولسىمۇ، يەنىلا شۇنداق ئالدىراشتەك كۆرۈنەتتى.

مېھمانخانىدىن ئەتىسىمۇ كەتمىلىم. بىرەر مۇۋاپىق ئىش تېپىپ بولغۇچە بۇ يەردە يېتىپ تۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. بىرقانچە جايلارغا بېرىپ ئىش ئىزدىگەن بولسامىمۇ نەتىجە بولمىدى.

بىر ھەپتە ئۆتتى. ئۇرۇنۇشلىرىم بىكار كەتتى. كۆڭلە كەچتە ھېرىپ - ئېچىپ سالپىيىپ قايتىپ كېلىمەن. يېنىمدا بار پۇلنىڭ تۈگەپ كېتىپ تالادا قېلىشىمدىن ئەنسىرەشكە باشلىدىم.

قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا ھاۋا تۇتۇلۇپ جۇدۇن بولۇشقا باشلىدى. كەينىدىنلا ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىلدى. ھەربىر چاقماق چېقىلغاندا جاھان قاتتىق سىلكىنىپ، يەر - زېمىن ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ھايال ئۆتمەي يامغۇر چېلەكلەپ قۇيغاندەك شارقىراپ يېغىشقا باشلىدى. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ھويلىنىڭ ئىشىكىدىن ئېقىپ كىرىۋالتقان يامغۇر سۈيى ئاسماندىن تۆكۈلۈۋاتقان يامغۇر بىلەن قوشۇلۇپ، ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى ئويماندا بىر كىچىك ئېرىقچە ھاسىل قىلدى.

خوجايىن ئايال ئۆيگە سۇ كىرىپ كېتىدىغان بولدى دەپ قاقشىغىنىچە قىزى بىلەن بىر ئەسكى داسنى كۆتۈرۈپ، ھويلىدىكى سۇلارنى كوچىغا توشۇغىلى تۇردى. بۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئولتۇرۇۋېلىش ماڭا بىئەپ تۇيۇلدى - دە، بۇلۇڭدا تۇرغان چېلەكنى ئېلىپ ھويلىغا چىقتىم.

ھويلىدىكى سۇ تۈگەي دەپ قالغاندا كۈتۈلمىگەن بىر پېشكەللىك يۈز بەردى. مەن تېيىلىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشتۈم. ئورنۇمدىن تۇرۇشقا ئۇرۇنغان ئىدىم، سول پۇتۇمنى يەرگە باسالمىدىم. مېنىڭ يىقىلىپ چۈشكىنىمنى كۆرۈپ خوجايىن ئايال بىلەن قىزى يۈگۈرۈپ كېلىشتى ۋە مېنى يۆلەپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى.

پۇتۇم قاتتىق سىرقىراپ ئاغرىيتتى. بىر پەستىنلا ئوشۇقۇم ئىششىپ چىقتى.

— پۇتىڭىز قايرىلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، قانداقمۇ قىلارمىز، — دېدى خوجايىن ئايال پۇتۇمغا قاراپ، — بۇ نەس باسقان يامغۇر بالا بولدىمۇ نېمە بىزگە. ماڭ بولە، ئاۋۇ ئەرلەر ياتىقىدا بىرەر ئادەم بولسا چاقىرغىنا.

تەقدىر دېگەن ئاجايىپ ئىكەن. خوجايىننىڭ قىزى چاقىرىپ كىرگەن كىشى دەل ھازىر

مەن سېغىنىۋاتقان نۇر ئىدى. مەن ئۇ چاغدا ئاغرىقىمنىڭ دەردى بىلەن ئۇنىڭغا دىققەتمۇ قىلماپتىمەن. ئۇ پۇتۇمنى يەم بىلەن تېڭىپ قويىدى. ئۇمۇ بۇ مېھمانخانىغا تېخى ئالدىنقى كۈنىلا چۈشكەن ئىكەن. تېڭىقچىلىق ئۇنىڭ ئاتا كەسپى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

مېڭىشىم ئەپسىز بولغاچقا ئەتىگەنلىك چېيىمنى خوجايىن بىلەن بىللە ئىچتىم. ئۇلار پۇتۇمنىڭ مۇشۇندلق بولۇشىغا ئۆزلىرى سەۋەبچىدەك بەكمۇ خىجىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، كۆڭۈل قويىدى.

قورسىقىم تېخى ئاچمىغان ئىدى. نۇر بىر قولىدا ئون ـ ئون بەشچە سامسا سېلىنغان سۇلياۋ خالتىنى، يەنە بىر قولىدا يوغان بىر تاۋۇزنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ، — دېدى ئۇ قولىدىكى نەرسىلەرنى سۇپىغا قويۇپ، — تاماققا چىقىشىڭىز بىئەپ، شۇڭا قاتتىق ـ قۇرۇق بولسىمۇ بىللە تاماق يەيلى دەپ كىرىشىم.

— نېمانچە ئاۋارە بولىسىز، ئۆزۈم بىر ئامال قىلىپ چىقاتتىم. رەھمەت سىزگە!

نۇرنىڭ كىرىشى خوجايىن ئايالغا مايدەك ياقتى. ئۇ نۇرنىڭ ئادەمگەرچىلىكىنى ماختاپ، دەرھال داستىخان سېلىپ، تاۋۇز تىلىش ئۈچۈن پىچاق، تاختىلارنى تەييار قىلدى.

— بۈگۈن قوزغالماڭ. ئەتە ياخشى بولۇپ قالىدۇ. ماۋۇ دورىنىمۇ ئالغاچ كىردىم، ھېلى پۇتىڭىزنىڭ ئىششىغان يېرىگە سۈرۈۋېلىڭ.

تاماقنىڭ پۇلىنى بېرەي دېگەن ئىدىم. ئۇنىڭ ئالماي قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم. بوپتۇ، پۇتۇم ساقايسا مەنمۇ ئۇنى مېھمان قىلسام بولمىدىمۇ؟ دېگەندەك ئەتىسى پۇتۇم خېلى ياخشى بولۇپ قالدى. ئازراق ئاقسىساممۇ ماڭالايتتىم.

— جۇرۇڭ نۇر، مەن سىزنى مېھمان قىلاي، — دېدىم ئۇنىڭغا، — سىزنىڭ تامىقىڭىزنى بىكارغا يەۋالسام بولماس.

— ئاپلا، مەن گادايلىشىپ كېتىدىغان بولدۇم ـ دە، قانداقمۇ قىلارمەن ئەمدى، — دېدى ئۇ گېپىمگە چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ.

تاماقتىن كېيىن نۇر ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دادىسى ئۇنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ، تىجارەتنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىپتۇ، يۇرتىدا ئۇلارنىڭ ئىككى يەردە دۇكىنى بار ئىكەن. نۇر بۇ يەردە تۇرۇپ ئىچكىرىدىن كەلگەن ماللارنى تاپشۇرۇۋېلىشقا مەسئۇل ئىكەن.

— سودىگەرچىلىك قىلماق ئوڭايمۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى. قولىدىكى تاماكىنى تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن قاتتىق بىر شوراپ ئىسنى پۈۋلىدى.

— مېنىڭچە ھېچقانداق ئىشنىڭ ئاسىنى، قىيىنىمۇ يوق. پەقەت... — ئۇنىڭ گەپ قىلماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ يەنە سورىدىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— مەن كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالسام دەيمەن. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي ئۈمىدسىزلەنگەن ئىدىم. مانا ھازىرقى بۇ ئىشىمغىمۇ كۆنۈپ قالدىم. لېكىن ھەممە ئىشقا كاللا ئىشلىتىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئاندىن شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولغىلى بولىدىكەن. سودىگەرلەر ئىچىدە ھالال بېيىغانلارمۇ، پۇلنى كۆرسە ئىمانىنى ساتىدىغانلارمۇ بار ئىكەن.

سەللا ئېھتىيات قىلمىسا دوم چۈشىدىغان گەپ. بىر دوم چۈشتۈڭمۇ بىر يىل، ھەتتا بىرقانچە يىللىق تاپاۋەت بىراقلا تۈگەيدۇ. ھەتتا دەسمايىدىن ئايرىلىپ قاقسەنەم بولىدىغان ئىش.

ئۇ ماڭا ئەنە شۇنداق پاراڭلارنى قىلىپ بېرىپ، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمىدۇرمەيتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشنى خالايتتىم. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاشنى ياقتۇراتتىم. ئۇ تاسادىپىي ھالدا بىرەر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىپ قالسا، ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرەتتىم. توۋا، بۇ قانداق ھېسسىيات؟ مەن ھېچقاچان بۇنداق ھېسسىياتتا بولۇپ باقمىغان ئىدىم. قەلبىمنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدىن ئەرلەردىن سەسكىنەتتىم. ئۇلاردىن قورقاتتىم. ئۇلاردىن نەپرەتلىنەتتىم. لېكىن مېنىڭ نۇرغا بولغان ھېسسىياتىم باشقىچە ئىدى. لېكىن بۇ ھېسلىرىمدىن، خىيالىمدىن ئۆزۈم قورقاتتىم. ئەخمەق بولما ئالتۇن. سەن كىم؟ قولۇڭ يەتمىگەن شاخقا ئېسىلمىغىن.

ئەتىگەن چىقىپ كېتىپ كەچ قايتىپ كىردىم. نۇر ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. نەگە بارغانلىقىمنى سورىدى. ئىش ئىزدەپ بارغانلىقىمنى ئېيتتىم.

— ئىش تاپالىدىڭىزمۇ؟

— تاپتىم، —قىسقىلا جاۋاب بەردىم.

— نەدىن ئىش تاپتىڭىز؟

— بىر رېستوراندىن. قاچا ـ قۇچا يۇيىدىغان ئىش ئىكەن.

— ئىشلىمىسىڭىز زادىلا بولمامدۇ؟

— گېلىمنىڭ غېمىنى قىلىشىم كېرەكتە.

— دېگىنىڭىزغۇ ئورۇنلۇق. تاماق يېمىگەنسىز؟ جۈرۈڭ تاماق يەپ كىرمىلى.

قايتقۇچە سېرىق ئاش يېگەن ئىدىم. شۇڭا سىلىق رەت قىلدىم:

— رەھمەت، تاماق يەۋالغان ئىدىم.

كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. تېنىم جۇغۇلداپ، يۈرىكىم قاتتىق سوقۇپ كەتتى. گويا ئۇنىڭ كۆزىدىن بىرپارچە ئوت چاچراپ چىقىپ بەدىنىمگە تۇتىشىپ كەتكەندەك ۋۇجۇدۇم ئوت يالقۇنى ئىچىدە كۆيۈۋاتاتتى.

ئەتىسى بۇ مېھمانخانىدىن كۆچۈپ كەتتىم. ئىشلەيدىغان ئورنۇمغا يېقىنىراق بىر جايدىن ئايلىقى 30 يۈەنلىك كىچىككىنە بىر ئۆينى ئىجارىگە ئالدىم. ھەر ھالدا تۇرمۇشۇم كاپالەتكە ئىگە بولغان ئىدى.

ئاشخانىنىڭ ئايىغى تۈگىمەس ئىشلىرى، بېزەڭ مەستلەرنىڭ ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان بىمەنە چاقچاقلىرى، بۇلارغا چىدىشىم كېرەك ئىدى. بەزىلەر تېخى ئاڭلىتىپ تۇرۇپ:

— خام يەۋالغۇدەككەنغۇ كاساپەت. ئادەمدىنمۇ شۇنداق چىرايلىق ئادەم تۇغۇلىدىكەن ھە؟

— بۇنداق گۈزەللەرنى ئاشخانىدا ئىشلەتسە زايا كېتىدۇ ـ دە، ھەي! — دېيىشەتتى.

بۇنداق گەپلەرگە پىسەنت قىلمايتتىم. خورلۇقمۇ ھېس قىلمايتتىم. ئىپادىسىز بىر ھالەت بىلەن ئۇلارنى ئۇمىدسىز قالدۇرۇپ ئۆز ئىشىمنى قىلىۋېرەتتىم.

— سىز كەلگەندىن كېيىن سودىمىز بەك روناق تېپىپ كەتتى، — دەيتتى سوچى توختى، — پايدا خوجايىنغا بولدى، زىيان بىزگە.

www.uyghurkitap.com

— قانداقسىگە سىلەرگە زىيان، خوجايىنغا پايدا بولىدۇ؟

— بىز جاپانى كۆپ تارتتۇق. خوجايىن پۇلنى جىق تاپتى. خۇداغا شۈكۈر. بىز خوجايىننىڭ سودا بولمىغان چاغدىكى سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىمايدىغان بولدۇق. سودا بولمىسا خوجايىننىڭ بىزگە بەرگەن تامىقىغىمۇ قورسىقى ئاغرىيدۇ.

بىر كۈنى نۇر مېنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئاغرىمىغا تىقىلىپلا قالدى. ۋاي خۇدايىمەي، بۇ نېمە ئىش؟ ئۇنى شۇنچىلىك سېغىنغىنىمغا قارىماي ئۇنى كۆرۈپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي قالدىم.

— ياخشىمۇسىز ئالتۇن، جۇدەپ قاپسىز، — دېدى ئۇ.

مەن ئىستىھزالىق كۈلۈمسىرەش بىلەن ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇردۇم.

— روخسەت سوراپ چىقىڭ، ئايلىنىپ كېلەيلى.

— خوجايىن رۇخسەت بەرمەسمىكىن، — دېدىم مەن. دېمىسىمۇ سائەت ئون بولماي ھېچكىم ئىشتىن چۈشمەيتتى.

— ئۇندلق بولسا مەن سوراپ چىقاي، — ئۇ مېنىڭ جاۋابىمنىمۇ كۈتمەستىن خوجايىننىڭ قېشىغا كىرىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەي قايتىپ چىقتى.

— كىيىملىرىڭىزنى يۆتكىۋېلىڭ. مەن تالادا ساقلاپ تۇراي.

پەشتامنى يېشىپ ئاسقۇغا ئېسىۋالتقۇچە خوجايىنغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ خۇشلۇقتىن ئاغزى يۇمۇلماي قالغان ئىدى. سۇۋارى ئالتۇن بىلەن قاپلانغان چىشلىرى پارقىراپ تۇراتتى. خوجايىن ئەزەلدىن بىرىگە ئىش ۋاقتىدا رۇخسەت بەرمەيتتى.

بىز پىيادە جەنۇبىي باغچا تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. ھېچقايسىمىز گەپ قىلمىدۇق. ئاغزى بېسىلماي سۆزلەيدىغان نۇرمۇ بۈگۈن گەپ قىلماي ماڭاتتى. ئىزغىرىن كۈز شامىلى دەرەخ شاخلىرىدىكى ئاخىرقى ياپراقلارنى يەرگە چۈشۈرەتتى. ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق، ئاڭسىز ھالدىكى قاراشلىرىدىن ھودۇقۇپ، پۇتلىرىم كالۋالىشىپ كېتىۋاتاتتى. ھودۇقۇش ئىچىدىكى ھاياجان، قورقۇش ئىچىدىكى خۇشاللىق مېنى مەست ئادەمدەك قىلىپ قويغان ئىدى. يۈرىكىم ئاللىقانداق بىر شادلىققا تەلپۈنەتتى. بۇ شادلىقنىڭ ئورنىنى تۇرۇپلا ئايىغى كۆرۈنمەس بىر ئىزتىراپ ئىگىلەيتتى.

— جۈرۈڭ ئاشخانىغا كىرەيلى.

نۇرنىڭ بۇ سۆزى مېنى خىيال دەرياسىدىن تارتىپ چىقتى.

بىز بىر خالىيرلق ئاشخانىغا كىرىپ غىزالاندۇق. تاماق يەۋېتىپ نۇرنىڭ ماڭا تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى سېزىپ قالدىم. بۇنىڭدىن ھەم خۇش بولاتتىم ھەم قورقاتتىم.

تاماقتىن كېيىن خۇددى بىرى بۇيرۇق بەرگەندەكلا ئىككىلىمىزنىڭ قەدىمى باغچا تەرەپكە يۆتكەلدى.

كۈن غەربكە قىيسايغان، كۈز پەسلى بولغاچقا باغچىدا ئادەم شالاڭ ئىدى. بىز بىر بوش ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇق. يولدىكى ئاپتوبۇس، ماشىنىلارنىڭ گۈركىرىشى، باغچا يېنىدىكى دەريا سۈيىنىڭ شارقىرىشى باغچىنىڭ جىمجىت ھالىتىگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى.

— مەن ئىككى كۈندىن كېيىن كېتىمەن، — دېدى نۇر قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى

يەرگە تاشلاپ پۈتى بىلەن دەسسەپ ئۆچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، — دېدىم سودا ئىشى بىلەن سوۋېتكە چىقىپ كېتىپتۇ. ئۆيدىن خەۋەر كەلدى.

— بۇ يەردىكى ئىشلىرىڭىزچۇ؟

— كېلىپ - كېتىپ يۈرەرمەن.

ئۇھ دېدىم. ئۇنى ئەمدى كۆرەلمەسمەنمىكىن دەپ قايغۇغا پاتقان ئىدىم. ئارىنى جىم-جىتلىق باستى.

— نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟

— نېمە دېيمەن؟

— مەن سىزنى بىللە ئېلىپ كېتىمەن. ئاتا - ئانامغا دەپ توييىمىزنى قىلىمىز. قاراڭ، سىزنىڭ بۇ چىرايلىق قوللىرىڭىز ئاشخانىدا ئىشلەشكە لايىق ئەمەس. سىزنىڭ شەھلا كۆزلىرىڭىز، قاشتېشىدەك سۈزۈك، گۈزەل جامالىڭىز مەست ئەرنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن يا-رالغان ئەمەس. سىز ئۆز ماكانىڭىزنى تېپىشىڭىز كېرەك.

ئۇ قوللىرىمنى سىلىدى. تاتلىق بىر ئېقىم ۋۇجۇدۇمغا تارىدى. مەن قولۇمنى تارتە-ۋالماقچى بولغان ئىدىم. ئۇ قولۇمنى زادىلا قويۇپ بەرمىدى.

هاياجان ۋۇجۇدۇمدا قىيان ياسىدى. يۈرىكىم تېز - تېز سوقاتتى. پۈتۈن كائىنات ماڭا تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك، مەن ئىسمىنى بىلمەيدىغان ئاللىقانداق قۇشلار مېنى تەبرىكلەپ ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك سەكرىگۈم، ئۇسسۇل ئوينىغۇم، بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىغۇم كې-لەتتى. مۇشۇ تاپتا نۇرنىڭ ئاياغلىرىغا باش قويۇپ، ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك قۇلى بولۇشقا رازى ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرگۈم كېلەتتى. توختىماي كۈلەتتىم. كۈلگەندەك قىلاتتىم، لېكىن يىغلاۋاتاتتىم. يىغلىغاندەك قىلاتتىم، لېكىن كۈلۈۋاتاتتىم. كۆز ياشلىرىم نۇرنىڭ قولۇمنى سىلاپ تۇرغان قوللىرىغا تورۇكلاپ چۈشۈشكە باشلىدى.

نۇر هەيران بولۇپ ئېڭىكىمنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ قولى يۈزۈمگە تېگىشى بىلەن ۋۇ-جۇدۇم يەنە ئوت ئېلىشقا باشلىدى.

— نېمە بولدى ئالتۇن؟ مەن سىزنى رەنجىتتىممۇ؟

— ياق نۇر، مەن بەك خۇشال.

— ئەمىسە، نېمىشقا يىغلايسىز؟

— خۇشاللىقمۇ ئادەمنى يىغلىتىدىكەن.

نۇرمۇ كۈلدى. مەنمۇ كۈلدۈم. كۆزلىرىمدە ياش، يۈرىكىمدە كۈلكە، ئۇ لەۋلىرى بىلەن كۆز ياشلىرىمنى قۇرۇتتى. ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك، سامادا بۇلۇتلارغا مىنىپ ئۇچۇپ كېتىد-ۋاتقاندەك ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويۇۋاتاتتىم. يۈرىكىم جىغىلدايتتى. جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقتىمدا شۇ تاتلىق ئەسلىمە مېنى يەنە بىر قېتىم هاياتلىققا ئېرىشتۈرەمدىكىن دەيمەن.

— قوشۇلامسىز؟ —ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان قارا كۆزلىرى ماڭا تىكىلدى.

12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى.

خېلىدىن بېرى هېچنېمە يازمىدىم. ئالدىنقى كۈنى بىر تېۋىپ كىرىپ تومۇرۇمنى تۇتۇپ كۆرۈپ بېقىپ، هېچ ئىش يوق قىزىم، دەم ئېلىڭ، پات ئارىدا ياخشى بولۇپ


تارىم 2005 - 3

www.uyghurkitap.com

كېتىسىز دەيدۇ. بىلىمەن، مېنى كۆڭلى بىئارام بولمىسۇن دەپلا شۇنداق دەپ قويۇۋاتىدۇ. ئەجەل ماڭا بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە. تېۋىپىنىڭ دېرىزە سىرتىدا كىملەرگىدۇر بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇ بىرەر گەپنى مەندىن يوشۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ كۆزلىرىمدىن ھېچنېمە قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ھېسسىياتلىرىممۇ مېنى ئالداپ قويمايتتى. مەن كېتىمەن، — دېدىم ئىچىمدە، — نۇر، يېنىڭغا بارىمەن، سېنى ئەينى چاغدا ئۈمىدسىز قالدۇرۇپ، قاتتىق رەنجىتكەن ئىدىم، كۆڭلۈڭنى ئاغرىتقان ئىدىم. بۇ مېنىڭ سېنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىمدىن ئەمەس ئىدى. سەن بىلەن بىللە بولۇشنى شۇنچىلىك خالايتتىمكى، بۇ دەقىقىلەرنىڭ مەڭگۈ داۋام قىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. لېكىن سېنى قوبۇل قىلىشتىن، ساڭا رازىلىق بېرىشتىن قورقاتتىم. سېنىڭ سۆيگۈڭ، سېنىڭ مېھرىڭ مېنى گاڭگىرىتىپ قويغان ئىدى. قورققان، ئازابلانغان يۈرىكىم، جاراھەتلەنگەن قەلبىم خۇددى قاغجىرىغان يەر سۇ تۆكۈلگەندە چاراسلاپ يېرىلىپ كەتكەندەك بۇ خۇشلۇققا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتاتتى. شۇ كۈنى كۈچلۈك قوللىرىڭ بىلەن مېنى باغرىڭغا باستىڭ نۇر. ناپاك تېنىمنى سېنىڭدىن ئاياپ نېمە قىلاي؟ سەن مېنى سۆيدۈڭ. ھاياتتىكى بۇنداق مۆجىزىنى، سۆيۈشنىڭ بۇنداق غايەت زور قۇدرىتىنى ئۇنتۇشۇم مۇمكىنمۇ نۇر؟ سەن كەتتىڭ، ۋاقىتسىز كەتتىڭ. مەنمۇ سېنى قوغلاپ كېتىۋاتىمەن. بىز ھايات ۋاقتىدا قوشۇلالمىدۇق. بىزدەك بەختسىزلەرگە خۇدا ئۇ ئالەمدە ۋىسالنى نېسىپ قىلار. مېنى ساقلاپ تۇرغىن، ئاز قالدى. مەن يازىدىغانلىرىمنى يېزىۋالاي، ھېچكىمگە دېيەلمىگەن دەرد ـ ئەلىمىمنى، يۈرەك ـ سىرلىرىمنى، قايغۇ ـ ھەسرىتىمنى مۇشۇ خاتىرىگە تۆكۈۋالاي. ..

— ماقۇل دەڭ ئالتۇن، — دېدىڭ سەن ماڭا ئۈمىدلىك بېقىپ.

«ياق» دەپ جاۋاب بېرىشقا تىلىم بارمايتتى. مەن سېنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ياخشى كۆرەتتىم. ماقۇل دەي دېسەم بۇنىڭغىمۇ پېتىنالمايتتىم. چۈنكى مەن بۇلغانغان بىر قىز ئىدىم. ئاتا ـ ئانىڭنىڭ مېنى قوبۇل قىلىشىمۇ ناتايىن ئىدى.

— مەن سېنى بەك ياخشى كۆرىمەن نۇر، — دېدىم مەن بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ، — لېكىن كەچۈرگىن، تەلىپىڭنى قوبۇل قىلالمايمەن. سەن ماڭا ھاياتىمدا ھېچقاچان نېسىپ بولمىغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ نېسىپ بولمايدىغان ئاجايىپ بىر بەختنى بەردىڭ. ساڭا كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت. ماڭا قىلغان شۇ ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن خۇدا ساڭا بەخت ئاتا قىلغاي.

سەن مەندىن ئۇنداق جاۋاب كۈتمىگەن بولساڭ كېرەك، جاۋابىمنى ئاڭلاپ تاتىرىپ كەتتىڭ.

بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن چىشلىرىڭنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ شۇنداق دېدىڭ:

— نېمىشقا، ئالتۇن؟ نېمىشقا رەت قىلىسەن؟ سەن ئۆمۈر بويى باشقىلارنىڭ قولى بولۇپ ياشاشنى خالايدىغان ئوخشايسەن، — قولۇڭ تىترەپ، تاماكىڭنى ناھايىتى تەستە تۇتاشتۇردۇڭ. ئاچچىقىڭنى تاماكىدىن ئالماقچى بولغاندەك ئۇنى زەرب بىلەن شوراشقا باشلىدىڭ.

باغ ئىچى سۈرلۈك جىمجىتلىققا چۆمدى. كەچ كۈزنىڭ ئاچچىق شامىلى خېلى كۈچىيىپ قالغان ئىدى. ھېچقايسىمىز ئۈن چىقارماي خېلى ئولتۇردۇق. ئاخىرى سەن

ئېغىز ئاچتىڭ:
— باشقىلار چىرايلىق قىزلار ۋاپاسىز كېلىدۇ. ئۇلار شەيتان، ئېزىتقۇ، ئالۋاستى دېسە نېمە دەيدىكىن دەپتىمەن. ئەسلىدە راست ئىكەن.
ئىچىم ئاچچىق ھەسرەتكە تولدى. مۇرەككەپ ھېس - تۇيغۇلار ئىچىدە قولۇمدىكى سارغايغان بىر تال ياپراقنى پىرقىرىتىپ ئولتۇردۇم. ساڭا بىرەر ئېغىز سۆز قىلىپ قەلبىمنى چۈشەندۈرگۈدەك قۇربىتىم يوق ئىدى. لېكىن چوقۇم گەپ قىلىشىم، بىر نېمە دېيىشىم كېرەك ئىدى.
— توغرا چۈشەنگىن نۇر. . .
— بولدى بەس! —قاتتىق ۋارقىراپ گېپىمنى بۆلۈۋەتتىڭ، —سەن يەنە نېمە دېمەكچى؟
داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم. سېنىڭ بۇنداق ۋارقىرىشىڭنى ئويلىمىغان ئىدىم. ئانىسىدىن ئازار يېگەن كىچىك بالىدەك يىغلاپ كەتتىم. يا مۇھەببىتىڭنى قوبۇل قىلالمىسام، يا بۇنىڭ سەۋەبىنى ساڭا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىسەم. نېمىدېگەن ئازاب بۇ!
يەلكەمگە تاش بېسىپ قويغاندەك تۇگۈلۈپ قاپتىمەن. بىر چاغدا يېنىمغا قارىسام سەن يوق. قاچانلاردا كەتكىنىڭنى تۇيماپتىمەن. تۇۋا، ماڭا خوشمۇ دېمەي كېتىپ قاپسەن. ھەي ئادەملەر، ئادەملەر! باشقىلارغا تەلەپ - تەكلىپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ ئۆز تەلىپىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىشىنى ئويلايدىكەن. كۆتكىنىدەك جاۋابقا ئېرىشەلمىسە خاپا بولىدىكەن. شۇ تەلەپنى ئاڭلىغۇچىنىڭمۇ قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىش ئەركىنلىكىنىڭ بارلىقىنى، ئەگەر رەت قىلسا، رەت قىلىشىدا مەلۇم بىر سەۋەبنىڭ بارلىقىنى، بۇ سەۋەبنىڭ بەزىلىرىنى باشقىلارغا ئېيتقىلى بولسا، بەزىلىرىنى ئېيتقىلى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايدىكەن.

1 - يانۋار.
مەن يانۋار دېگەن بۇ سۆزنى بەك ياقتۇرىمەن. تۈنۈگۈن ئاخشامقى پاراسلاپ ئېتىلغان پوجاڭزا ئاۋازلىرىدىن كونا يىل ئاخىرلىشىپ، يېڭى يىل كىرگەنلىكىنى بىلدىم. يېڭى يىل ئادەمگە يېڭىچە ھېس - تۇيغۇ، يېڭىچە شادلىق، يېڭىچە ئۈمىد ئېلىپ كېلىدىكەن. كېسەللىكىمگە قارىماي مەنمۇ خېلى جانلىنىپ قالدىم. نۇر بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىم كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە.
شۇ قېتىم باغچىدا ئۇ مېنى تاشلاپ كەتكەندىن كېيىن كۈنلىرىم مەنىسىز ئۆتۈشكە باشلىدى. تېخىمۇ كەم سۆز، جىمغۇر بولۇپ قالدىم. بۇ تەقدىرنىڭ ئەتەي ئورۇنلاشتۇرۇشىدەك، تەقدىر مېنى زاڭلىق قىلىش، ئاجىز يۈرىكىمنى ئازابلاش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋالغاندەك كۆڭلۈم بىئارام ئىدى. تۇرۇپ ئۇنى سېغىناتتىم. ئۇنىڭ مېنى باغچىدا يالغۇز تاشلاپ كېتىپ قالغانلىقىدىن دىلىم قاتتىق ئازار يېگەن بولسىمۇ، ئۇنى ئەيىبلىمەيتتىم. چۈنكى ھاياتىمدا مەن ئەيىبلەشكە، ھەتتا ئىسيان كۆتۈرۈشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى. مەن لېۋىمنى چىشلەپ خۇداغا ئۈنسىز نالە قىلىپ، نارازىلىقىمنى، ئىسيانلىرىمنى، قارشىلىقىمنى سۈكۈت ئارقىلىق ئىپادىلەش بىلەنلا چەكلەندىم. نۇرنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرى ئازار يېگەن، ئۇ مېنىڭ ئۆزىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغانلىقىمدىن قاتتىق

رەنجىگەن ئىدى.

ئىشقا ئۆزۈمنى ئۇراتتىم. شۇنداق قىلسام ئارتۇق نەرسىلەرنى ئويلاشقا ۋاقتىمۇ چىقمايتتى. كۈندۈزى قاتتىق ھېرىپ، كەتكەچكە كەچتە ياستۇققا بېشىم چۈشۈشى بىلەن ئۇيقۇغا كېتەتتىم. نۇرغۇن چۈشلەرنى كۆرەتتىم. چۈشۈمدە نۇر دائىم مەن بىلەن بىللە ئىدى، ئۆزۈمگە رەنجىيتتىم. كىملەرنىدۇر قارغايتتىم. بەزىدە يوتقانغا پۈركىنىپ بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ يىغلايتتىم. ئېرىشىشكە تېگىشلىك بولغان نەرسىلەرگە ئېرىشەلمىگەن ئادەم نېمىدېگەن بەختسىز - ھە؟

خېرىدارلار سىلكىپ قالغان ئىدى.

— ئالتۇن دېگەن قايسىڭلار، — دېدى بىر كۈنى ئوتتۇرا بوي، ياراشتۇرۇپ بۇرۇت قويۇۋالغان 35 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئەر كىشى ئاشخانىغا كىرىپلا.

ھەممىسى ماڭا قاراشتى. مەن بۇ ناتونۇش ئادەمنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ قالدىم. لېكىن ئەدەپ يۈزىسىدىن كۆرۈشۈشۈم لازىم ئىدى.

— ئۆزلىرى...

— مەن غۇلجىدىن كېلىشىم. قەمەر سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەن، شۇڭا سىزنى ئىزدەپ كەلدىم.

غۇلجا دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ يۈرىكىم قاتتىق سېلىپ كەتتى. لېكىن قانچە ئەسلىسەممۇ قەمەر ئىسىملىك بىرىنى ئېسىمگە ئالالمىدىم.

— كەچۈرۈڭ! مەن قەمەرنى...

— بىلىمەن، سىلەر يۈز كۆرۈشمىگەن، شۇڭا مەن سىزنى چاقىرغىلى كەلدىم.

ناتونۇش ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن ماڭسام قانداق بولار؟ مەن ئىككىلىنىپ قالدىم. ھېلىقى كىشى خىيالىمنى بىلىپ قالغاندەك ئەسكەرتىپ قويدى:

— قورقماڭ سىڭلىم. قەمەر مېھمانخانىدا قالدى. ئۇ مېنىڭ ئايالىم، نۇرنىڭ ئاچىسى بولىدۇ.

ماڭا تونۇش بولغان، دىللىرىمدا، تىللىرىمدا تۈمەن مىڭ قېتىم يادلانغان بۇ ئىسىمنى ئاڭلاش بىلەن ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كەتتىم. ئۇنىڭ ھەدىسى مەن بىلەن نېمە ئىش توغرۇلۇق كۆرۈشمەكچى بولغاندۇ؟

خوجايىن يوق ئىدى. لېكىن ئۇنى ساقلىماستىنلا ھېلىقى ئەر بىلەن ماڭدىم. بىردەمدىلا ئۇلار چۈشكەن مېھمانخانىغا يېتىپ باردۇق. مېھمانخانىنىڭ 2 - قەۋىتىدىكى ئۈچ كىشىلىكتىن كارىۋات قويۇلغان بىر ياتاقتا 30 ياشلار ئەتراپىدىكى چىرايلىق، جۇدەڭگۈ بىر ئايال دېرىزە تەرەپكە يانداپ قويۇلغان كارىۋاتتا يوتقانغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرى ماڭا مۆڭلۈق تىكىلدى. ئەر مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، ئايالىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. شۇ تاپتا نېمە دېيىشىمنى بىلمەيتتىم. مەن بىلەن نېمە ئۈچۈن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقىنى سوراشمۇ ئەپسىز ئىدى. مېنى باشلاپ كەلگەن كىشى سىرتقا چىقىپ بىر نېمە ئالدىغانلىقىنى، ئۆزى كىرىپ بولغۇچە مېنىڭ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇشۇمنى ئۆتۈندى.

مەن رازىلىقىمنى بىلدۈردۈم. جانىنى قىينايدىغان سۈكۈت يەنە باشلاندى. ئايىغىمنىڭ

ئۇچىغا تىكىلىپ جىمجىت ئولتۇراتتىم. قارىمىساممۇ ئايالنىڭ مېنى كۆزىتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم.

— مەن ئەتە شاڭخەيگە ماڭىمەن. كېسىلىمگە خۇدايىم شىپالىق بېرەمدۇ - يوق، ئۇنى بىلمەيمەن، — ئۇ ئېغىر خورسىنىپ ئېغىز ئاچتى، — مەن نۇرنىڭ ھەدىسى بولىمەن.

— بىلىمەن، — دېدىم دەرھاللا كۆلۈمسىرەشكە تىرىشىپ، — ھېلىقى ئاكىمىز ئېيتتى.

— بىچارە، يېنىڭىزدىن كەتكەندىن بۇيان ھالى بەك خاراب، ئۇ ماڭا ھەممىنى ئېيتىپ بەردى.

— ھەدە، مەنمۇ بىر شورلۇقمەن، — ئاجىز ئىدا قىلدىم.

— ياق، سىڭلىم، سىزدىن رەنجىگىنىم ياكى سىزنى زورلاۋاتقىنىم يوق. ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭغا باي ئائىلىنىڭ ياخشى بىر قىزىنى لايىق كۆرۈۋېدى، ئۇ زادىلا ئۇنىمىدى. جۇدەپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى. ئىككىمىز دوستتەكلا ئۆتەتتۇق، بىر - بىرىمىزدىن سىر يوشۇرمايتتۇق. ئۇ ماڭا سىز بىلەن قانداق تونۇشقىنىنى، سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

«بىلمەيسەن ھەدە، — دەيتتى ئۇ ماڭا، — بىر كۆرسەڭ ئىدىڭ ئۇنى. ئۇنداق قاشتېشىدەك يۈز، كېلىشكەن بۇرۇن، بۇلاقتەك قارا كۆز، قۇندۇزدەك قاش - كىرپىك باشقا ھېچقانداق ئىنساندا يوق.»

ئۇ سىزنى تەرىپلەپ ھارمايتتى. راستىنىلا ئۇ تەرىپلىگەندىنمۇ ئارتۇق چىرايلىق ئىكەنسىز، لېكىن ئۇنى نېمىشقا رەت قىلغانلىقىڭىزنى، نېمىشقا ئۇنى شۇنچە ئۈمىدسىز قالدۇرغانلىقىڭىزنى زادىلا چۈشەنمىدىم، — ئۇنىڭ سۆزىدە كىنايىمۇ، ماڭا بولغان ئاچچىقمۇ، ئۆز قېرىندىشىغا بولغان ئىچ ئاغرىتىشمۇ بار ئىدى.

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە، مەن بىلەن كۆرۈشكىنىڭىزگە رەھمەت ھەدە. مەن ئىنىڭىزغا لايىق ئەمەس، ئۇنىڭ سۆيۈشىگە ئەرزىمەيدىغان بىر قىز. مېنىڭ ئۇنى ئالدىغىم يوق. دۇنيادا پاك قىزلار شۇنچە كۆپقۇ؟

— سىز نېمە دېمەكچى؟ ئۆزىڭىزنى ناپاك دېمەكچىمۇ؟

يەرگە قارىدىم. ھەرقانداق ئۇچىغا چىققان بۇزۇق ئادەممۇ ئۆزىنى ئۇنداق دەپ ئەيىبلىمەيدۇ. باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ئۇنداق دەپ ھاقارەتلىشىگىمۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرمايدۇ، ئەلۋەتتە.

— مەن بىلىمەن، — دېدى ئايال، — سىز توغرۇلۇق نۇر ماڭا ھەممىنى سۆزلەپ بەرگەن. سىز ئۆيدىن چىقىپ كېتىپسىز. لېكىن بۇنىڭ سەۋەبىنى نۇرغا ئېيتماپسىز. مېنىڭچە ئانىڭىزنىڭ ئۆگەيلىكى سىزنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىڭىزگە سەۋەب بولالمايدۇ. ھەقىقىي سەۋەبنى بىلگۈممۇ يوق. مەن پەقەت ئىنىمنىڭ سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىلا بىلىمەن. ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. دەسلەپىدە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدىم. سىزنى ئۇنتۇپ كەتسۇن دەپ چىرايلىق قىزلارنى تونۇشتۇرۇپ باقتىم. لېكىن مۇھەببەت ئۇنى ساراڭ قىلىۋەتتى. ئاپام خورلۇپ ئايال. ئائىلىدە ئۇنىڭ دېگىنى ھېساب. ئەگەر خالىسىڭىز ئىنىمنىڭ بەختى، شادلىقى ئۈچۈن مەن سىلەرگە ياردەم قىلاي.

مەن يەنىلا زۇۋان سۈرمەي ئولتۇراتتىم. ئاغرىق ئازابىدا تولغىنىۋاتقان بۇ ئايال ئۆزىنىڭ

دەردىنى تارتماي، يەنىلا باشقىلارنىڭ غېمىنى يەۋاتاتتى. ئىچىمنى مۇشۇك تاتىلاۋاتقاندەك بىر ھېسسىياتتا ئىدىم. زىددىيەتلىك خىيال مېنى گاڭگىرىتىپ قويۇۋاتاتتى. لېكىن بىر قارارغا كېلىشىم، مەندىن ئۈمىد كۈتۈپ تۇرغان بۇ ئايالغا ئۇ قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بېرىشىم كېرەك ئىدى.

— مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن ھەدە، ئۇنىڭسىز ئۆتكەن كۈنلىرىم ئۆلۈم بىلەن باراۋەر. شۇنىڭ ئۈچۈنلا مەن ئۇنى ئالداشنى خالىمايمەن. مەنمۇ ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئادەم بىلەن مەڭگۈ بىرگە ئۆتسەم نېمىدېگەن ياخشى؟ لېكىن تەقدىر مەن بىلەن قېرىشىپ قالدى. مەن بۇنداق بەختتىن، بۇنداق خۇشلۇقتىن ئۈمۈر بويى مەھرۇممەن.

ئاغرىقى قوزغالغان بولسا كېرەك، ئايال يېنىك ئىڭىرىدى. بېرىپ ئۇنى يۆلىدىم. پېشانىسىدىن مۇزدەك تەر چىقىۋاتاتتى. ئۇنى ياتقۇزۇپ قويدۇم. ئۇ ئېغىر - ئېغىر تىناتتى. نېمە ئاغرىق ئىكەنلىكىنى سورىماقچى ئىدىم، لېكىن سوراشنى بىئەپ كۆردۈم.

ئۇ بىر پەس كۆزىنى يۇمۇپ جىم ياتتى. ئاندىن يوغان كۆزلىرىنى لەپپىدە ئېچىپ ماڭا قارىدى. يەنە دەرھاللا كۆزىنى مەندىن يۆتكەپ تورۇسقا تىكىلدى. ئۇ نېمىدىندۇر مەدەت تىلەۋاتقاندەك قىلاتتى.

— يېنىمدا ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ، — مېنىڭ بىر قىز ئوقۇغۇچۇم بولىدىغان. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ 2 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقاندا ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى. ئاتا - ئانىسى نۇرغۇن پۇل خەجلەپ ئۇنى تېپىپ كېلىپ، بىزنىڭ مەكتەپتە ئىشلەيدىغان، ئىككى قېتىم توي قىلغان بىر بالىسى بار ئوقۇتقۇچىغا ياتلىق قىلغان ئىدى. بىز ئاشۇ خىزمەتدىشىمىزغا ئېچىندۇق. ئۇنىڭ تەلىيىنىڭ چىقمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىشتۇق. ھەيران بولغىنىم شۇكى، بۇ ھېسسىياتچىلەرنىڭ ھەممىمىز ئايال ئىدۇق. ئۆزىمىزمۇ بىر ئايال تۇرۇپ، ئايالغا نەپرەتلىنىپ، ئەرگە ھېسداشلىق قىلىشتۇق. مەن جىنسىيەت ئەركىنلىكىنى تەرغىب قىلماقچى ئەمەسمەن. ئاياللارنىڭ پاك، گۈزەل ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق قىلىقلاردىن يىرگىنىمەن. لېكىن بىز ئاياللارنىڭمۇ ئىنسان ئىكەنلىكىنى، بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزنىڭ خالايدىغان نەرسىلىرىمىزنىڭ بارلىقىنى، شۇ نەرسىلەرگە ئېرىشىش يولىدا كۈرەش قىلىش ھوقۇقىمىزنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن.

ئۇ كۆزىنى يۇمدى. جىمجىت يېتىشىدىن گېپىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى چۈشەندىم. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ يولدىشى كىرىپ كەلدى. ئەتە يەنە كېلىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ خوشلاشتىم. ئېغىر خىيال بىلەن ياتاققا يېتىپ كەلگىنىمنى تۇيماي قاپتىمەن. يېتىپمۇ خېلى ۋاقىتقىچە ئۇخلىيالمىدىم. كاللام گاراڭ. مەسلىھەت سالغۇدەك بىرەر ئادىمىممۇ يوق. بىر تۇرۇپ ئويلىسام مەسلىھەتنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى قەمەر ھەدە بەرگەن ئىدى. ئۇ مەندىن ھېچقانداق گەپ سورىمىسىمۇ مېنىڭ ئەھۋالىم ھەققىدە ئۆز پىكرىنى ئېنىق ئېيتتىغۇ؟ مەن باشقىلار ئۈچۈن ياشىمىغاندىن كېيىن خەق بىلەن نېمە كارىم؟ سۆزلىسە سۆزلەر، سۆزلەپ ئاغزى تالغاندا بېسىقىشار.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



## يوللىرىڭغا قارايمەن...

يوللىرىڭغا قارايمەن كېچە ـ كۈندۈز تەلمۈرۈپ،
يۇلتۇزلاردەك كۆز قىسىپ، قۇشتەك ئۇچۇپ كېلەر، دەپ.
جېنىم يايراپ، ۋۇجۇدۇم كېلەر بۇدەم لەرزىگە،
تاشلىنىپ ئوت باغرىغا، سۆيۈپ، قۇچۇپ كېلەر، دەپ.

يوللىرىڭغا قارايمەن كېچە ـ كۈندۈز تەلمۈرۈپ،
شاماللاردەك قىيغىتىپ، نازغىپ، چېپىپ كېلەر، دەپ.
ناۋا قىلىپ بۇلبۇلدەك گۈلزارلارنى ئەگىيمەن،
دىمىغىمغا ئىپاردەك خۇش ھىد سېپىپ كېلەر، دەپ.

يوللىرىڭغا قارايمەن كېچە ـ كۈندۈز تەلمۈرۈپ،
بالقىغاندەك زەر قۇياش نۇرلار چېچىپ كېلەر، دەپ.
تاشقىنلىتىپ دەريادەك چوڭقۇر سۆيگۈ ـ مېھرىنى،
ئانا قۇشتەك پەر يېيىپ ـ قۇچاق ئېچىپ كېلەر، دەپ.

يوللىرىڭغا قارايمەن كېچە ـ كۈندۈز تەلمۈرۈپ،
سېلىپ كۆكنى لەرزىگە، تاتلىق كۈلۈپ كېلەر، دەپ.
سېغىنىشتىن گويا كۆز ياپرىقىدەك سارغايسام،
مېھىر ـ شەپقەت ياغدۇرۇپ، كۆڭۈل بۆلۈپ كېلەر، دەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يوللىرىڭغا قارايمەن كېچە ـ كۈندۈز تەلمۈرۈپ،
ئەزىم دەريا، دېڭىزنى توغرا كېچىپ كېلەر، دەپ.
ئوراپ مېنى خۇش پۇراق گۈل ـ چېچەككە، بەختكە،
مۇشكۈللەرنى يېڭىپ، تاغ ـ داۋان ئېشىپ كېلەر، دەپ. . .

## سەن قەلبىمدە ئۈنگەن لىرىكا

ۋۇجۇدۇمنى چۇلغار تاتلىق بىر سېزىم،
يوللىرىڭغا باقىنىمدا تەلمۈرۈپ.
تومۇرۇمدا دولقۇنلايدۇ ئوت ئېقىم،
سۆيگۈ ـ ئىشقىڭ يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ.

تۇرسىمۇ گەر ئالداپ ئاچچىق رېئاللىق،
ئۈمىدىمگە بېرىمەن دەم تەسەللى.

مۇھەببەت ـــ ئۇ ئازاب ئەمەس، خۇشاللىق،
تارتار دىلنى سۆيگۈ ۋەسلى، قۇت ۋەسلى.

مەندىن يىراق تۇرساڭمۇ سەن ـــ ئوت ـ لاۋا،
تەپتىڭدە دەم سەمەندەردەك كۆيىمەن.
سەن قەلبىمدە ئۈنگەن تەنھا لىرىكا،
سېنى مەڭگۈ جان تېنىمدەك سۆيىمەن.

## ئۈنتۈمايمەن مېھرىڭنى

ئېلىپ كېلەر تىنىقىڭنى شوخ شامال،
تۇرساڭمۇ يار، مەندىن يىراق شەھەردە.
مۇھەببەتتەك بىلىنەر ئۆز بۇ دۇنيا،
ئۈمىد بىلەن ئىرغىپ تۇرسام سەھەردە.

پورەك ئېچىپ ئارمىنىمنىڭ غۇنچىسى،
پەرۋاز قىلار كۆڭلۈم قۇشى سەن تامان.

بۇلاق كۆزۈڭ سۆزلەيدۇ ھەر كېچىسى،
چۈشلىرىمگە سۆيگۈسىنى قىلىپ بايان.

نىگاھىمدا جىلۋە قىلسا سىمايىڭ،
ۋۇجۇدۇمنى چۇلغار چەكسىز تەلپۈنۈش.
سۆيگۈڭ ياساپ تومۇرۇمدا ئوت ئېقىم،
كۆۋەجەيدۇ كۆزلەر ئارا ياش، كۆتۈش. . .

## ھاياتلىق يېشىمى

«گۈل» پۈرىغان چاغدا تۈنجى رەت،
چۆمۈلىسەن تاتلىق تۇيغۇغا.
تەڭ كېلەلمەس ئاشۇ تۇيغۇمۇ،
سەھەردىكى شېرىن ئۇيقۇغا.

كەچمىكىڭ تەس، تاتلىق بولىدۇ
بىلسەڭ دوستۇم، غەپلەت ئۇيقۇسى.

تاڭ بىلەن تەڭ ئىرغىپ تۇرمىساڭ،
ئۇ ئۆمۈرلۈك داغدا قويغۇسى.
...................
تەققاسلىساڭ تاڭغا ياشلىقنى،
بىردەملىلا بولار چۈش، پېشىم. . .
بارماق چىشلەپ قالىسە كەچتە،
بېرەلمىسەڭ سەھەرگە يېشىم.

ئىزدىمە جاپاسىز راھەت كۆرۈشنى،
خام خىيال قىلما قۇت پەيزىن سۈرۈشنى.
مېھنەتسىز كىم تاپقان ئەقىل، ئۇلۇغلۇق،
قان ـ تەر تۆك، كۆزلىسەڭ باغدا يۈرۈشنى!

* *

ئەي يىگىت، ھەر قاچان ئەلدىن ساۋاق ئال،
ھوشيار بول، كۆزۈڭنى باسسا چاپاق، ئال!
«راھماننىڭ ئېشىدىن شەيتان قىزغىنار»،
ئىنتقا ئاش بەرگەندە قولغا تاياق ئال!

* *

چىن ئەر سەن ھەممىگە يارىيالىساڭ،
ئەل باشقا ئالار تىنگ قارىيالىساڭ.
بىر ئەمەس، مىڭ جېنىم ساڭا تەسەددۇق،
كىم مەن؟ دەپ ئۆزۈڭدىن سورىيالىساڭ.

* *

غەلىبىنىڭ ئانىسى ئىشەنچ، ئىرادە،
نۇسرەتكە ھامىلدار چىدام زىيادە.
جۇرئىتىڭ بولسىلا مۇرادىڭ ھاسىل،
غەم قىلما قالساڭمۇ يولدا پىيادە.

* *

ئۆزۈڭگە ئارتۇقچە تەمەننا قويما،
ئەل ـ ئەۋلاد يولىغا خەندەكلەر ئويما.
ئىنساننىڭ گۈلتاجى، بايلىقى — ھايا،
ھاياسىز ئادەمنىڭ نەرخى توڭ سويما.

* *

گاداي بول، زەردار بول، مەيلى سۇلتان بول،
ئۆت ئەلنىڭ كۆڭلىنى، ياخشى ئىنسان بول.
بۆرچۇڭنى ئاقلىساڭ، خەلقىڭ ئوغلۇم دەپ
باغرىغا باسقۇسى، ئەلگە قالقان بول!

* *

ھەر تاڭنىڭ ئېتىشى ھاياتتىن دېرەك،
قۇياشنىڭ پېتىشى ماماتتىن دېرەك...
دېسەڭ: ئىز قالدۇراي ھاياتلىقىمدىن،
مەھكەم تۇت پەيتنى ھەم بول دانا، زېرەك!

* *

دەۋرنىڭ خىتابى: باي بول، شان يارات،
قۇت تېپىپ، ئۆزگىنى ھەيرەتتە قارات!
دۇنيادا بىلىمدىن ئۆتەر بايلىق يوق،
بىلىم ئال، ئەقىل تاپ، ئىلمىڭنى تارات!

* *

ئۆزۈڭنى خار قىلما، كۆچۈڭنى خار قىل،
ئايانماي تەر تۆكۈپ يوقۇڭنى بار قىل.
ئاسماندىن چۈشمەيدۇ رىزقى ـ نېسىۋەڭ،
ھەر مىنۇت ئۆزۈڭگە مېھنەتنى يار قىل!

* *

دەردىگە دەرمان بول ئەلنىڭ ھەر نەپەس،
قۇرۇق نام ـ شۆھرەتكە قىلما سەن ھەۋەس.
ئۆمرۈڭنى دېسەڭ توم، ئاپئاق خاتىرە،
ئۇنى تەر ـ ئەجرىڭدە تولدۇرلىق ـ پەۋەس.

* *

بولىدۇ زەردارنىڭ، خاننىڭمۇ غېمى،
مەڭگۈگە پۈتمەيدۇ ئىنساننىڭ كېمى.
تۆھپە، ئىز ئۇنتۇلماس، مال ـ دۇنيا پۈتەر،
ئۆرۈلگەن كېمى زەر قەسىرلەر تېمى...

*　　　*

«كىرەكلىك تاشنىڭ يوق ئېغىرى» دەر، ئەل،
«نە بىلسۇن توق ئاچنىڭ دەردىنى» دەر، ئەل.
«گاھ زەردىن قىممەتلىك مىس، تاپار ئادەم
جاپادىن مەڭگۈلۈك بەختىنى» دەر، ئەل.

*　　　*

مال ـ دۇنيا ھېچكىمگە مەڭگۈلۈك ئەمەس،
ھارامغا ئۆگەنگەن نەپسىڭنى يىغ، بەس!
ئون مېتىر خەسىلا لازىم بولىدۇ،
قالدىسى بى كېرەك توختىسا نەپەس.

*　　　*

ياخشىلىق قىلغاننى نە بىلسۇن نادان؟
تۆۋاقنىڭ رولىنى چۈشەنمەي قازان.

بەدەلسىز بەرسەڭمۇ زەر قەسىر سېلىپ،
قەدرىڭگە يەتمەيدۇ نامەردلەر ھامان.

*　　　*

ھاياتقا قانمايدۇ ھېچكىمشى مۇتلەق،
ھەممىنىڭ دۇنيادىن كېتىشى بەرھەق.
ئاقىللار كۆز يۇمسا نامى ياشايدۇ،
ئۆلۈكتۇر گەر تىرىك يۈرسىمۇ ئەخمەق. . .

*　　　*

دۇنياغا كەلدىڭىز، كېتىسىز ھامان،
سىز كارۋان، بۇ ئالەم بىر قونالغۇ ـ دەك.
قالمىسا ئەۋلادقا ئەجرىڭدىن ئىز،
نامىڭىز تېز ئۆچەر، مەيلى نېمە دەك. . .

*(ئاپتور خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى گېزىت ـ ژۇرنال تەھرىرلىرىدىن)*

**ئابدۇللا ئېلى بەگزاد**

# روھىيىتىمىزى

**سۆيگۈ مەكتۇپى**

جىلۋە بىلەن يۇمران چىمەندە
كۆز قىسىدۇ ماڭا شوخ بۇلاق.
يوشۇرمىغىن سۆيگۈڭنى دىلدار،
سىرلىرىڭنى تۆكەر تۆتقۇلاق.

يوللىرىڭغا سېپىدۇ زەمزەم،
ۋەسلىڭ ئۈچۈن مەندىكى تىلەك.

مۆكۈۋالما بولۇت كەينىگە،
لەۋلىرىڭدىن سۇ ئىچسۇن يۈرەك.

غەلۋىرىدە تاسقايدۇ شۇندلق،
سۆيۇشمۇ ھەم، سۆيۈلۈشمۇ ھەم.
قولۇڭنى بەر، كۆلەيلى خۇشال،
يەر شارىدا قالمىسۇن ھېچ غەم.

## روھ يىلتىزى

ئارمانلارنى يېتىلەپ ئۆرۈلدى يىل بەتلىرى،
ئىزلىرىمدىن تۇغۇلدى سانسىزلىغان سوئاللار.
كەچۈرمىشتىن پۈتكىنى يېڭىلىشمۇ، نۇسرەتمۇ؟
يۈرىكىمنى قامالاپ تۇرار شۇندا خىياللار.

تىنىقلىرىم كۆكلىگەن زەر قۇياشتىن نۇر ئېلىپ،
يىلتىز تارتتىم ئاۋامغا، ياپراقلىرىم باراقسان.
چېلىشلاردا رۇستەمدەك زەپەر قۇچتۇم رەتمۇ رەت،
ھۇۋلىسىمۇ بورانلار، قىلالمىدى پەرىشان.

ئىقبال قىزى ناز بىلەن تاتلىق كۈلۈپ باقماقتا،
ۋۇجۇدلارنىڭ ئەركىسى ئاتا ئاچار كەڭ قۇچاق.
دولقۇن ياساپ ئاقىدۇ ۋاپا ـ مېھنەت دەرياسى،
پاك ئەقىدە بېغىدا گۈل ئېچىلغاي خۇش پۇراق.

## يېرىم دۇنيا لىرىكىسى

ماڭا بەرگەن سوۋغىتىڭ شۇمۇ،
كېتىپ قالدىڭ ئازابقا تاشلاپ.
قېيەرلەردە يۈردۈڭ پەرۋاسىز؟
كىملەرنىڭدۇر سۆيدۈڭ باغاشلاپ؟

دىلغا ھۇزۇر تاتلىق تىللىرىڭ،
يۈرىكىمنى چەككەن، سۆيدۈرگەن.
ھىجران پەيتى ھۇۋلاپ بورانلار،
قىيناقلاردا ئۆتمەكتە بۇ كۈن.

سىنچى كۆزۈڭ مىسالى بىر ئوق،
تەنلىرىمنى تامام كۆيدۈرگەن.

بىز ئايرىلىپ كەتسەك شۇنداقلا،
بولمامدىكىن بۇ دۇنيا پۈتۈن؟

## سۆيگۈ يالدامىسى

ئۆتمۈشتىكى سەبىي، ئويچان پەرىشتەم،
كىرىپ كەلدىڭ چۈشلىرىمگە نەچچە رەت.
ئايان بولار خىرەلەشكەن كەچمىشلەر،
مۇھەببەتلىك ھاياتتىكى سەلتەنەت.

كۆكۈللەردىن كۆكۈللەر سۇ ئىچكەندە،
يانار ئىدى ۋۇجۇدلاردا ئوت تىلەك.
بەك رەھىمسىز كېلىدىكەن ئەزەلدىن
سۆيگۈ ئىزدەپ يۈرگەنلەرگە شۇم تەقدىر.

تۇتاش ئىدى، دىلىمىز ۋە تىنىمىز،
ئۆتكەن ئىدۇق ئادەم بىلەن ھاۋادەك.

ھەر تەرەپكە كەتتۇق سالغا تېشىدەك،
قىسمەتلەرگە بويۇن ئەگدۇق ئامالسىز.

نه بولۇڭدا ئولتۇرىسەن ژىنىنىدەك، قايغۇرمىغىن، تۆكۈپ يۇرمە يېشىڭنى،
ماركس كەبى يېزىپ چىقتىم سالام خەت. ھەمراھ بولسۇن يوللىرىڭغا ساداقەت.

*(ئاپتور ئۇنىسقا نامىيە ساۋلىچى ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)*

**ئابلىز ھوشۇر**

# غەزەللەر

1

نېمە بۇ، ئالەمدا تۇرغان باغمۇ، جەننەت سۇرىتى؟
بىر كۆرۈپ تاشتى ئەجەب ئەھلىگە قەلبىم ھۆرمىتى.

تەرىپىدىن تىللارغا ئالدۇق ئەھلى سورۇن ئالەمدا،
ياغدى ھۆرلەر ئىلكىدىن مېھمانغا جەننەت نېمىتى.

تۆردە ئەتلەس كۆرپىدە چاقچاق پىرى ① خۇش ئولتۇرۇپ،
ھېچ قېلىشمايدۇ يىگىتلەردىن سىياقى — دۆلىتى.

گاھى شادلىق گاھى مۇڭ ئالدى پەلەكنى ئىلكىگە،
نەغمە داستان، كۈلكە چاقچاق ئالمىشىپ ئۆز نۆۋىتى.

ھەر كۆڭۈل ئايۋانلىرىدا قالدى ئۆچمەس نۇر بولۇپ،
پاھ، ھېسام چاقچاقلىرى، سازەندە، رەققاس ھىممىتى.

دېدىكەن، ئىنسان ئۈچۈن بىر كۈلكە بىر جان بەخش ئېتەر،
كۈل، ھوشۇرى، ئەل بىلەن، ئەل ئىلكىدە جان قىممىتى.

2

كىم كېلىپ دۇنياغا گۈل ۋەسلى ئۈچۈن شەيدا ئەمەس،
بۇ ھايات سەھراسىدا گوياكى ئۇ پەيدا ئەمەس.
ئەل بىلەن ئادەم قەدىرلىك، گۈل بىلەن دۇنيا گۈزەل،
كۆيمىگىنىڭ گۈل ئىشقىدا ۋىجدان ئىشى، سەۋدا ئەمەس.

① ھېسام قۇربان كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

كىمكى گۈل چەكتى كۆڭۈل قەسىرىگە — تاپتى ئېتىبار،
كىمكى داغ چەكتى، دېمەك، ئىستەكلىرى بەرنا ئەمەس.
كىم ئاقىل، تاپقاي مۇشەققەت ئىلكىدىن شاد بەختىنى،
كىم نادان، زىنھار ئۇنىڭدىن ھېچ كىشى ئەما ئەمەس.
كىمكى ئۆزلۈك يۈكىنى تاشلاپتۇ، دانا، دەپ بىلىڭ،
كىم رەشىك ئېيلەپتۇ ئۆزگە بەختىگە، دانا ئەمەس.
گۈل گۈزەللىك ئىستىكىڭ بولسۇن ھوشۇرى، ھەر زامان،
بۇ ھايات سەھراسىدا گۈلسىز ئۆمۈر رەنا ئەمەس.

3

بار دېسەڭ جىسمىڭدا لەيلى ھۆسنىنى، مەجنۇن قېنى؟
يوق دېسەڭ، ئۆمرۈڭ بېتىدە زەررىچە مەزمۇن قېنى؟
سەن ئۆزۈڭنى گۈل ساناپ، ئازغان كۆرەمسەن ئۆزگىنى،
سەندىكى ناخۇش كۆڭۈلنى خۇش ئېتەر بىر ئۇن قېنى؟
مەن تالاي قەلبىڭدە نۇرنى كۆزلىرىڭدىن ئىزدىدىم،
تاپمىدىم، بىر چاغدىكى ئاتەش مەسەللىك كۈن قېنى؟
لەيلىسەن، ھۆسنۇ جامالىڭدىن تەمەننا ئەيلىمە،
ئالتە كۈن ئۆتمەي تۇرۇپ ئۇ لەۋلىرىڭ گۈلگۈن قېنى؟!
ئەي ھوشۇرى، بۇ ھايات گۈلزارىدا گۈللەر تولا،
چىن گۈزەللىك ئالىمىگە بولغىنىڭ ئۇيغۇن قېنى؟!

4

كويۇڭدا ئۇيقۇدىن قالدىم، كېلىپ ۋاقتىدا دىلدار ئەت،
ۋاپا بوستانىدا سۆيگۈ بىلەن ۋەسلىڭنى دىدار ئەت.
يۈرەكتە قالدى كۆپ سۆزلەر، يېتەلمەي ۋەسلى پۇرسەتكە،
جامالىڭ ئاپتاپىدا سۇنۇق كۆڭلۈمنى گۈلزار ئەت.
ئاقاردى چاچلىرىم بىۋاق قارلىماس قانچە رەڭ بەرسەڭ،
ياشارتماق ئويلىساڭ، ناگاھ، كۆڭۈل رىشتىنى دۇتار ئەت.
ساڭا رەشىك ئەيلىسە غەيرىي چۈشەي باشقا بازغان بوپ،
ماڭا رەشىك ئەيلىسە قەھرىڭ ئوقىدا مەڭگۈ بىمار ئەت.
ۋاپادار ئاشىنالىقنى سۆزىدىن ئىزدىمە ھەرگىز،
مۇھەببەت سەلتەنەتىدىن ئىشەنچ باغىدا مىمار ئەت.
ھۇشۇرى، ئوت پىراقىڭدا كۆيۈپ تەشنايى لەۋ بولدى،
دېسەڭ تەشنالىقى قانسۇن، قولۇڭ بوينىغا زۇننار ئەت.



(ئاپتور ئىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇربان ئابلىمىت

# رۇبائىيلار

*　　*　　*　　*

سەمىمىي ئادەمنىڭ قەلبى بىر جەننەت،
سۆزىدىن بىلىنىپ تۇرار دىيانەت.
ئېنىقكى ئۇلارنىڭ قانۇنى ۋىجدان،
سوتلايدۇ ئۆزىنى قىلسا جىنايەت.

تەبىئەت ئەڭ ئۇلۇغ تارىخىي قامۇس،
ھېچكىشى مۇكەممەل يازالماس ئېپسۇس.
ئۆزئارا رازىلىق ھېس قىلغان چاغدا،
ھاياتنىڭ خاتىرجەم ئۆتىدۇ خۇشال.

*　　*　　*　　*

سۇ ئۈزسە بېلىقنىڭ قالمايدۇ ئىزى،
شەھۋەتخور ئادەمنىڭ بولمايدۇ يۈزى.
شور تۇپراق ئوخشاشلا تۇرىدۇ مەڭگۈ،
گىياھمۇ ئۈنمەستىن كۆڭۈل ئېتىزى.

دوستلۇق ۋە مۇھەببەت ئىنسانغا قانات،
ئۇلارسىز مەنىلىك ئۆتمەيدۇ ھايات.
ئېۋەنسىز دوستبولماس، مۇھەببەتسىز قۇل،
بولسىلا كۇپايە ئەقىدىسى راست.

*　　*　　*　　*

گۈزەلدۇر تەبىئەت، گۈزەلدۇر دۇنيا،
پارلىغاچ ھەر نەرسە قۇياش نۇرىدا.
ھەقىقەت تۇيغۇسى، ئىنسانىي ئەخلاق،
بېزەيدۇ ھۆسنۈڭنى بولسا دىلىڭدا.

دوست تۇتماق بەك قىيىن، ئايرىلماق ئاسان،
ئۆزگىنى ئۆزىگە بىلمىسە مېھمان.
غەرەزلىك ئىش قىلسا ھاجىتى ئۈچۈن،
بىر قېتىم ئاش پىشىپ چېقىلار قازان.

*　　*　　*　　*

ئاغرىنما ئۆزۈڭدىن، كۆپ كۆڭۈلسىز ئىش،
قىلمىغىن ئارتۇقچە غەم ـ قايغۇ، تەشۋىش.
ئۆزۈڭنى شاد قىلغىن بېرىپ تەسەللى،
پۇشايمان يېيىشتۇر ئۆزۈڭدىن رەنجىش.

بىلىمىز، بىزلەرنى ئانا يەر تۇغقان،
ئۇلۇغلۇق ئادىمىلىق باغرىدىن چىققان.
ئالەمگە پاتمىغان بارچە ئىنساننى
باقىدۇ ئالەمدىن باغرى كەڭ دېھقان.

*          *

قايغۇمۇ بەختتۇر، قوبۇل قىل ئۇنى،
ئارتۇقچە غەم يېمە، ئۇنۇت ھەممىنى.
ھەر ئادەم ھاياتى گويا ئاق قەغەز،
ئوقۇپ باق، نېمىلەر يازدىڭ سەن قېنى؟

*          *

ئۆزىگە ئىشەنمەس ئادەملەر ھەيكەل،
قورقىدۇ ھەق سۆزلەش، تۆلەشتىن بەدەل.
كېچىكىپ چۈشىنەر ھايات قەدرىنى،
ئاقىۋەت كېلىدىن بوغقاندا ئەجەل.

*          *

ئىنسانلار مېھماندۇر، بۇ ئالەم ساراي،
ھېچ كىشى دېيەلمەس كەتمەستىن قالاي.
تۇپراقتىن كۆكلىدۇق، قايتىمىز يەنە،
بۇ ھەقتە سۆزلىسەك مىساللار تالاي.

*          *

ئادەمنىڭ مەيلىگە باقمايدۇ جاھان،
ھەر بىر كۈن ئالىدۇ سەندىن ئىمتىھان.

يېتىسەن مەنزىلگە يىراق يولدىمۇ،
تاللىساڭ ھاياتتا توغرا بىر نىشان.

*          *

ئالتۇننى يۇۋۇلەپمۇ ئۇچۇرالماس تىل،
ئارتۇقچە ماختاشنى خالىماس ئاقىل.
بىلىملىك ئادەمنىڭ ۋەزنى گويا تاغ،
نادانلار قىلىدىنمۇ كېلىدۇ يەڭگىل.

*          *

ئىت ۋاپا دېيىشكەن، خوتۇننى جاپا،
ئىت بولۇپ كەتكەنلەر قىلماسكەن ۋاپا.
جاپادىن قورققانلار ئۆيى گۆرىستان،
بىر ئۆمۈر دۇنيادىن ئۆتىدۇ خاپا.

*          *

تىل بىلەن دىلىڭنىڭ ئارىسى بىر ھاڭ،
كۆلكىلىك ئۇ يەرگە ئۆزۈڭ يېقىلساڭ.
مەنزىلگە يېتىسەن ئۆتۈپ ئۇ يەردىن،
چىن ۋاپا، ساداقەت ئىگىسى بولساڭ.

*(ئاپتور قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە)*

بۇ سانىدىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئوسمانجان ساۋۇت




(ئەسلىمە)

ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتى ۋە ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغاچقا ھاياتلىق سەپىرىمۇ بىر خىللا داۋاملاشمايدۇ. بىراق ئۇلار مەيلى قانداق مۇھىتتا، قانداق ئۇسۇلدا ياشىسۇن باسقان قەدىمىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، ئۆتكۈزگەن ھاياتىنىڭ مەنىلىك، مەنىسىزلىكى بىلەن ھامان بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بەزىلەر تىنىمسىز ئىزدىنىپ ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئازدۇر ـ كۆپتۇر تۆھپە يارىتالايدۇ. بەزىلەر بولسا ياشاش ئۈچۈنلا ياشاپ، ھېچقانداق ئىز قالدۇرماي نامسىز كېتىدۇ. بەزىلەر نەپرەتلىك قارغىشلار ئىچىدە ياشاپ ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بەزدۇرۇپ ئۆتىدۇ. بىلىمسىزلىك، نادانلىك، ھورۇنلۇق تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ ياشاش مەقسىتىنى ئازراقمۇ چۈشەنمەي، ئۆمرىنى ھايۋانلارچە يەپ ـ ئىچىش بىلەنلا ئۆتكۈزۈپ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس.

مېنىمۇ ھايات سەپىرىمنى كۆپ سانلىق كىشىلەردەك خېلى مەنىلىك ئۆتكۈزدۈم دەپ ئويلايمەن. ئەللىك يىلغا يېقىن خىزمەت، ئەمگەك، ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكەن ھايات مۇساپەمدە جاپالىق، لېكىن مەنىلىك ئۆتكەن، چاغلىرىم كۆپرەك. بەزىدە ئەمەل تۇتسام، بەزىدە ئاددىي پۇقرا بولۇپ ياشىدىم. لېكىن تۇرمۇشنىڭ قايسى باسقۇچىدا تۇرماي ئالغا ئىنتىلىش ئىرادەمنى بىر مىنۇتمۇ بوشاشتۇرۇپ قويغان ئەمەس مەن. ھەتتا ئېگىزدىن دومىلاپ چۈشكەن چاغلىرىمدىمۇ ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، كۆڭۈللۈك ياشاشنىڭ يېڭى يوللىرىنى ئىزدىدىم. چۈنكى ئىنسان ھەر بىر كۈنۈمنى مەنىلىك ئۆتكۈزىمەن دېسەكەن، تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كېيىنكىلەر ئەسلىگۈدەك ياخشى ئىشلارنى داۋاملىق قىلىشى كېرەك.

بىر ئادەمنىڭ باسقان قەدىمىنىڭ ھەممىسىلا مەنىلىك بولۇشى ناتايىن. لېكىن ئادەم

تارىم 2005. 3

ياش چاغلىرىدىن باشلاپلا ھەر بىر ھالقىلىق پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنى توغرا، ساغلام يېتىلدۈرۈشى، كەسپكە كۈچلۈك مۇھەببەت باغلاپ، ئۆزى باشلىغان ئىشنى ئاخىرىغا ئېلىپ چىقمىغۇچە توختىمايدىغان ئىرادە تىكلىشى كېرەك.

مەن 1952 ـ يىلى 17 يېشىمدا ئىشچىلار سېپىگە كىردىم. ئۆزىمىز قۇرۇپ چىققان شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى (كېيىنكى شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتى) بىزنى قوينىغا ئالدى. ئۇ، بىزنىڭ ئاشۇ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللاردا ھازىرقى زامان ماشىنىسازلىق تېخنىكىسى ئىگىلەپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ جاپادىن قورقمايدىغان كۆ-رەش روھىنى يېتىلدۈرۈشىمىزگە شارائىت يارىتىپ بەردى. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى-نىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ئازادلىقتىن كېيىنكى بىرىنچى تۈركۈم ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئىشچىلىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقتۇق. بۇ زاۋۇت ماڭا ئوخشاش نەچچە مىڭلىغان ئىش-چىلارنىڭ مۇقەددەس بۆشۈكى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئەللىك نەچچە يىللىق تارىخىدا شىنجاڭنىڭ ماشىنىسازلىق سانائىتى ئۈچۈنمۇ ئانا زاۋۇتلۇق رولىنى ئوينىدى. ئۇ نەچچە يۈزلىگەن پارتكوم شۇجىسى، زاۋۇت باشلىقى، ئىنژېنېر، كارخانا باشقۇرغۇچىلارنى ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكى-نى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

مەن ھاياتىمنىڭ نەۋقىران چاغلىرىدا 20 يىللىق مەنىلىك ئىزلىرىم قالغان بۇ زاۋۇتنى چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن ئەسلەيمەن. كېيىنكى چاغلاردا ئاشۇ ئوتتەك قىزغىن ياشلىق چاغلىرىمدا يېزىپ قالدۇرغان 40 پارچىدىن ئارتۇق كۈندىلىك خاتىرىلىرىم مېنى قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى. چۈنكى ئۇنىڭدا ئىككى ئەۋلاد نەچچە مىڭلىغان ھەر مىل-لەت ئىشچىلىرىنىڭ زاۋۇتنى قۇرغاندىن تارتىپ تاكى 1972 ـ يىلى ئۆزۈم بۇ زاۋۇتتىن ئاي-رىلغۇچە بولغان مەزگىلدىكى قەھرىمانلىق كۈرەش تارىخى خاتىرىلەنگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن ھەتتا ئىلغارلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئىچىدىكى تۆھپە يا-راتقانلارنىڭ نام ـ ئەمەلى، مىجەز ـ خاراكتېرى، لەقەملىرىگىچە تېپىلاتتى.

بۇ خاتىرىلىرىمدە يەنە قايسى سېختا قانداق تېپتىكى ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر ئىشلە-تىلىدۇ دېگەندىن تارتىپ زاۋۇتتا ھەريىلى تىكىلگەن دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارغىچە خا-تىرىلىنىپتىكەن. بۇنداق مول مەزمۇنلار مېنى شۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدە مۇھىتىغا باشلاپ كې-رىپ، ئاشۇ يىللاردىكى باسقان ھەر بىر قەدەملىرىمىزنى يېڭىۋاشتىن كۆز ئالدىمغا كەل-تۈردى ھەم مەندە بۇ ھەقتە ئەسلىمە يېزىش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن «بىز باسقان ئىزلار» ناملىق ئەسلىمەمنى يېزىپ چىقتىم. بىراق بۇ ئاسانغا چۈشمىدى. مەن قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، بىرىنچى قېتىم قاملاشمىسا ئىككىنچى قېتىم يازدىم. ئاخىرى سەككىز قېتىم ئۆزگەرتىپ «شىنجاڭ تەزكىرىسى»دە ئېلان قىلدۇردۇم. ئۇ مېنىڭ چوڭراق ھەجىمدىكى تۇنجى ئەسىرىم ئىدى. ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىنكاسى خېلى ياخشى بولدى. بەزىلەر ھەتتا: «ئۆزۈڭ يازدىڭمۇ؟» دەپمۇ سوراشتى. ئەمدى ئويلىسام ئۇ مېنىڭ قەلىمىمنى پىشۇرۇش مەشقى بوپتۇ.

تۇرمۇش ئەدەبىياتنىڭ بۇلىقى، گەرچە مەن يازغۇچى بولمىساممۇ، يازغۇچىلارنى دوراپ

ئامما ئارىسىغا باردىم. ئىينى چاغدىكى ئىشداشلىرىم بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەتلىشىپ، نۇرغۇن ماتېرىيال توپلىدىم. ئۈچ يىل ئىزدىنىش ئارقىلىق زاۋۇتنىڭ ئىينى چاغدىكى ئەھۋالى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئىشچىلار قوشۇنىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىش جەريانى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «شۇڭقار» رومانىنى يېزىپ چىقتىم. ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ زاۋۇتتا باسقان 20 يىللىق قەدەم ئىزلىرىمنىڭ ئەھمىيىتىدىن ئۇ ھەقتە كىتاب يېزىپ قالدۇرغانلىقىم تېخىمۇ مەنىلىك بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

مەن 1961 ــ يىلى شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قىلىپ ئۆستۈرۈلۈپ، ئۇزۇنغا قالماي، يەنى 1963 ــ يىلى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلدىم. بۇ مەن ئۈچۈن بىر قېتىملىق ئەتراپلىق بىلىم ئېگىلەش پۇرسىتى بولدى. مەن زاۋۇتتا ئۆتكەن ئون يىللىق ھاياتىمدا مەلۇم دەرىجىدە كەسپىي تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگىلەش، ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنىپ مەدەنىيەت سەۋىيەمنى ئاز ــ تولا يۇقىرى كۆتۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان بولساممۇ، لېكىن تۆتىنچى سىنىپقىچە ئوقۇغان، ئىشچىلىقتىن يېتىشىپ چىققان مەندەك بىر ئادەم ئۈچۈن ئالىي مەكتەپنىڭ دەرسلىرىنى ھەزىم قىلىش ئاسانغا چۈشمەيتتى. شۇنداقتىمۇ مەن بۇ ئەۋزەل پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ۋاقىتنى قەدىرلەپ قابىلىيىتىمنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشتىم. بىزگە «جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخى»، «يېقىنقى زامان تارىخى»، «ھازىرقى زامان تارىخى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە تارىخى»، «تارىخىي ماتېرىيالىزم»، «دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم»، «پەلسەپە تارىخى»، «سىياسىي ــ ئىقتىساد»، «دىن ۋە ئېتىقاد»، «ئىسلام دىنى تارىخى» قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى. بۇ دەرسلەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئېڭىمدىكى قارىغۇلۇق تەدرىجىي ئازىيىپ، مۇستەقىل پىكىر قىلالايدىغان بولدۇم. رېئال دۇنيانى ئاستا ــ ئاستا چۈشىنىشكە باشلىدىم.

ئادەمنىڭ بىلىمى ئىككى تەرەپتىن كېلىدۇ. بىرى، ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن تارىختىن، يەنە بىرى شۇ دەۋر ۋە زاماندىشلىرىدىن. شۇ چاغلاردا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بىلىم ئىشقىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن مەندەك بىر ياش ئۈچۈن ھەممە نەرسە يېڭىلىق ئىدى. شۇڭا مەن ئۆگەنگىلى بولىدىغان ھەممە نەرسىنى ئۆگەندىم. ساۋاقداشلىرىم، زاماندىشلىرىم ئىچىدە بىلىملىك ئادەملەر كۆپ ئىدى، ئۇلارنى ئۇستاز تۇتتۇم. چۈنكى مەن بىلەن بىرگە ئوقۇۋاتقانلار ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى، نازىرلار، ۋالىيلار خېلى سالماقنى ئىگىلەيتتى. ئەڭ كىچىكلىرىمىزمۇ ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلاردىن ئىدۇق. ئۇلارنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى بولۇپ قالماستىن، مول خىزمەت تەجرىبىلىرىگە، ياخشى ئىستىل، ئەخلاق ــ پەزىلەتلەرگە ئىگە ئىدى. مەن ئۇلاردىن ئۆگىنىش مەقسىتىدە ئۇلار بىلەن يېقىن ساۋاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپ دوستلاشتىم. تېيىپجان ئېلىيېۋ، ياسىن خۇدابەردى، ۋارىسجان تۇردى، يولداش يۈسۈپلەر ئەنە شۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئۇلار مېنىڭ ھەر جەھەتتىن پىشىپ يېتىلىشىمدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

پايتەخت تۇرمۇشى بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ بىلىم قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە مۆلچەرلىگۈسىز رول ئوينايدۇ. مەنمۇ

ئىككى يىللىق ئۆگىنىش جەريانىدا بۇ ئەۋزەللىكتىن تولۇق پايدىلاندىم.

ۋەزىيەتتە تارىخىي خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش بولغاندا ئۇنى ئادەتتىكى ئادەملەر توسۇپ قا-
لالمايدۇ. بىز بىرىنچى مەۋسۇمدا بىر قىسىم پەنلەرنى ئۆگىنىپ بولۇپ ئىككىنچى مەۋ-
سۇملۇك ئۆگىنىشىمىزنى باشلاش ئالدىدا تۇرغاندا، جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى سىنىپلاردا
تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولغانلىقى توغرىسىدا گەپ ـ سۆزلەر تارقىلىشقا باشلىدى.
يەنى، ئاللىقاچان ئاغدۇرۇپ تاشلانغان پومېشچىكلار سىنىپى، كاپىتالىستلار، يېڭىدىن باش
كۆتۈرگەن بۇرژۇئازىيە سىنىپى بىلەن بىرلىشىپ پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى ئاغدۇرماق-
چى دېيىلىپ، نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلماقچى بولغان ھەرىكەتكە «ھازىر جۇڭگو جەمئىيىتىدە
سىنىپ، سىنىپىي كۈرەش بولمىغان جاي، سىنىپىي تامغا بېسىلمىغان ئادەم يوق. ھازىرقى
كۈرەشنىڭ تۈگۈنى پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى ئاغدۇرۇش بىلەن ئۇنى ئاغدۇرۇشقا قارشى
ھايات ـ ماماتلىق كۈرىشى» دەپ تەبىر بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن دەرس توختىتىپ مۇشۇ نە-
زەرىيىنى سىستېمىلىق ئۆگەندۇق. ئاندىن ئۇنىڭ ئەمەلىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن شىن-
جاڭغا قايتىپ كەلدۇق. شۇ چاغدىكى كەسكىنلىشىۋاتقان سىنىپىي كۈرەشنىڭ يېزىلاردى-
كى ئاساسىي ئىپادىسى «تۆت»تە ئېنىق بولماسلىق دەپ ئاتالدى. سىنىپىمىزدىكىلەرنىڭ
تەڭدىن تولىسى 1964 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 1966 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ بېشى «مەدەنىيەت
زور ئىنقىلابى» باشلانغىچە قەشقەردە «تۆتنى ئېنىقلاش»نى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان سوت-
سىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە ھەرىكىتىگە قاتناشتۇق. مەن ۋاقىت ئۆزلارغانچە ئاستا ـ ئاستا
شۇنى ئويلاپ يەتتىمكى: ئادەملەر بەزى ھاللاردا ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ـ
بىلمەي نۇرغۇن ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچىنى خوراتسا، بەزىدە ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلى-
قىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارنىمۇ
قىلىپ قويىدىكەن. بىزمۇ شۇ چاغدا دەسلەپىدە ئۆزىمىزنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى
بىلىپ ـ بىلمەي ناھايىتى قىزغىن كەيپىياتتا بۇ ھەرىكەتكە ئاكتىپ قاتنىشىپ «سول»
لۇشيەننىڭ ئېقىنىدا دولقۇن يېرىپ ئۈزگەن بولساق، كېيىنچە بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۆز
ئىرادىمىزگە خىلاپ ھالدا نۇرغۇن خاتا ئىشلارنى قىلغان ئىدۇق.

«تۆتنى ئېنىقلاش»نى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بۇ ھەرىكەت شۇنچە داغدۇغىلىق،
جىددىي، سۈرلۈك بولۇشىغا قارىماي تولىمۇ مەنىسىز، شەكىلۋازلىق بىلەن تولغان ئىدى.
بىز ھەر كۈنى دېھقانلارنى يىغىۋېلىپ، بۇ ھەرىكەتنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن
ئۇلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتاتتۇق. ئۇلارمۇ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا «تۆتنى ئېنىقلاش»نى ئاداق-
قىچە ئېلىپ بېرىشقا قەسەمياد قىلىمىز! دەپ شوئار توۋلايتتى (ئۇلار شۇندلق شوئار توۋ-
لىماي بىزدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى). لېكىن ئۇلارنىڭ سولغۇن ھالىتىدىن، پىل-
دىرلاپ قالغان كۆزلىرىدىن قورساق غېمىدە جان تالىشىۋاتقانلىقىنى بىلمەك تەس ئەمەس ئىدى.
چۈنكى بۇ چاغدا دۆلىتىمىز ئۈچ يىللىق تەبىئىي ئاپەت ئۆتكىلىدىن ئەمدىلا ئۆتكەن
بولسىمۇ لېكىن، تامامەن ئەسلىمىزگە كېلىپ بولالمىغان ئىدۇق. دېھقانلار يەنىلا چۈشكە
تاپسا كەچكە يوق ھالدا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئۇلارغا ھەر كۈنى يېرىم كېچىگىچە
مەجلىس ئاچاتتۇق. مەجلىستە ئۇلار چالا پوكان ئولتۇرۇپ كۆزىنىمۇ ئاچماي شوئارلارنى
توۋلايتتى. مەن گەپ ھەرقانچە يوغان بولغان بىلەن قورساق تويمىسا ھېچقانداق ئىشنى

www.uyghurkitap.com

ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، بىر چاغلاردا يولغا قويۇلغان «چوڭ سەكرەپ ـ ئىلگىرىلەش»نى ئەسلەيتتىم ـ دە، ئىچىمدە غۇدۇراپ: شۇ چاغلاردىمۇ قورساق تويمايتتى. ئاچ قورساق ئادەمنى «سەكرەپ ـ ئىلگىرىلىتىش» ئەمەس ھەتتا ئۇسسۇلغىنىمۇ سالغىلى بولمايدۇ، دەيتتىم. ئەڭ يامىنى بۇ چاغدا يامان سۈپەتلىك بىر خىل ئېقىم ھەممە يەردە يامراپ، بىرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق بۇزۇلغان ئىدى. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كەسكىنلىشىپ ھېچكىم ـ ھېچكىمگە ئىشەنمەيتتى. مېنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە يېزىلغان «جاپالىق كۈنلەردە» (ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوفنى ئەسلەپ يازغان) دېگەن ئەسلىمەم، «قىر ئاشالمىغان يىللاردا»، «زوھرەخاننىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى»، «قالپاق» پوۋېستلىرىم، «يۈسۈپ رېھىمنىڭ تويى»، «خەتەرلىك مىنۇتلار»، «تاش مۇدىر»، «بىر قوينىڭ قېنى»، «زومىگەر»، «ئون سامسا»، «نورما بەلگىلەش» ھېكايىلىرىم، «ئەنسىز يىللاردىكى ئوغرى» رومانىم مۇشۇ دەۋردىكى دېھقانلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى يورۇتۇپ بېرىش مەقسىتىدە يېزىلغان.

مەن ئۆز ئىدىيەمنىڭ قايسى كاتېگورىيىگە مايىل ئىكەنلىكىنى دەپ بېرەلمەيمەن، لېكىن ھەرقانداق شەكىل، مەزمۇنلاردا ئوتتۇرىغا چىققان «سولچىل»لىق خاھىشلىرى ھەرگىز كۆزۈمگە سىغمايدۇ. شۇڭا يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئەسەرلىرىمنىڭ تېمىسى ھەرخىل بولسىمۇ، بۇلارنى يېزىشتىن مەقسىتىم بىرلا، يەنى «سولچىل» لۇشيەن ۋە ئۇنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى پاش قىلىش.

دەۋر مەيلى قانچىلىك مالىمان بولسۇن، ئۇ يەنىلا ئادەملەرنى سىنايدۇ ۋە شاللايدۇ. شۇ چاغدىكى يېزىلاردا مەن يەنە شۇنداق بىر خىل كۈچىنىمۇ كۆرگەن ئىدىم. ئۇلار جاھاننىڭ قانچىلىك مالىمان، مۇرەككەپ، تۇرمۇشنىڭ قانچىلىك جاپالىق، قاتتىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خاتا ئېقىمغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلاتتى. ئۇلار گەرچە ئاز ساندىكى، ئادەتتىكى كىشىلەر بولسىمۇ مېنىڭ ئەسەرلىرىمدە باش قەھرىمان قىلىندى. ئەسەرلىرىمدە يەنە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» توغرىسىدىكى سەھىپىلەرمۇ ناھايىتى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. چۈنكى بۇ ھەرىكەت باشلانغاندا مەن يېزىدا، ئەڭ تۆۋەن ئاساسىي قاتلامدا ئىدىم. كېيىن مەكتەپ خىزمىتىنى ئىشلىدىم. زاۋۇتقا قايتقاندىن كېيىن بولسا ئىشچىلار خىزمىتىنى ئىشلىدىم. ھوقۇق تارتىۋېلىشتىن تارتىپ ئەلەم كۈرىشى تازا ئەۋج ئالغانغا قەدەر بولغان پۈتۈن جەرياننىڭ شاھىتى سۈپىتىدە ھەممىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، قولىقىم بىلەن ئاڭلىدىم. ھەرىكەتنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق ماشىنىسازلىق ئىدارىسىدا مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ، ئون يىللىق بالايىئاپەتنىڭ جاراھىتىنى تازىلاپ بولغىچىلىك كۆرمىگەنلىرىم قالمىدى.

1966 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بىر ئۇقتۇرۇش — بىر باشماقالە بىلەن بۇ ئىنقىلاب باشلانغاندا مەن قەشقەر پەيزىئاۋات ناھىيىسىنىڭ «شاپتۇل» گۇڭشېسىدا «تۆت»نى ئېنىقلاش ھەرىكىتىگە قاتنىشىۋاتقان ئىدىم. ئۇزۇنغا قالماي ئىنقىلاب بورىنى پۈتۈن جۇڭگونى قاپلىدى. بىزمۇ «تۆت»نى ئېنىقلاشنى كەلگەن يېرىدە توختىتىپ قويۇپ، بۇ قايىنامدىن يەر ـ جاھاننى تېخىمۇ زىلزىلىگە سالىدىغان يەنە بىر قايىنامغا سەكرەپ چۈشتۇق. سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە خىزمەت ئۆمىكى تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. باشلىقلىرىمىز

ئۆز ئىدارىلىرىگە قايتىپ كەتتى. مەن بىلەن بىرگە ئىشلىگەن تېيىپجان ئېلىيوف، ياسىن خۇدا بەردىلەر ئىنقىلابنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى دەپ قارىلىپ، ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ كەتتى. بىر قەدەر «پاك» دەپ قارالغان بىرقانچىمىز قەشقەر شەھىرىگە كېلىپ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا ياردەملىشىشكە بۇيرۇلدۇق. دەسلەپ خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ مەكتەپلەرگە باردۇق. لېكىن ئۇزۇنغا قالماي خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىش «ئەكسىيەتچى لۇشيەن يۈرگۈزگەنلىك» دەپ قارىلىپ، بىزدەك ئىنقىلابنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى بولغانلار ئىنقىلابنىڭ يوقىتىلىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدۇق ـ دە، بىرقانچە كۈن كۆرەش قىلىنغاندىن كېيىن مەكتەپلەردىن ھەيدەپ چىقىرىلدۇق. ۋەزىيەت كۈنسايىن كەسكىنلىشىۋاتاتتى. ئەڭ كىچىك ئىشلاردىمۇ نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا، كىمنىڭ ياخشى، كىمنىڭ يامان، نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەق، ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالغىلى بولمايتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۆزلىرىنى مەن خېلى پىشقان ئىنقىلابچى دەپ يۈرگەنلەرمۇ ئۇزۇنغا قالماي چوڭ ئېقىننىڭ قاتتىق ئۇرۇشى بىلەن قاشقا چىقىپ قالدى. بەزىلەر ھالاكمۇ بولدى. بولۇپمۇ «قىزىل قوغدىغۇچىلار» بىلەن قارشىلىشىش نۇرغۇن كادىرلارنى سەپتىن ئايرىدى. مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ قەشقەردە قالغان «پاك» ئوقۇغۇچىلىرىمۇ يا ئۆز ئىدارىسىغا قايتالماي، يا ئىنقىلابنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى بولالماي بىكارچىلىقتىن لاغايلاپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇق. بىر ئايدىن كېيىن، شۇ چاغدىكى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش ئابلايوف ياسىن خاتىپ بىلەن ئىككىمىزنى ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش ئىشخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. مەن ئىشخانا مۇدىرى بولدۇم. بىز گەرچە «ئەتىۋارلىنىپ» خىزمەتكە قويۇلغىنىمىز بىلەن ھەر بىر كۈنىمىز ناھايىتى تەستە ئۆتمەكتە ئىدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم قورۇسىغا ھەر كۈنى سەلدەك ئېقىپ كەلگەن مىڭلاپ ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلىپ بولالماي ھالىمىزدىن كېتەتتۇق. شۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلار بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. دېگىنىنى قىلىپ بەرمىگەندە يا ئۇرۇپ چاقاتتى، يا سەت تىللار بىلەن ھاقارەت قىلاتتى. لېكىن بىزدە ئۇلارنى توسۇپ قالالىغۇدەك ھوقۇق يوق ئىدى. يامان ئىشلارنى كۆرسەكمۇ كۆرمەسكە سالاتتۇق. لېكىن مەن بۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئېچىناتتىم. قەلبىمنى ھەسرەتلىك خىياللار چىرمايتتى. مۇشۇ دەۋردە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار قانچىلىك بىلىم ئالالار، ئۇلار چوڭ بولغاندا قانداق ئادەم بولۇپ چىقار؟ دېگەن سوئاللار مېنى دائىم ئازابلايتتى.

ئۇزۇنغا قالماي پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ھەممە ھوقۇقلىرىنى ھەرقايسى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلاتلار تارتىۋالدى. ئورگانلار پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. بىزنىمۇ ھېچكىم ئىزدىمەدى ھەم ھېچكىممۇ ئىگە بولمىدى.

1967 ـ يىلى 2 ـ ئايغا كەلگەندە «قەشقەردە تۇرۇۋاتقان مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆز ئورنىغا قايتىپ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا قاتناشسۇن» دېگەن ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق ـ دە، ئۆز ئىدارىلىرىمىزغا قايتىپ، چوڭ ئېقىمغا قوشۇلۇپ كەتتۇق.

مەن قايتىپ كەلگەندە زاۋۇتنىڭ پارتىيە، مەمۇرىي ھوقۇقلىرىنى «ئىسيانچىلار» تەشكىلاتى تارتىۋېلىپ، زاۋۇت مەسئۇللىرىنىڭ بەزىلىرىنى كالا ئېغىلىغا سولاپ، بەزىلىرىنى

www.uyghurkitap.com

نازارەت ئاستىدا ئەمگەككە سېلىنۋاتقان ئىكەن. دەسلەپتە ھېچكىمنىڭ مەن بىلەن كارى بولمىدى. كېيىن ھوقۇق تارتىۋالغۇچىلار مېنى زاۋۇتقا مۇئاۋىن شۇجى بولۇپ ئۆزۈنىغا قالماي زاۋۇتتىن ئايرىلىپتۇ، تۆت يىلدىن ئارتۇق سىرتلاردا يۈرۈپتۇ، ئۇنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىنى بىز ئانچە بىلمەيمىز، ھازىرچە سېخقا چۈشۈپ ئەمگەككە قاتناشسۇن دەپ، پار قازان سېخىغا چۈشۈرۈپ بەردى. مەن ئىككى قىش پار قازانغا ئوت قالاپ، ئىككى ياز ئوچاق، پار تۇرۇبا يوللىرىنى رېمونت قىلدىم. بۇ خىل ئەمگەكنىڭ سىجىللىقى يۇقىرى، تېخنىكىلىق ئۆلچىمى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، ئۇ مېنىڭ كەسپىي سەۋىيەمنى يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماي، بوشاپ كەتكەن ئۇستىخانلىرىمنىمۇ چىڭىتتى.

كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلىشىۋاتقان ۋەزىيەت ئاستىدا، ئۈرۈمچىنىڭ چوڭ-كىچىك كوچىلىرى، ئىدارە، زاۋۇت، كان، كارخانا، مەكتەپلەردە «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار»لارنى كۈرەش قىلىش ۋە قالپاق كەيدۈرۈپ سازايى قىلىش ئەۋجىگە چىققان ئىدى. ئايالىم ئاق كۆڭۈل، ساددا، مۇلايىم، جىق ئىش كۆرمىگەن ئايال بولغاچقا بازارغا كۆكتات سېتىۋالغىلى چىققاندا كۆرگەنلىرىنى ماڭا يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ ھەر قېتىم بازاردىن قايتىپ كىرىپلا بۇگۈنمۇ پالانچىنىڭ بوينىغا ناھايىتى يوغان تاختىنى ئېسىپ قويۇپ سازايى قىلىنىۋاتىدۇ، يەنە بىرمىلەننى تونۇمىدىم، بىچارىنىڭ بوينىغا قوش قاناتلىق ئىشىكنىڭ پۈتۈن بىر قانىتىنى ئېسىپ قويۇپتۇ. ئۇنداق قىلسا ئۇنىڭ بويىنى ئۈزۈلۈپ كەتمەمدۇ؟ سىلە سىرتلارغا چىقمەن دېمەي، پار قازان سېخىدا ياۋاشلىق بىلەن ئوبدان ئىشلەڭلا! ھەرگىز ئۇلار بىلەن تاكاللاشماڭلا. بولمىسا بۈگۈن بولمىسا ئەتە بۇ كۈن سىلىنىڭ بېشىڭلىغا كەپ قالمىسۇن، دەيتتى. بىر كۈنى چۈشلۈك تامىقىمىزنى يەپ ئولتۇرساق ئەمدىلا يەتتە ياشقا تولغان ئوغلۇم ئادىلجان تالادىن يۈگۈرۈپ كىرگەنچە:

—ئاتا، ئاتا! ئىسيانچىلار پىيجەن (زاپچاس) سېخىدا زاۋۇتنىڭ ھەممە باشلىقلىرىنى سەھنىگە قاتار تىزىۋېلىپ كۈرەش قىلىۋېتىپتۇ. قارىسام سەن يوق. ئاتام نېمىشقا سەھنىگە چىقمىدىكىنا دەپ بىر باشتىن قارىسام، سېنىڭ رەسىمىڭنى بىر تاختايغا سىزىپ شۇلار-نىڭ قاتارىغا تىكلەپ قويۇپتۇ، ھە، ئاتاممۇ باركەنغۇ دەپ قالدىم، — دېدى.

—ما دۆتنى؟ — دېدى ئايالىم قاتتىق تېرىككىنىچە ئۇنىڭ چېكىسىگە نوقۇپ،— ھەي ئەخمەق! مېنىڭ ئاتاممۇ سەھنىگە چىقىپتۇ دەپ خۇش بولۇپ كەتتىڭما؟ ئاۋۇ كۈنىمۇ بېدىلىكتە بەش-ئالتە خەنزۇ بالىلار بىلەن داداڭ ۋاڭ گوئىن! داداڭ توختى سابىر! دەپ ۋارقى-راۋاتىسەن. ئۆزۈڭنىڭ ئاتىسىنى داداڭ قىلامتىڭ؟ — ئۇنىڭ ئۆڭسۈلى قالمىغان ئىدى.

—ئۇ دېگەن ئويۇن. بالىلار شۇنداق شوئار توۋلاپ ئوينايلى دېگەن، — دېدى ئادىل بە-خىرامان ھالدا تامىقىنى يېگەچ.

—قورقماڭلار خوتۇن. ھازىر كىم قەغەز قالپاق، كىگىز قالپاق كىيىپ سازايى قىلىن-مىسا شۇ كىشى سەت كۆرۈنىدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بەزى كىشىلەر تېخى: «قەغەز قالپاق كىيىپ سازايى قىلىنمىغان كادىر، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى روھىي دۇنياسىغا تاقالغان كادىر ھېسابلانمايدۇ» دەپ ۋارقىراۋاتامدۇ؟ شۇڭا مەنمۇ كىيەيمىكىن دەيمەن. بولمىسا كېيىنكى كۈنلەردە بۇ ئىنقىلاب يەنە بولۇپ قالسا كىشىلەر: «توختى سابىر ئالدىنقى قې-تىمقى ئىنقىلابتا قەغەز قالپاق كىيمەي توردىن چۈشۈپ قالغان» دېسە چاتاقنىڭ تېخىمۇ

چوڭى چىقىدۇ، — دېدىم كۈلگىنىمچە. ئايالىم مۇلايىم قوي كۆزلىرىنى ماڭا ئەندىشە بىلەن تىكىپ، قاپاقلىرىنى سۈزدى:

—تولا ساراڭ بولماڭلا! قەغەز قالپاق كىيىپ سازايى قىلىنغانىنىڭ نېمە شەرىپى بار ئىكەن؟ مۇشۇ كۈنلەردە خەقلەرمۇ ئاجايىپ يولسىز، رەھىمسىز بولۇپ كەتتى. ئاق - قارا، ياخشى - ياماننى پەرق ئەتمەي، سازايى قىلىنغانلارنى خالىغانچە ئۇرۇپ - تىللايدىكەن. ۋاڭ گوئېن شۇجىنى ئۇرۇشتا مېيىپ بولغان، بىر پۇتى يوق، كونا ئىنقىلابچى دېمەي ھەر كۈنى سۆرەپ يۈرۈيدۇ. ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ بار؟ يۇقىرى نېمە قىل دېسە شۇنى قىلغان تۇرسا، تەشكىل دېگەننىمۇ چۈشەنمەك تەس ئىكەن. مۇشۇنداق چاغدا يۇقىرىدىن بىرەرى كېلىپ ئۇنىڭدا گۇناھ يوق دېمىدىغۇ؟

زاۋۇتتىكى ئىككى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئەمدى كادىرلارنى سۆر - توقاي قىلىشنى ۋاقتىنچە بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆزئارا ئەلەم كۆرۈشى قىلىشقا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار، دەسلەپتە نەيزە، كالتەك بىلەن ئېلىشقان بولسا، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆزلىرىدىكى ئالاھىدىلىكتىن پايدىلىنىپ، مىلتىق، تاپانچا، ئاپتومات، ھەتتا زەمبىرەك، تانكا، بىرونېۋىكلارنى ياساپ (بۇلارنى 50 تىپلىق تراكتوردىن ئۆزگەرتىپ ياسىغان) قانلىق ئېلىشىشقا باشلىدى. مۇرەككەپ، كەسكىن زىددىيەتلەر بىلەن تولغان بۇ خىل ۋەزىيەتتە كادىرلارمۇ باشقىدىن سەپ تۈزۈشۈپ، ئۆزلىرىنى قوغداشقا ئۇرۇندى. بەزى كادىرلار مەركەزنىڭ: «ئاممىۋى ھەرىكەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىپ، تەرەپبازلىق قىلماسلىق، ئەلەم كۆرۈشكە قاتناشماسلىق كېرەك» دېگەن بەلگىلىمىسىگە پىسەنت قىلماي، ئەلەم كۆرۈشكە قاتنىشىپ، ئۇنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى. بەزىلەر كۆز ئالدىدىكىنىلا كۆرۈپ ئەسەبىيلەشكەنلىكتىن ھالاكەت دېڭىزىغا غەرق بولدى. يەنە بەزىلەر بولسا بۇرنىغا يېگەندىن كېيىن ھوشىنى تېپىپ مىڭ بىر تەسلىكتە جېنىنى ساقلاپ قالدى. دېمەك، ئون يىل داۋام قىلىپ، جۇڭگو خەلقىنى قارا باستۇرغان بۇ ئىنقىلاب تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىپ، جۇڭگو تارىخىدىكى چوڭ بىر قارا چېكىت بولۇپ قالدى.

دېمەك، مېنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىمدە بۇ ئىنقىلابنى قايتا - قايتا يېزىشىمنىڭ سەۋەبى نامدا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان بۇ ھەرىكەتنىڭ ئون يىلدەك مەدەنىيەتنى دەپسەندە قىلىپ، دۆلەتنى ھالاكەت گىردابىغا ئەكىلىپ قويغانلىقىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

مەن نېمە ئۈچۈن بۇ ئۆتمۈشنى ئەدەبىيات يولى ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولدۇم؟ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتسام، مەندىكى ئەدەبىيات خۇرۇچى چاغلىقلا. شۇنداقتىمۇ مەن ئاشۇ ئۆتمۈشنى يەنىلا ئەدەبىيات يولى ئارقىلىق ئىپادىلىدىم. چۈنكى، بىرىنچىدىن: ئۆزۈم شۇ دەۋرنىڭ كۆرەش قاينىمىدا باشتىن - ئاخىر ئۆزۈن يۈرۈپ ناھايىتى كۆپ بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى توپلىغانمەن. ئىككىنچىدىن: گەرچە ئەدەبىيات كەسپىدە بىرەر سائەتمۇ ئوقۇمىغان بولساممۇ ئەدەبىياتقا چوڭقۇر ھەۋەس - ئىشتىياق باغلىغانمەن. شۇڭا ياشىنىپ قالغىنىمغا قارىماي جاپالىق ئىزدىنىپ، ئون يىلغا يېقىن ۋاقىتتا تارىخىي كەچۈرمىشلەر يورۇتۇپ بېرىلگەن يەتتە پارچە ئەسلىمە، ئون نەچچە پارچە ھېكايە، ئۈچ پوۋېست، ئۈچ رومان، ئىككى شېئىرلار توپلىمىنى يېزىپ ئېلان قىلدۇردۇم.

ئەسەرلىرىم تىل ۋە باشقا بەدىئىيلىك جەھەتتە يۇقىرى سەۋىيىدە بولماسلىقى مۇمكىن. لېكىن مېنىڭمۇ بۇنىڭدىن يۇقىرى سەۋىيىلىك ئېسىل ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئىنسىمى ـ جىسمىغا لايىق يازغۇچى بولالىشىم مۇمكىن ئەمەس. ئەمما مەن، ساپلا ئىدىيوم، چىرايلىق ئىبارىلەر قاتار تىزىلغان، تۇرمۇش ئاساسى يوق قۇرۇق تەسۋىرلەر بىلەن تولغان پۇچەك ئەسەرلەرنى ياقتۇرمايمەن. مەندە ئۇزۇندىن بۇيان شەكىللەنگەن بىر خىل كۆز قاراش بار. ئىدارىدىن ـ ئىدارىگە ئالمىشىپ ئۆرلىگەن، ئاساسىي قاتلامدا بىر كۈنمۇ ئىشلىمىگەن، خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق ئارىلاشمىغان، بىرەر قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىقنىمۇ ئۇچرىماي داغدام يولدا ئوڭۇشلۇق مېڭىپ كەلگەن كادىرلارنى تولۇق يېتىلگەن كادىر دەپ ھېسابلىمايمەن، چۈنكى بۇنداقلار خەلقنى، تۇرمۇشنى چۈشەنمەيدۇ. خەلق بىلەن تەشكىلىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ نېمە ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ھوقۇقنى خەلق ئەمەس، يۇقىرى بەرگەن دەپ قاراپ، يۇقىرىنىلا ئېتىراپ قىلىپ، خەلقنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. يۇقىرىغىلا مەسئۇل بولىدۇ. خەلققە مەسئۇل بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلار خەلقنىڭ ھالىغا يەتمەيدۇ. ئۇلار خەلق بىلەن تەشكىلنىڭ بىرلىكىنى چۈشەنمەي قارىمۇ قارشى قىلىپ قويىدۇ ـ دە، ئاقىۋەتتە ئۆزىمۇ خەلق تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. مەن بۇنداق كادىرلارنى ئەدەبىياتتىكى مېغىزى يوق پۇچەك ئەسەرلەرگە ئوخشىتىمەن. شۇڭا ھەرقاندىق بىر كادىر خەلق ئاممىسىدىن ئىبارەت بۇ مۇنبەت تۇپراقتا يىلتىز تارتىشى كېرەك.

مېنىڭ ئەڭ مەنىلىك كۈنلىرىمنى 2000 ـ يىل 9 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن باشلاندى دېسەم بولىدۇ. ئالدىراش ئىشلەپ ئۆگىنىپ قالغان ئادەم ئۈچۈن ئۈچ ۋاخ تاماق يەپ، سەككىز سائەت ئۇخلاپ، قالغان چاغدا تېلېۋىزور كۆرۈپ، بازار ئايلىنىپ كۈن ئۆتكۈزۈش ناھايىتى زېرىكىشلىك بولىدىكەن. نېمە قىلىش كېرەك؟ كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن كەچكىمدىن ھەۋەس قىلىپ كەلگەن ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىش قارارىغا كەلدىم. لېكىن بۇ داۋانغا ياماشقان بىلەن ئۇنىڭ چوققىسىغا ئەمەس، بەل ـ قاپتاللىرىغا چىقماقچىغىمۇ ئۇنداق ئاسان ئەمەسلىكىنى بارغانچە ھېس قىلىشقا باشلىدىم. كاللامدا ھەر خىل پىكىر، خىياللار پەيدا بولدى. ئۆز ـ ئۆزۈمگە: مەدەنىيەت سەۋىيەم تۆۋەن، يەنە كېلىپ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇمىغان تۇرسام بۇ ئېگىز چوققىغا نېمىشقا ياماشىمەن؟ نام، ئاتاق، ئابروي ئۈچۈنمۇ؟ ياكى قەلەم ھەققى ئۈچۈنمۇ؟ دېگەندەك سوئاللارنى قوياتتىم. ھەرقېتىم مۇشۇنداق خىياللارغا پاتقىنىمدا يەنە ئۆز ـ ئۆزۈمگە ياق! ھەممىسى ئەمەس! دەپ جاۋاب بېرەتتىم. چۈنكى مەن كىتاب يېزىپ نام چىقارمىساممۇ جەمئىيەتتە، خەلق ئىچىدە ئۆزۈمگە تۇشلۇق ئاتىقىم بار. ئەسەر يېزىپ تاپقان قەلەم ھەققى نېمىگە دال بولاتتى؟ ھۆكۈمەت بەرگەن مائاشىممۇ تۇرمۇشۇمغا يېتىدىغان تۇرسا؟ ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىمەن؟ ئۇنىڭ جاۋابى شۇكى: قېنىمغا سىڭىپ كەتكەن ئەدەبىياتقا بولغان ئوتتەك ھەۋەس! دېمەك مەن بۇ ھەۋەسكە تېخى قانمىغان ئىدىم. يەنە كېلىپ قولۇمدا ساقلىنىۋاتقان شۇنچە كۆپ ماتېرىياللارنى تاشلىۋېتىشكە كۆزۈم قىيمايتتى. مەن ئاخىرى قولۇمدىكى شۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا ئۆمۈر تارىخىمدىكى مەنىلىك مىنۇتلارنى يېزىپ قالدۇرۇش نىيىتىگە كېلىپ ئەدەبىيات يولىغا قەدەم باستىم. بۇ قەدەملىرىم ئەمەلىيەتتە ھاياتىمدىكى تېخىمۇ مەنىلىك ئۆتكەن مىنۇتلار بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.



www.uygurkitap.com

مەن ئەدەبىياتقا كىچىكىمدىن ھەۋەس باغلىغان بولساممۇ، ئائىلىمىزدە ماڭا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئادەم يوق ئىدى. شۇڭا بۇ يولدىن قاچان چەتنەپ كەتكىنىمنى بىلمەيمەن. كېيىن سانائەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەتتىم. 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوف بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن بۇ ھەۋىسىم يەنە قوزغالدى. ئۇنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ بىر قىسىم شېئىرلارنى يازدىم. بۇ شېئىرلىرىم 90 ـ يىللارنىڭ بېشىدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئالتۇن پەسىلدىكى ناۋا» دېگەن نامدا توپلام قىلىپ نەشر قىلىندى. كېيىن ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسىدا ئالتە يىل ئىشلىدىم. بۇ جەرياندا يازغان 800 كۇپلېتتەك شېئىرىم شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «شېئىرلىرىم ئۇنچە ئەمەس، ھاياتتىن بەلگە» دېگەن نامدا نەشر قىلىندى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەندىكى شېئىرغا بولغان ھەۋەس بارا ـ بارا سۇسلاشتى. چۈنكى يېشىم چوڭايغانسېرى يازغان شېئىرلىرىم ئۆزۈمگە پىكىر بولسىمۇ، ھېسسىيات يوقتەك بىلىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن «مەن شېئىر يازمىسام كىممۇ خاپا بولار؟» دېگەن نىيەتكە كەلدىم ـ دە، قولۇمدىكى ماتېرىياللاردىن ھېكايە، پوۋېست، ئەسلىمە، رومان يېزىشقا تۇتۇش قىلدىم. ئەمما بۇلارنى ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئەدەبىي بىلىم بولمىسا، يالغۇز قىزغىنلىقتا تايىنىپلا يېزىپ چىققىلى بولمايدىغانلىقىنى ئاستا ـ ئاستا تونۇپ يەتتىم. لېكىن سەن بىر ئىشنى قىلماقچى بولۇپ بەل باغلىغان ئىكەنسەن، ئۇ ھەرقانچە قىيىن بولغاندىمۇ سەندە ئۇنى بىر باشقا ئېلىپ چىققۇدەك جاسارەت بولۇشى كېرەك. چۈنكى دۇنيادا قىلىمەنلا دېيدىكەنسەن قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق. مەن بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلغاندىن كېيىن، خۇددى سېھرىكچىلار بىر خىل ماھارەتنى ئۆمۈر بويى مەشىق قىلغاندەك ھەر كۈنى ئون نەچچە سائەتلەپ ئىشلىدىم. بىر قېتىمدا يازغىنىم قاملاشمىسا قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىپ يەنە يازدىم. ئەسەرلىرىم بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. بىرەيلەن ئالدىمدىلا ماختاپ: «توختى سابىر ئاكا! سىز ئەسەرلىرىڭىزنى خەلق تىلىدا يازىدىكەنسىز، سىزنىڭ تېيىپجان ئېلىيوف توغرىسىدا يازغان ئۈچ ئەسلىمىڭىز بىلەن ھېكايىلىرىڭىزنى ئوقۇپ مەنمۇ خۇددى ئەينى چاغدا سىلەر بىلەن بىرگە ھەمسۆھبەتتە بولغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم» دېدى. مەن:

ــ سىز مېنى يالغاندىن ماختاۋاتمايدىغانسىز ھە؟ ــ دەپ چاقچاق قىلسام، ئۇ:

ــ مەن سىزنى مۇئاۋىن رەئىس بولغان چاغلىرىڭىزدىمۇ ماختاپ باقمىغان. ئەمدى ھېچقانداق ئەمەلىڭىز قالمىغاندا يالغاندىن ماختاپ نېمىمۇ قىلارمەن؟ سىزنىڭ ئەسەر يېزىشتىكى بۇ ئۇسلۇبىڭىزنى راستىنىلا خېلى ئادەملەر ياقتۇرىدۇ، ــ دېدى. كىشىلەرنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىلھام ـ مەدەتلىرى مېنىڭ يېزىقچىلىق قىزغىنلىقىمنى يەنىمۇ ئاشۇردى. بەزىلەر ھېكايەمنى كۆرۈپ كۆيۈنگەن ھالدا: يەنە ئازراق كۈچىگەن بولسىڭىز ياخشى پوۋېست بولاركەن دېسە، يەنە بەزىلەر بىر پوۋېستىمنى كۆرۈپ: ئەگەر بۇ پوۋېستقا مۇھەببەت ۋەقەلىكلىرى قوشۇلۇپ مەزمۇن دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيتىلسە رومان بولاركەن، دېيىشتى ۋە يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى، پېرسوناژ تاللاش، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىپ تۇردى. بۇ سەممىمىي مەسلىھەتلەر روھىمنى ئۇرغۇتۇپ، يېزىقچىلىق سەۋىيەمنىڭ ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدە ئىنتايىن ئۆرتكىلىك رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن «يازغۇچىلىق كېسىلى» گە گىرىپتار بولدۇم ـ دە،

www.uyghurkitap.com

كېچە ـ كۈندۈز يېزىق ئۈستىلىنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيدىغان بولۇپ قالدىم ھەم «ئۆزىگە يارىغان خانغا يارايتۇ» دېگەندەك ئەسىرىم تاكى ئۆزۈمگە يارىغۇچە قايتا ـ قايتا ئىشلەشكە ئادەتلەندىم. ھەتتا ئىككى ئەسىرىمنى مەتبۇئاتقا يوللاپ بولغاندىن كېيىنمۇ قايتۇرۇپ كېلىپ ئۆزگەرتكەن چاغلىرىم بار. «شۇڭقار» رومانىنى ئون نەچچە قېتىم ئۆزگەرتىپ، يەتتە قېتىم ئاققا كۆچۈردۈم. «ئەنسىز يىللاردىكى ئوغرى» رومانىنىمۇ كۆپ قېتىم ئۆزگەرتتىم. بۇنداق قىلىش ۋاقىت ھەم قەغەز ئىسراپچىلىقىدەك قىلغىنى بىلەن مەندەك «بازار قوغلاشمايدىغان» ھەۋەسكار ئۈچۈن ئىرادەمنى تاۋلاش، تەجرىبە ھاسىل قىلىپ، ئەدەبىيات ھەققىدىكى بىلىممنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينىدى.

ساۋاتىم چىقىش بىلەنلا كىتاب ئوقۇش كۆڭلىلىك تۇرمۇشىمدىكى ئەڭ مۇھىم بىر ئىشىم ئىدى. كېيىنچە گېزىت، ژۇرناللارنىمۇ ناھايىتى بېرىلىپ ئوقۇيدىغان بولدۇم. بۇ ئادىتىم تاكى ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلدى. ھەر كۈنلۈكى كۆپ بولغاندا بىرقانچە سائەت، ئاز بولغاندا بىرقانچە مىنۇت بولسىمۇ كىتاب ئوقۇيمەن. مەن ئۆزۈمدىكى كۆپ تەرەپلىمە بىلىملەرنى مۇشۇ يول بىلەن توپلىغانىدىم. مەن ياش، قىران چاغلىرىمدا شېئىردىن باشقا ژانىردا ئەسەر يېزىپ كۆرمىگەن بىلەن ئوقۇغان ئەدەبىي كىتابلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، جۇڭگو ياكى چەت ئەلنىڭ ئەدەبىي كىتابلىرىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغانلىكى كېتابنى سېتىۋېلىپ ئوقۇيتتىم. ياخشى يېزىلغانلىرىنى بولسا قايتا ـ قايتا كۆرۈپ خاتىرە قالدۇراتتىم. بولۇپمۇ رۇس يازغۇچىلىرىنىڭ نۇرغۇن كلاسسىك ئەسەرلىرىنى ئەڭ بۇرۇن كۆرگەن ئىدىم. جۇڭگونىڭ بىرقانچە كلاسسىك ئەسەرلىرىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇغانىدىم. «قىزىل رلۋاقتىكى چۈش»نىڭ ئۇيغۇرچىسىنى ھازىرغىچە يەتتە قېتىم ئوقۇپتىمەن. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇيغۇر يازغۇچىلارمۇ پوۋېست، رومانلارنى ئۆزلۈكسىز ئىجاد قىلىپ ئېلان قىلدۇردى. مەن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قالدۇرماي ئوقۇدۇم. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ سەۋىيىسى مەيلى قانداق بولسۇن، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولغاچقا ماڭا تولىمۇ يېقىن بىلىنىدۇ. بۇ يەردە مېنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئالىدىغىنىم شۇكى، «تارىم» ژۇرنىلى مېنىڭ يېزىقچىلىق سەۋىيەمنى ئۆستۈرۈشتە ئەڭ چوڭ دەرسخانا بولدى. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، بۇ ژۇرنال «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» نامىدا نەشر قىلىنغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە مەن ئۇنىڭغا ئىزچىل مۇشتەرى بولۇپ كەلدىم. ئۇنىڭدىكى ياخشى ئەسەرلەرنى قايتا ـ قايتا ئۆگەندىم. خاتىرە قالدۇردۇم. ئەگەر تۇرلۇك سەۋەبلەردىن ئۇنىڭ بىرەر سانى قولۇمغا تەگمەي قالسا، يا پوچتىخانىدىن سېتىۋالدىم ياكى «تارىم» ژۇرنىلىدىكى تونۇش مۇھەررىرلەردىن سوراپ ئېلىپ ئوقۇدۇم. نەتىجىدە ئەدەبىي ئۇسلۇب ۋە پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىش جەھەتتە يېڭى بىلىملەرگە ئىگە بولدۇم. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنغان «دۇنيا ئەدەبىياتى»، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر»، «بۇلاق»، «تەڭرىتاغ»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرناللىرىمۇ مېنىڭ ئىككىنچى دەرسخانام بولدى.

مېنىڭ بۇرۇن يېزىقچىلىقتا ھېچقانداق ئاساسىم يوق ئىدى، پەقەت پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنلا مۇشۇنداق ئەسەرلەرنى يازدىم دېسەممۇ ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. مەن ھېكايە يېزىشقا كىرىشكەندىن كېيىن ئۆزۈمنى دەڭسەپ كۆردۈم. بۇرۇن ھېكايە، پوۋېست،

ئەسلىمە، رومان يېزىپ باقمىغىنىم بىلەن ياش چاغلىرىمدىن باشلاپلا قەلبىمدە بىخ ئۇرۇپ، ئۇندۇرمە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئەدەبىيات ھېرىسمەنلىكى مەندە ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىپ كەپتىكەن. مەن 19 يېشىمدىن باشلاپلا جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلاملىرىغا ئارىلىشىشقا باشلىدىم. كۆرگەن، بىلگەنلىرىم كۈنسايىن كۆپەيدى. ئۆزۈمگە چوڭقۇر تەسىر قىلغان يۇمۇرىستىك ۋەقەلەردىن خىلمۇ خىل قىسقا ھېكايىلەرنى توقۇپ، تونۇش ـ بىلىش، بۇرادەرلىرىمگە سۆزلەپ بېرەتتىم. بۇنداق ۋەقەلەر بىرقانچە قېتىم سۆزلىگەندىن كېيىن قەلبىمگە ئورناپ قالاتتى. مەسىلەن: «ئەلگەككە چىقىپ ئەرگە تېگىش» دېگەن يۇمۇرىستىك ھېكايەمدە يېزىلغىنى 1956 ـ يىلى يۈز بېرىپ، ئېسىمدە ساقلىنىپ قالغان ۋەقەلىكتۇر.



مەن 1953 ـ يىلى شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلەۋاتقاندا ئۆلكىلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولدۇم. كېيىنكى يىلى دەسلەپ سايباغ رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاندىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلاندىم. 1955 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولدۇم. شۇ يىلى بىرىنچى ئۆكتەبىر كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن كەلگەن مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى يولداش دۇڭ بىۋۇ ۋەكىللەر ئىچىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى قوبۇل قىلدى.

1956 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىرىنچى قارارلىق رەئىسى يولداش سەيپىدىن ئەزىزى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ، جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلدى. مەن سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن شۇ چاغدا تونۇشتۇم. مەن قەشقەرگە بارىدىغان بولدۇم. شۇ قېتىملىق سەپەردە، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەتجان مەخسۇم، سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى تېيىپ ھاجىم، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئايىم ئەزىزى، كادىرى راھىلە زاكىروف، ليۇدلۇن كۆمۈركانىنىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىسى مۇھەممەد سىدىق ئاخۇن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى جاۋ ئەپەندى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە بولۇپتىمەن. بۇ مېنىڭ بىرىنچى قېتىم قەشقەرگە بېرىشىم ئىدى. بىز جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كەڭ يېزىلىرىدا بىر ئايدەك يۈرۈپ دېھقانلار تۇرمۇشىدىكى نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى كۆردۇق، ئاڭلىدۇق، بۇنداق تۇرمۇشنى زاۋۇتتا، ئىشچىلار ئارىسىدا كۆرۈشۈم، ئاڭلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھەممىسى ماڭا يېقىملىق بولۇپ تۇيۇلدى. مېنىڭ «ئەلگەككە چىقىپ ئەرگە تېگىش» دېگەن ھېكايەمدىكى ۋەقە ئەنە شۇ يېقىملىقلار ئىچىدىكى تاسادىپىي يۈز بەرگەن قىزىقارلىق تۇرمۇش كارتىنىلىرىنىڭ بىرسى ئىدى. بۇ ئىش شۇ چاغدا ماڭا ئىنتايىن قىزىق تۇيۇلدى. ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپلا دوست - بۇرادەرلىرىم ئىچىدە ھېكايە قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدىم. ئۇ خۇددى چۆچەكلەردەك ماڭا ياد بولۇپ كەتكەچكە، ئارىلىقتا قىرىق نەچچە يىل ئۆتسىمۇ، ئانچە قىينالمايلا ئۇنى ھېكايە قىلىپ يېزىپ چىقتىم. بۇ ۋەقە مۇنداق يۈز بەرگەن ئىدى: ئۆمىكىمىز ئەتە ئەتىگەندە توقۇزلۇق ناھىيىسىدىن قەشقەر شەھىرىگە قايتىمىز دەپ تۇرغان ئاخشىمى، ناھايىتى كېلىشكەن، چىرايلىق بىر چوكان ئۈرۈمچىدىكى ئاكىسىغا خەت، خالتا ئەۋەتىش ئۈچۈن بىزنىڭ ئايال باشلىقىمىزنى ئىزدەپ كېپتۇ. ئۇلار تونۇشىدىكەن. ئەمگەك نەمۇنىچىسى مەھەممەت سىدىق ئاخۇننىڭ خوتۇن - بالىسى بولمىغاچقا، مۇۋاپىق لايىق چىقسا ئۆيلەپ قويۇش توغرىسىدا ئۇنىڭ ئىدارىسىدىن تەكلىپ ئالغان ئايال باشلىقىمىز چوكانغا مەھەممەت سىدىق ئاخۇننى سايە قىلىپ، ماقۇل كۆرسە بۈگۈنلا توينى قىلىپ، ئەتە بىللە ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىكەن، چوكان ئەرنى كۆرمەيلا ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپتۇ، ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىچىدە مەن ھەممىدىن كىچىكى ئىدىم. ئايال باشلىق ھايال قالمايلا مېنى يۈگۈر - يېتىم ئىشلارغا بۇيرۇدى. بۇ جەرياندا مەن چوكاننى مەھەممەت سىدىق ئاخۇندىن بۇرۇن كۆرۈپ قالدىم - دە، ئەقلىمگە سىغدۇرالماي ئايال باشلىقىمىزغا:

—بۇ ئىش قاملىشارمۇ؟ پەرىزاتتەك بىر چوكان بۇ كېلەڭسىز ئادەمنى يارىتارمۇ؟ يېشىنىڭ پەرقىمۇ ناھايىتى چوڭدەك قىلىدۇ. بۇ چوكان خېلى ئوقۇغاندەك تۇرىدۇ. مەھەممەت سىدىق ئاخۇن بولسا بىر ساۋاتسىز ئادەم، — دېدىم ئەندىشە بىلەن.

—ئايال ماقۇل دېسە سىزگە نېمە قويۇپتۇ؟ تولا ئەزمىلىك قىلماي مەن دېگەن ئىشلارنى دەرھال بېجىرىڭ. مەھەممەت سىدىق ئاخۇن ئالىمەن دېگەن گەپنى قىلسىلا بولدى، — دېدى ئايال باشلىق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ.

مەن مەھەممەت سىدىق ئاخۇنغا ئۇ چوكاننىڭ ئادەم ئېيمەنگۈدەك چىرايلىق ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆز ئەندىشەمنى ئېيتىۋېدىم. ئۇ قورقتى. لېكىن ئايال باشلىق ئۇنىڭغا يول قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز بىر سائەتكىمۇ يەتمەيدىغان ۋاقىت ئىچىدە ھەممە تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ توينى قىلىۋەتتۇق - دە، چوكاننى ئەتىسى قەشقەرگە، ئاندىن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلدۇق. گەرچە مەن خېلى چاققىچە بۇ توينىڭ ئاقىۋىتىدىن گۇمانلىنىپ يۈرسەممۇ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشى ناھايىتى بەختلىك ئۆتكەن ئىدى. ئەپسۇس! ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن ئىلگىرى - كېيىن ئۆلۈپ كەتتى.

مەن بىزدىكى «كىشىگە مىڭ دوست ئازلىق قىلىدۇ. بىر دۈشمەن ئارتۇقلۇق قىلىدۇ» دېگەن گەپنى ناھايىتى دانالىق بىلەن ئېيتىلغان دەپ قارايمەن. چۈنكى كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەر قانداق ئادەم (پادىشاھمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) مېنىڭ باشقىلارغا ھاجىتىم چۈشمەيدۇ دەپ ئېيتالمايدۇ. بەلكى پۈتۈن ئۆمرىدە باشقىلاردىن ئايرىلالمايدۇ. ھەتتا كەسكىن زىددىيەتلەر ئىچىدە ياشىغانلارمۇ ھامان بىر - بىرىنى شەرت قىلىشىدۇ. مەسىلەن: سەن سەھنىدە تۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلىرىڭدا باشقىلارنىڭ راست - يالغان ماختاشلىرى، خۇشامەت

بىلەن ھېجىيىشلىرىنى كۆرگەن بولساڭ، كۈنلەردىن بىر كۈنى سەن سەھنىدىن چۈشكەندىن كېيىن، سەنمۇ باشقىلارغا شۇنداق قىلىشىڭ مۇمكىن. مانا بۇنى «بۈگۈن تاغ ئايلانسا ئەتە باغ ئايلىنىدۇ» دەيمىز. شۇڭا ئادەم چوڭ پرىنسىپ ئاستىدا ھەر خىل تىپ ـ خاراكتېردىكى كىشىلەر بىلەن ئەپ ئۆتۈش ياخشى ئەخلاق ـ پەزىلەتنى يېتىشتۈرۈشى كېرەك. كۆپ دوست تۇتۇش دېگەنلىك ھەرقانداق چاغ، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆزۈڭنى خەلق ئارىسىغا قوي دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ جەھەتتە مېنىڭ ئەمەلىي تەسىراتىم بار. مېنىڭ ھەر خىل سەۋىلەر تۆپىلىدىن ئەمەلىمدىن ئايرىلغان چاغلىرىم بولغان. لېكىن ئەمەل تۇتقاندا ئاممىدىن ئايرىلمىغاچقا ئەمەلىمدىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ ئاممىنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلمىدىم.

بۇ ساۋاق ۋە تەجرىبىنى بەزى دوستلىرىم مەندىن بۇرۇن يەكۈنلەپ: «سەن سەھنىدە تۇرغىنىڭدا خەلق تەرىپىدە تۇرغىنىڭ ئۈچۈن يىقىلغانىدىمۇ خەلقنىڭ قوينىغا چۈشتۈڭ، بىلگەن ئادەمگە خەلق دېگەن كەڭ دېڭىز. كادىرلار شۇ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن چوڭ كېمىدىكى يولۇچى، دېڭىز چايقالمىسا كېمە راۋان يۈرەلمەيدۇ. ئەگەر دېڭىزنىڭ غەزىپى تاشسا كېمە ئۆرۈلىدۇ. كېمە ئۈستىدىكى ئادەملەرمۇ ساق قالمايدۇ. شۇڭا دېڭىز بولغان خەلقنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرمەسلىك كېرەك» دېيىشتى.

مەن يۇقىرى ئۆرلىگەنىدە دەرىجە، مائاش، ئۆي، ماشىنا ۋە تۇرمۇشنىڭ باشقا تەرەپلىرىدە ھامان ئۆزۈمنى خەلق ئاممىسى قاتارىغا قويۇپ كەلدىم. ئۆزۈمنى يۇقىرىدىكىلەرگە ئەمەس تۆۋەندىكىلەرگە سېلىشتۇردۇم. چۈنكى، مەن ئۆزۈم ئاددىي ئىشچىلىقتىن كېلىپ چىققان ئادەم تۇرۇپ، تۇرمۇشتا قانائەت قىلماسلىقىقا نېمە ھەققىم بار دەپ ئويلايمەن. ئۇلۇغ داھىي ماۋ زېدۇڭنىڭ: «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى!» دېگەن بېغىشلىمىسى بىر جۈملە ئاددىي سۆزدەك بىلىنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ناھايىتى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. كۆپ سانلىق دۆلەت خىزمەتچىلىرى بۇ سۆزنى كۆڭلىگە ھەقىقىي پۈكۈپ، خەلق ئۈچۈن تىرىشىپ، تىرمىشىپ بىجانىدىل ئىشلەيدۇ. شۇڭا ئۇلار خەلقنىڭ ھۆرمەت، ئىززىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. لېكىن بەزى دۆلەت كادىرلىرىنىڭ كۆڭلىدە خەلق دېگەن ئۇقۇم يوق. ئۇلار ھەر كۈنى بۇ سۆزنى يۈز قېتىملاپ تەكرارلىسىمۇ ئويلايدىغىنى خەلق ئەمەس بەلكى ئۆزى، ئۆز مەنپەئەتى. ئۇلارنىڭ خەلق ئۈچۈن دېگىنى يۈزىدىكى بىر قەۋەت نىقابىدۇر خالاس.

دېمەك، ئەقىل بۇلىقىمنى ئېچىپ پىكرىمنى چوڭقۇرلاشتۇرىمەن، بىلىمىمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ تەپەككۇر قابىلىيىتىمنى ئۆستۈرىمەن دەيدىكەنمىز، ھەر قاتلام كىشىلىرى بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ، ئاممىا ئارىسىدىن دوست تۇتۇشىمىز، تۇرمۇشنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاينامىلىرىغا چۆكۈشىمىز، يازغۇچى ـ شائىرلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، زېرىكمەي ئۇلاردىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك. شۇندىلا بۇ كەڭ زېمىندىن ئادەتتە ئاسان ئۇچرىتالمايدىغان رەڭگارەڭ تۇرمۇش دېتاللىرىنى تاپالايمىز. مەكتەپلەردىن، گېزىت، ژۇرناللار، كىتابلاردىن ئالالمىغان بىلىملەرنى ئالالايمىز. بولۇپمۇ ماڭا ئوخشاش، تۇرۇپلا يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانماقچى بولۇپ قالغان ئادەم ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. ئەگەر مەن «شۇڭقار» رومانىدىكى توختى زىبوي، «ئەنسىز يىللاردىكى ئوغرى» رومانىدىكى ئوسماق ئوغرى بىلەن تونۇشۇپ دوستلاشمىغان بولسام، بۇنداق خاراكتېردىكى پېرسوناژلارنى ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئون يىل خىيال قىلىپمۇ يارىتالمىغان، ئۇلارنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى بۇنداق ياخشى يورۇتۇپ

بېرەلمىگەن بولاتتىم.

مەن ئەسەر يازغاندا باشتىن ـ ئاخىر كۆچۈرمىچىلىك قىلماسلىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ كەلدىم. مەن دەسلەپكى چاغلاردا ئەسەر يازغاندا تىل جەھەتتىن قىيىلىنىپ قالسام، بەزى چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان سۆز، جۈملىلەرنى، يېڭى ئاتالغۇ، تېرمىنلارنى ئەسىرىمگە زورلاپ كىرگۈزگەنىدىم. لېكىن ئەسىرىم ئەسلىي مەزمۇندىن چەتنەپ، قۇراشتۇرغان جۈملە، ئابزاسلىرىم بېشىغا قاما تۇماق، ئۇستىگە كاستۇم، ئاستىغا خالتا ئىشتان كىيىۋالغان ئادەمگە ئوخشاپ قالدى. يازغانلىرىم ئەسلىي ئۆزۈم ئويلىغاندەك راۋانمۇ چىقمىدى. بىر قانچە قېتىم مۇشۇنداق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن بۇ يولدىن ۋاز كەچتىم ـ دە، قەلىمىمنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپ «ئۆزۈم بىلگەن سەنەمگە دەسسىدىم». نەتىجىدە يازغانلىرىم تەبىئىي، جانلىق، راۋان چىقىشقا باشلىدى.

مەن ئاقىللارنىڭ: «ئادەم ئۆزىنىڭ ھايات سەپىرىدە كېيىنكىلەر ئەسلىگۈدەك بىرەر ئىز قالدۇرۇشى كېرەك» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بويىچە باسقان ھەر بىر قەدىمىمنى ئەسلەپ كۆردۈم. شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتىدا 20 يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، (مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان ئىككى يىل، قەشقەر يېزىلىرىدا تۆتنى ئېنىقلاشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە ھەرىكىتىگە قاتناشقان ئۈچ يىل، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ بېشىدا قەشقەردە بولغان بىر يىلمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئاپتونوم رايونلۇق ماشىنىسازلىق ئىدارىسىدە سەككىز يىل مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، پارتگۇرۇپپا شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى بولۇپ ئىشلىدىم. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدە ئون يىل مۇئاۋىن رەئىس بولدۇم. شىنجاڭ ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسىدا ئالتە يىل خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولدۇم. جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىدا ئۈچ يىل ماسلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولدۇم. مەملىكەت مىقياسىدا مەن بارمىغان شەھەرلەر قالمىدى. سانسىزلىغان كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتىم. ھەر مىللەتتىن بولغان دوست ـ بۇرادەرلەرمۇ ناھايىتى كۆپ. كەينىمگە قايرىلىپ بۇ ئۇزۇن تارىخنى ئەسلەپ كۆرگىنىمدە، مەلۇم نەتىجىلەرنى يارىتىپ، بەزى شان ـ شەرەپلەرگە ئىگە بولغانلىقىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا كۆپ نەرسىلەر ئۇنتۇلۇپتۇ. شۇڭا يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئەسلىمە، ھېكايە، پوۋېست، رومانلارنى يېزىپ ھاياتىمدىكى ئەڭ مەنىلىك ئۆتكەن مىنۇتلاردىن خاتىرە قالدۇردۇم.

مەن ھاياتىمدا بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىمنىڭ قايسىسى توغرا، قايسىسى خاتا، قىلغان ئىشلىرىمنىڭ قايسىسى ياخشى، قايسىسى يامان ئۆزۈم باھا بېرەلمەيمەن. ئۇنى پەقەت تارىخ تاسقاپ، خەلق ھۆكۈم چىقىرىدۇ. لېكىن يېزىپ قالدۇرغان بۇ ئەسەرلىرىم گەرچە نادىر ئەسەرلەر بولمىسىمۇ، پۈتۈن ئۆمۈر سەپىرىمدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىش ئىزلىرىم بولۇپ قالغۇسى.

*(ئاپتور ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 73 ـ قورۇدا)*

مۇھەررىر پاتىگۈل ئەخمەت





www.uyghurkitap.com

ئازاد رەھمتۇللا



# مېنىڭ قەلبىمدىكى ئابلىز نازىرى

(ئەسلىمە)

1994 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئاجايىپ قاباھەتلىك كۈن بولدى. شۇ كۈنى سەھەر سائەت 3تىن 15مىنۇت ئۆتكەندە پېشقەدەم شائىر، تونۇلغان يازغۇچى ۋە تۆھپىكار ئاخباراتچى مېنىڭ چوڭ دادام ئابلىز نازىرى ۋاپات بولدى. دەل شۇ كۈنى يەنە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاپتونوم رايونىمىزنىلا ئەمەس، پۈتۈن مەملىكەتنى ھەتتا دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان زور ۋەقە يۈز بەردى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن قاراماي شەھىرىدە 323 ئوقۇغۇچى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچى ئوت ئاپىتى بىلەن قازا قىلدى. شۇڭا بۇ قارا كۈن نۇرغۇنلارنىڭ ھېلىھەم ئېسىدە.

بۇ جاھاندا ئۆلمەيدىغان ئىنسان يوق، مەيلى ئۇ ئۆمۈر چولپىنى بولسىمۇ باشقىلاردىن سەل كېيىنرەك ئۆلىدۇ خالاس. لېكىن ئوخشىمايدىغان ئادەملەرنىڭ ئۆلۈمىنىڭ كىشىلەر ـ نىڭ قىممەت تارازىسىدىكى سالمىقى ئەسلا ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر ئۆلۈپ لەھەتكە كىرە ـ كىرمەيلا تىرىكلەرنىڭ ئارىسىدا نامى ـ نىشانى ئۆچۈپ تۈگەيدۇ. بەزىلەرنىڭ جىسمى كې ـ پەنلىنىپ كەتسىمۇ، ھەتتا جىسمى تۇپراققا ئايلىنىپ كەتسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ نام ـ ئۇلتۇزى ئۆچمەيدۇ. ئىز ـ تەسىرى يىتمەيدۇ، تۆھپە ـ ئەمگىكى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدۇ. بۇنداق ئۆلۈملەرگە ھازىدار ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىلا ئەمەس، پۈتكۈل جامائەت، پۈتۈن ئەل زار ـ زار يىغلايدۇ. خۇددى مەشھۇر پارس شائىرى ئابدۇراخمان جامى:

يادىڭدىدۇر سەن تۇغۇلغان ئان،
ھەممە كۈلگەندى، سەنلا يىغلىغان.
شۇنداق ياشىغىنكى كېتەر چېغىڭدا،
ھەممە يىغلاپ قالسۇن، سەن ماڭغىن خەندان.

دەپ تەسۋىرلىگەن شېئىرىي مەنزىرە رېئاللىقتا زاھىر بولىدۇ.

مانا مۇشۇنداق مەنزىرە 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى يەنە بىر قېتىم ئايان بولدى. ئۆزلىرىنىڭ سۆيۈملۈك شائىرى، مەشھۇر يازغۇچىسى ھەم تەشكىلاتچىسى، قەدىردانى مەرھۇم ئابلىز نازىرى بىلەن ۋىدالاشقان جامائەتنىڭ قايغۇسى تىل بىلەن ئىزھارلىغۇسىز ئىدى. بىز ئاشۇنداق ئېغىر مۇسىبەت ئىچىدە مەرھۇمنى يەرلىككە قويدۇق. مەن قەبرىگە توپىنى يۇلەپ بولغاندا بېشىمنى كۆتۈردۈم. پەقەت شۇ چاغدىلا قېلىن قار بىلەن قاپلانغان ئەتراپقا ھەيرانلىق ئىچىدە دىققەت قىلدىم. ئەمەلىيەتتە بىز بۈگۈن تاڭ سەھەردىن بېرى شىددەت بىلەن يېغىۋاتقان قاردا چوڭ دادىمىزنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەلگەن ئىدۇق. ئەتىگەندىن بېرى نۇرغۇن كىشىلەر شۇ كۈندىكى قارنىڭ گېپىنى قىلىشقان، يوللارنىڭ توسۇلۇپ، ماشىنىلارنىڭ ماڭالماي قېلىۋاتقانلىقىنى دېيىشكەن، بۇ گەپلەر مېنىڭ قۇلىقىمغا كىرگەن، لېكىن دىققىتىمنى بۆلمەپتىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئېغىر قايغۇدىن ياشلانغان كۆزۈمگە كۆرۈنمەپتىكەن. تېزغا كېلىدىغان قېلىن قارغا مانا ئەمدى دىققەت قىلدىم. قىش كىرگەندىن بويان قار بۇنداق قاتتىق ياغمىغان. ئەمەلىيەتتە ئۈرۈمچىدە بۇنداق قار ياغمىغىلى خېلى يىللار بولۇپ قالغانىدى.

ئەجەبا، كېچىدىن بېرى تۈرمەللەپ ـ تۈرمەللەپ تۆكۈلگەن قار بۈگۈنكى مۇشۇ قارا كۈننى دېرەكلىگەنمىدۇ؟ ياكى ئۇن گۈلنىڭ بىرى ئېچىلماي ۋاقىتسىز توزۇپ كەتكەن ئاشۇ ياش غۇنچىلارنىڭ ھەم بۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر قەلەم ساھىبىنىڭ ئاخىرەتلىك سەپىرىنى يەر ـ زېمىنگە ئاپئاق پاياندار سېلىپ ئۇزىتىپ قويۇشقا نىيەتلەنگەنمىدۇ؟

مەن ئاپئاق يوپۇق يېپىلغان كەڭ دالاغا، كۈمۈش رەڭ لىباس كىيىپ، ماتەم تۇسىگە كىرگەن ئېدىرلارغا زەن سالدىم. ئاق قار بىلەن قاپلانغان كەڭ زېمىننى بۇ قەدىردانىمىزنىڭ ئالەمچە كەڭ كۆڭلى ـ كۆكسىگە، ئۇنىڭ ئاق كۆڭلىگە تەقلىد قىلىپ ئويغا چۆكتۈم...

خەلققە ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئاشۇ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇ يىغىۋېلىش لاگېرىغا ئاپىرىلىپ دۇمبىسىگە، مەيدىسىگە «قارا گېزەندە» دېگەن يوغان خەتلەر يېزىلغان لاتا چاپلانغان ھالەتتە ئېغىر ئەمگەككە سېلىنىدى، تىنىمسىز كۈرەشلەرگە تارتىلدى، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن چىدىغۇسىز ئازابلاندى، ھاقارەتلەندى.

مەن چوڭ دادامنىڭ ئوغلى ئۆمەر بىلەن ئۇلار نازارەت ئاستىدا ئەمگەك قىلىۋاتقان لاگېرغا بېرىپ بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەنىدىم. بۇ خورلۇق تا ھازىرغىچە مېنىڭ خاتىرەمدىن يىتمەي كەلدى. لېكىن چوڭ دادام بولسا بۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى قايتا تىلغا ئالمىدى. ھەتتا ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغان، تۆھمەت چاپلاپ ئۇۋال قىلغان تونۇش ـ بىلىشلىرىنىڭمۇ يۈزىگە سالمىدى، بىرەر قېتىم تەگىپمۇ قويمىدى. ئويلاپ باقسام ئۇ مۇشۇ ئالاھىدە يىللارنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ھايات سەپىرىنى مۇشۇنداق رەھىمسىزلىك، كەڭ قورساقلىق بىلەن يېڭىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ كەچمىشلىرىنى بىلىدىغانلار ۋە ئۇنى چۈشىنىدىغانلار ئۇنىڭ «غەزەپ بىلەن ھومىيىمەن قەبىھ زالىملارغا، كالا بولۇپ باش

ئېگىمەن سەبىي بالىلارغا» (لۇشۈن ئەپەندىنىڭ شېئىرى مىسراسى) دېگەن مىزان بويىچە ياشاپ كەلگەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. كەڭ ئاۋامغا، خەلققە كالا بولۇپ باش ئېگىپ، ئۇلار ئۈچۈن ئۈن - تىنسىز ۋە ھارماي - تالماي ئىشلەش ئۇنىڭ پەزىلىتى، زومىگەرلەر، خەلقنىڭ بېشىغا مىنىۋېلىپ، ئۇلارنى ئات - ئېشەك ئورنىدا كۆرگەن زالىملار بىلەن كۆرەش قىلىش، قەتئىي مادارا قىلماسلىق ئۇنىڭ خىسلىتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتتە خەلقنىڭ ھال - دەردىنى ئۆزىنىڭ شېئىر - مىسرالىرىغا سىڭدۈرۈپ، ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرگەندى. دېمەك ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ بىر قولىدا قەلەم، بىر قولىدا ئەلەم تۇتقان پىداكار جەڭچىسى، ئوت يۈرەك شائىرى ئىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ئىجادىيەت ھاياتىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا ئۇنىڭ شېئىرلىرى، بولۇپمۇ ھېكايىلىرى ئەدەبىيات پېشۋالىرىدىن بولغان زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيوفلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاشۇ تارىخىي دەۋرىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلغانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ گەرچە ئىجادىيىتىنى ئۈزۈپ قويمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتى، مېھنەت - ئەجرى ئاخباراتچىلىق خىزمىتىگە، ئەدەبىيات قوشۇنىنىڭ تەشكىللەش، باشلامچىلىق قىلىشتەك ئىشلىرىغا سەرپ قىلىندى. ئۇ تېخىمۇ كۆپ يازالايتتى، يەنىمۇ ياخشى يازالايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ مول ئىجادىيەت تەجرىبىسى، كۈچلۈك قەلەم قۇۋۋىتى ۋە پۇختا تۇرمۇش جۇغلانمىسى بار ئىدى. لېكىن ئۇ تېخىمۇ كۆپ ئەدىبلەرنى ۋە ئاخباراتچىلارنى يېتىشتۈرۈپ، بۇ قوشۇننى زورايتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئىمكانىيەتلىرىدىن، ئىجادىيەت پۇرسەتلىرىدىن ۋاز كەچتى. بۇنى ئابلىز نازىرىدەك پىشقان شائىر ئۈچۈن، ئۇنىڭدەك ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىگە يېتىپ كەلگەن يازغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا قۇربان بېرىش دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. چۈنكى بايراقدار ئەدىبلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ئابلىز نازىرى ئۆز ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم بىر تاللاشقا دۇچ كەلگەندە باشقىلارنىڭ ئۆرلىشى ئۈچۈن شوتا بولۇشنى، باشقىلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ئۈچۈن تىرەك بولۇشنى تاللىۋالغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئالاھەزەل 40 يىللىق ھاياتى مانا مۇشۇنداق ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ «سەھنە ئارقىسىدا» ئۆتتى. ئۇ بۇ خىزمەتلەرنى سەمىمىيەت بىلەن ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئىشلىدى. شۇڭا ئاتاقلىق شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيوف «ئابلىز نازىرى تەھرىرلەرنىڭ پىرى» دەپ بىكار ئېيتمىغان. ئۇ مۇھىم ئەسەرلەرنى مۇزاكىرە قىلىش، ماۋجۇشى شېئىرلىرىنىڭ تەرجىمىسىنى بېكىتىشتەك ھالقىلىق ئىشلاردا «ئابلىزنى چاقىرىڭلار، بۇ ئىشلاردا ئابلىز بولمىسا بولمايدۇ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلاش كېرەك» دەپ كۆپ قېتىم ئېيتقان. بۇ سۆزلەر تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ ئاغزىدىن مۇنداقلا چىققان گەپ ئەمەس، بەلكى نەشرىيات، ئاخبارات ساھەسىنىڭ، ئەدەبىيات قوشۇنىنىڭ ئورتاق باھاسى ۋە ئىنكاسىدۇر. ئۇ ھەقىقەتەن كامالەتكە يەتكەن ئىقتىدارلىق مۇھەررىر ھەم

www.uyghurkitap.com

ئىنتايىن كۆيۈمچان ۋە ئەستايىدىل ئۇستاز ئىدى. ئۇنىڭ سەممىي، ئورۇنلۇق ئەمما بەزىدە
ئاچچىق تەنقىدلىرىنى ئاڭلىغان ژۇرنالىستلار، كۆيۈمچانلىق بىلەن يېتەكلىشىگە مۇ-
يەسسەر بولۇپ يول تېپىپ كەتكەن يازغۇچى - شائىرلار ئاز ئەمەس. مەن گەرچە يازغۇچى
ياكى شائىر بولمىساممۇ، ئەمما ئۇنىڭ يېتەكلىشىگە نائىل بولغانلارنىڭ بىرى مەن.
ئۇ مېنىڭ كىچىكىمدىن كىتابخۇمار ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ، كىتابنى قانداق ئوقۇشنى
ئۆگەتكەنىدى. ئۇنىڭ «ئەدەبىياتچى بولىمەن دېسەڭ، ئوقۇغانلىرىڭدىن خاتىرە قالدۇرۇپ
ماڭ. مۇھىم ۋەقەلىكنى، قەھرىمانلارنىڭ ئات - جۇننى، ياخشى سۆز - جۈملە ۋە پىكىرلى-
رىنى يېزىۋېلىش كېرەك. بۇلار كېيىن ئەسقاتىدۇ» دېگەن سۆزلىرى ھازىرغىچە يادىمدا تۇ-
رۇپتۇ. 1973 - يىلى بىر پارچە ھېكايە يازغانلىقىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىۋېدىم، ئۇ «سۆزلەپ با-
قە» دېدى. ئاڭلاپ بولۇپ «مەن ئوقۇپ كۆرۈپ باقاي، ماڭا ئەكىلىپ بەر» دەپ قالدى. گەپ
ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئورىگىنالنى ئاپىرىپ بەردىم. ئۇنىڭ بۇ ھېكايىنى
ئوقۇپ چىقىشىغا تازا ئىشەنچەم يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى ئاقفا كۆچۈرۈپ چىقى-
مىغان بولغاچقا خەتلىرىمنى ئوقۇيالماي قايتۇرۇپ بېرەرمىكىن دەپ ئويلىدىم.
بىر كۈنى بالىلىرىدىن مېنى چاقىرتىپتۇ. بارسام مېنى كۆرۈپلا ئۈستەل ئالدىغا كېلىپ
ئولتۇردى - دە، مېنىڭ ھېلىقى ھېكايەمنى ئالدى. قارىسام ئورىگىنال باشتىن - ئاياغ قىزىل
قەلەم بىلەن بويىلىپ كېتىپتۇ. ئۇ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئۆزگەرتىش لازىملىقىنى چۈ-
شەندۈرگىلى تۇردى. ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ئەنە شۇ ئۆزگەرتىش ئىشى بىلەن مەشغۇل
بولدۇق، بۇنىڭغا ھەيران بولدۇم، يەنە بىر تەرەپتىن كۈندۈزى ھارغىچە ئىشلەپ كەلگەن
ئادەمنىڭ شۇنچە كۆپ ۋاقتىنى ئالغىنىمدىن خىجىل بولدۇم. «تۈزىتىپ يەنە ئەپكەل، كۆ-
رۈپ باقاي» دېگەن بولسىمۇ، يەنە ئۇنى ئاۋارە قىلىشنى خوپ كۆرمەي، ھېكايىنى ئاپارمى-
دىم. كېيىن بۇ ئىشنى يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تونۇشۇمغا ئېيتىپ بەر-
سەم ئۇ «ئابلىز ئاكام ھەمىشە شۇنداق قىلىدۇ، ئۇنىڭغا كۆرۈشكە ئەسەر بەرسەڭ مەزمۇنى،
ماۋزۇسى، قۇرۇلمىسى، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلىرى، چېكىت - پەشلىرىگىچە ئىنچ-
چىكىلەپ كۆرۈپ ھەممە تەرەپتىن پىكىر بېرىدۇ، بىلىمى مول بولغاچقا پىكىرلىرى ئەت-
راپلىق ھەم قايىل قىلارلىق چىقىدۇ. ھەرگىز قولىنىڭ ئۇچىدا ئىش قىلمايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ
ھەر خىل ئەسەرلەر ھەققىدە بەرگەن يازما ۋە ئاغزاكى پىكىرلىرىنى يىغىپ توپلام قىلغىلى
بولغان بولسا، يازغۇچىلار ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق دەرسلىك بولغان بولاتتى» دېدى. مەر-
ھۇمنىڭ باشقىلارغا ياردىمىنى ئايىمىغانلىقى ۋە ئەستايىدىللىقى ھەققىدىكى بۇنداق گەپ-
لەرنى مەن يەنە كۆپ ئاڭلىدىم. بۇلار ئۇنى بىلگەن، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان ئەدىبلەرنىڭ
ئومۇمىيۈزلۈك تەسىراتى ئىدى.
ئۇنىڭ بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئۇزۇن يىل بىللە ئىشلىگەن خىزمەتدىشى، شائىر
مۇھەممەد شاۋۇدۇن ئەپەندى مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلىغان مەرسىيىسىدە ئۇنىڭ پۈتۈن
ھاياتىنى «كۆيۈپ تۈگىگەن شام» دەپ خۇلاسىلەپتۇ ۋە بۇ مىسرانى شېئىرنىڭ ماۋزۇسى

قىلىپتۇ. ئۇنى شامغا ئوخشىتىش مېنىڭچە، بۇ دۇنياغا گويا باشقىلار ئۈچۈن تۆرەلگەندەك ياشىغان ۋە ئىشلىگەن بۇ تۆھپىكارغا بېرىلگەن ئادىل ۋە دەل چۈشكەن باھا ھېسابلىنىدۇ. مەن ئىشىنىمەنكى، ئۇنىڭ ئۆزىنى پىلىك ھەم ماي قىلىپ كۆيۈپ باشقىلارنىڭ يولىنى يورۇتقان، دىلىنى نۇرلاندۇرغان، شوتا بولۇپ باشقىلارنى يۇقىرىغا ئۆرلەتكەن مىننەتسىز ئەمگەكلىرى خۇددى شۆھرەت تاجىسىنى كىيگەن مەشھۇرلىرىمىزنىڭ نەتىجىلىرىگە ئوخشاشلا قىممەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىك. چۈنكى سەھنىدە چاقنىغان چولپانلارنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ، ئۇسسۇلىنى كۆرۈپ ھۇزۇرلانغاندا ئۇلارنىڭ كەينىدە، سەھنىنىڭ كەينىدە ھەمدەمدە بولغان نۇرغۇن-نۇرغۇن نامسىز قەھرىمانلارنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇشقا بولمىغاندەك، يورۇقلۇققا چىققان بىر نادىر ئەسەرنىڭ نوقۇل بىر ئاپتورنىڭ قولىدىلا پۈتۈپ چىقمايدىغانلىقىنى بىلىش كېرەك. ئاخباراتچىلىقتىمۇ، نەشرىياتچىلىقتىمۇ ئوخشاشلا نۇرغۇن-نۇرغۇن ھالقىلار بار، ئوخشاشلا نۇرغۇن-نۇرغۇن نامسىز قەھرىمانلار بار. بۇلارنى، بۇلارنىڭ ئەمگىكىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئۆزىنىڭ باتۇرلىرىنى تونۇغىدەك كۆزى بار، جىنى ۋە ساختىسىنى، راست-يالغاننى تۇيغۇدەك يۈرىكى بار ئۇيغۇر خەلقى ئابلىز نازىرى ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەمگەك-تۆھپىلىرىنى قەدىرلەپ، پەزىلەتلىرىنى ئۇلۇغلاپ مۇناسىپ باھالار بەردى. ئەتراپلىق تەرىپلىدى. ھەتتا ئۇنىڭ ھايات چېغىدا ئۆزىگە تېگىشلىك شان-شەرەپلەردىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇپ، نام-مەنپەئەتلەرگە قول ئۇزاتماي، مۇكاپات-ئۇنۋانلارنى تەمە قىلماي، تونۇشتۇرۇش، تېلېۋىزورلاردا يۈز كۆرسىتىشلەردىن يىراق قېچىپ كەلگەنلىكلىرىنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشتى. بۇلار ھەقىقەتەنمۇ ئابلىز نازىرىنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىدىن ئىدى. ئۇ ھەممىشە مۇشۇنداق پۇرسەتلەرنى باشقىلارغا بېرەتتى. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ پۈتكۈل ئىجادىيەتنى يۈكسەلدۈرۈشنى كۆزلەيتتى. نام-مەنپەئەتكە كەلگەندە ئۆزىگىلا ئەمەس، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغىمۇ، بالىلىرىغىمۇ ئوخشاشلا قاتتىق تەلەپ قوياتتى.

1983-يىلى «كۆۋرۈك» ژۇرنىلى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تۇنجى قېتىم ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ئەدەبىي تەرجىمانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. ئۇ چاغلاردا مەن ئەدەبىي تەرجىمە بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتىم. بۇ مېنىڭ 30 دىن ئارتۇق ھېكايە، 6 7 پارچە پوۋېست، بىر رومان، خېلى كۆپ ماقالىلەرنى ھەم ئەدەبىيات كەسپىنىڭ دەرسلىكلىرىنى تەرجىمە قىلىپ بولغان چاغلىرىم ئىدى. تۆۋەندىن يىغىلغان بېلەتلەر ۋە باھالىغۇچىلارنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن مەنمۇ بىر مۇكاپات نامزاتى بولدۇم. كېيىن ئاڭلىشىمچە ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەھبىرى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن چوڭ دادام ئەڭ ئاخىرقى بېكىتىشتە مېنى قالدۇرۇۋېتىش توغرىسىدا پىكىر قىلىپ: «ئۇ تېخى ياش، بىزنىڭ يەنە نۇرغۇن پېشقەدەملىرىمىز بار. ئۇنىڭغا يەنە پۇرسەتلەر كېلىدۇ» دەپتۇ. باھالىغۇچىلار: «ئۆلچەم بىر بولسۇن، سىزنىڭ تۇغقىنىڭىز بولغىنى ئۈچۈنلا ياش، پۇرسەت

بار، دەپ قويۇپ قويساق بولماس. ھەتتا ئۇنىڭچىلىك نەتىجىسى يوق ياشلارنىمۇ باھالاۋا-
تىمىزغۇ، پېشقەدەملەرگە كەلسەك بىز پەقەت «كۆۋرۈك» ژۇرنىلىدا ئەسەر ئېلان قىلغانلار-
نىلا باھالاۋاتىمىز. سىز دەۋاتقان پېشقەدەملەرنىڭ ژۇرنالدا تەرجىمىسى بولمىسا ئۇلارنى
قانداق باھالايمىز» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ مەنمۇ مۇكاپاتلاندىم. لېكىن چوڭ دادام
چىڭ تۇرۇۋالغاچقا 2 ـ دەرىجىلىكتىن 3 ـ دەرىجىلىككە چۈشۈرۈلۈپتىمەن. بۇ ئىش مېنىڭ
كاللامدىن ئۆتمىدى. مەن كۆڭلۈمدە: سىزنىڭ تۇغقىنىڭىز بولغىنىم ئۈچۈنلا مۇشۇنداق
زىيان تارتسام بولامدۇ؟ ئۆزىڭىزغۇ جاپانى سېتىۋالسىز، ھالاۋەتنى كۆرگەندە ئارقىغا قا-
چىسىز. ئەمدى تۇغقانلىرىڭىزنىمۇ، بالىلىرىڭىزنىمۇ ئۆزىڭىزگە ئوخشاش بولۇڭلار
دېسىڭىز ھازىرقى شارائىتتا سەل مۈۋلىيق بولماسمىكىن، مەيلى ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ
ئوقۇشتا بولسۇن، ياكى ئىشقا ئورۇنلىشىشتا بولسۇن بالىلار ئۈچۈن يول مېڭىپ قويمى-
دىڭىز. ئىككىنچى ئوغلىڭىز ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ گېئولوگ ئەترىتىدە
ئىشلىگىلى ئون نەچچە يىل بولدى. چۆل ـ باياۋان، تاغلاردا ئىشلەپلا كەلدى. مەلۇم مەزگىل
دالادا ئىشلىگەندە يۆتكەپ قويىدىغان ئىمكانىيەتلىرىمۇ بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى
بىلەن تونۇشىدىكەنسىز، يىغىنلاردا ئۇچرىشىپ تۇرىدىكەنسىز، بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ
قويسىڭىز ئارتۇق كېتەمتى؟ يەنە بىر ئوغلىڭىز ئانچىكىم ماشىنا ھەيدەپ قويغانلىقى
ئۈچۈن شامالغا ئۇچراپ قېلىپ يىغىۋېلىشتا يېتىپ چىقتى. ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئارتۇق
كەتتى. سىز قاراپ تۇرۇپ ئارىلاشمىدىڭىز. بالىلىرىڭىزغۇ شۇنداق. ئەمدى مەن مۇكاپاتنى
ئۆزۈمنىڭ ئەمگىكىم بىلەن ھالال ئېلىۋالسام قوللاش تۈگۈل، قالدۇرۇۋېتىش توغرىلىق
خىزمەت ئىشلەپسىز، دەپ رەنجىدىم. چوڭ دادام بۇنى سەزدىمۇ قانداق بىر كۈنى بۇ گەپنى
ئۆزى تەشتى:

— سەن تەرجىمە بىلەن ئەمدى شۇغۇللاندىڭ، بىزدە 30 ـ 40 يىللىق پېشقەدەم ئەدەبىي
تەرجىمانلار بار. ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرى ئالدى بىلەن مۇكاپاتلىنىش كېرەك، — دېدى. مەن:

— بۇ قېتىم پەقەت «كۆۋرۈك» ژۇرنىلىنىلا ئاساس قىلغان تۇرسا، پۈتكۈل تەرجىمە
ئەدەبىياتىنى مۇكاپاتلاش بولغان بولسا ئۇ باشقا گەپ، — دېدىم. ئۇ ئۈنچىقمىدى. مەن
ئۇنىڭ رېئاللىق ئالدىدا ئامالسىز قالغىنى بىلەن كۆڭلىدە يەنىلا ئۆز پىكرىدە قالغانلىقىنى
بىلەتتىم. مانا ھازىر مەنمۇ رەھبەرلىك ئورنىدا مانا مۇشۇنداق ئىشلارغا دۇچ كېلىۋاتىمەن.
مەن نۇرغۇن قېتىم ئۇنىڭ پىكرىنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلدىم.

1993 ـ يىلى يازدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ
سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىشىپ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە
مەخسۇس يىغىن ئاچتى. بۇ بىر پېشقەدەم يازغۇچىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ئىجادىيىتىگە باھا بېرى-
لىدىغان ناھايىتى مۇھىم يىغىن بولۇپ، بۇ يىغىننىڭ ئېچىلىشى رايونىمىزدا كۈچلۈك تەسىر
قوزغىدى. چوڭ دادام ساقلىقى يار بەرمەي يىغىنغا بارالمىدى. كېيىن ئۇ مەندىن:

— ئاڭلىسام سىنى سۆزلىدى، ياخشى سۆزلىدى دەيدۇ، نېمىلەرنى دېدىڭ؟ — دەپ

سورىدى. مەن:

— ئۆز - ئۆزىنى تونۇيالايدىغان، پىشقان بىر مىللەت ئۆز باتۇرلىرىنى ئۇلۇغلاشنى بىلىدىكەن، ئاتاقلىق ئەدىبلىرىمىزنى ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرلا ئەمەس پۈتۈن ئەل ئۇلۇغلىشى كېرەك، دېدىم ۋە ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىنى سۆزلىدىم، — دەپ يىغىندىكى سۆزۈمنى قىسقىلا تونۇشتۇردۇم.

—رومانچىلىق ئىلگىرى بىزدە بەك ئاجىز بىر ھالقا ئىدى، يوقنىڭ ئارىسىدىلا ئىدى، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا قىيىنلىپ سۆزلەپ، — ئۆتكۈرلەر رومانچىلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىي قېلىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. ئۇيغۇرلارنىڭ رومانلىرى بار، دەپ ئوتتۇرىغا قويالغۇدەك ھەقىقىي رومانلارنى يازدى. تۆھپە مانا شۇ، ئۇلارنى خاتىرلەش كېرەك.

ئارىلىقتا ئۆزۈن ئۆتمەي ئەلقەم ئەختەم، ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىلەرنىڭ ئىجادىيەتلىرىگە بېغىشلانغان مۇھاكىمە تۈسىدىكى خاتىرلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، «تارىم» ژۇرنىلىدىكى رەھبەرلەر ئابلىز نازىرى ھەققىدىكى پائالىيەتنىمۇ كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈپتۇ. بۇ گەپلەرنى بالنىستىتا يېتىۋاتقان چوڭ دادام ئاڭلاپتۇ. بىر كۈنى دوختۇرخانىغا ئۇنى يوقلاپ بارسام ئۇ ئۆزى ئاڭلىغان گەپلەرنى دەپ بەردى. مەن:

—شۇنداق، بۇ گەپلەرنى مەنمۇ ئاڭلىدىم. ساقلىقىڭىز سەل ئوبدان بولسا، يىغىندا ئولتۇرالىغۇدەك بولسىڭىز پائالىيەت ئۆتكۈزىدىكەن، — دەپ ئاڭلىغانلىرىمنى ئېيتىپ بەردىم.

—ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق ئىجادىيەت نەتىجىسى ئالاھىدە چوڭ بولغانلارنى خاتىرلىسە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ خاتىرلىگۈدەك ئىشلىرى بار. مەن كېيىنكى ۋاقىتلاردا تازا يازالمىدىم. شۇڭا ئاۋارە بولماڭلار، دەپ قويىدۇم، — دېدى. مەن دەرھال ئېتىراز بىلدۈردۈم:

—سىزنىڭ يازغانلىرىڭىزمۇ ئاز ئەمەس، 40 - يىللاردا ھېكايە يازغانلاردىن يەنە قانچىسى بار، شۇ چاغلاردا مۇشۇنچىلىك ھېكايە يېزىش ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنىڭ ئاخباراتچىلىق، ئەدەبىيات قوشۇنىنى تەربىيىلەش، يېتەكلەشتە ئىشلىگەنلىرىڭىز ئازمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن مۇھىم، ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەر تۇرسا خاتىرلىسە نېمىشقا بولمىغۇدەك، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى مۇشۇنداق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ ياخشى قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور. چوڭ دادا، بۇ نۆۋەت ئۇلارنى يەنە توسۇماڭ، —دېدىم. ئۇ گەپ قىلماي كۆزىنى يۇمۇۋالدى، ئۇنىڭ جۇدەپ كەتكەن بەدىنىگە، تاتىراڭغۇ چىرايىغا، ئىششىپ كەتكەن پۇتلىرىغا قاراپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى.

تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوختۇرخانىسىدىن كېلىۋېتىپ ئاپتوبۇستا ئۇنىڭ بايىقى گەپ - سۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلگەن تۇرمۇش پرىنسىپلىرىغا، ھايات مىزانى، قىممەت قاراشلىرىغا باغلاپ ئويغا چۆكتۈم. . .

چوڭ دادا، ھەر قېتىم سىزنى گېزىت - ژۇرناللاردا تونۇشتۇرىمىز دېسە، بېشىڭىزغا تاغ يىقىلغاندەك بىئارام بولىسىز، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئەسەرلىرىڭىزنى يىغىپ توپلام

قىلىپ چىقىرايلى، دېسەڭمۇ كېيىن بىر نېمە دېيلى، دەپ تاشلاپ قويىسىز. بىر يازغۇچى ئۇچۇن ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ يورۇقلۇققا چىققىنىنى كۆرۈش چوڭ خۇشاللىق تۇرسا، ئەجەبا سىز مۇشۇنداق خۇشاللىقنى خالىمامسىز؟ بالىلىرىڭىزنىڭ، تۇغقانلىرىڭىزنىڭ ئىشلە-
رىلىمۇ پرىنسىپىلا تەكىتلەيسىز، سىزدەك دادىلار يەنە تېپىلارمۇ؟ ئەمەلىيەتتە سىز بالى-
لىرىڭىزنى بەك ياخشى كۆرىسىز، ئۇلار ئۇچۇن كۆيىسىز، سىزنىڭ مۇشۇنداق زىيادىيەت-
لەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا قانچىلىك قىيىنىلىدىغانلىقىڭىزنى ئائىلىڭىز، دوست - بۇرادەر-
لىرىڭىز توغرا چۈشىنەرمۇ؟ بۇ سوئاللارغا سىز بەلكىم ئۇلار ھازىرچە چۈشەنمىسە، كېيىن ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ قالار، لېكىن مەن ئۇلارنىڭ خاتا چۈشىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، مىزلىمنى ئۆزگەرتەلمەيمەن، مەن مانا مۇشۇنداق ئادەم، شامالغا قاراپ، خەققە قاراپ ئۆزۈمنى ئۆزگەرتەلمەيمەن، دەپ جاۋاب بېرىسىز، بۇنىسى تەبئىي، چۈنكى سىزنىڭ قەلبىڭىزدە ئۆ-
زىڭىزنىڭ بالىلىرىڭىز ۋە يېقىن - يورۇقلىرىڭىزلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئەل، پۈتۈن مىللەت بار. سىزنىڭ كۆڭۈل رىشتىڭىز ئۆز ئائىلىڭىزگىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئەلگە، پۈتۈن جەمئىيەتكە باغلانغان. سىز ئادەم بولۇشنى مۇشۇنداق چۈشىنىسىز، مۇشۇنداق ئادەم بولۇشقا تىرىشىسىز، بۇ سىزنىڭ چىن ئەقىدىڭىز، ئۆزگەرمەس مىزانىڭىز.

بۇ خىياللار ۋە خىياللاردىن تۇغۇلغان سوئاللار مېنىڭ چوڭ دادام ھەققىدىكى چۈ-
شەنچىلىرىمنى بىردىنلا قانائەتلەندۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ مەن تېخى ھازىرلا كۆرگەن، ئورۇقلاپ كىچىككىنە بولۇپ قالغان سىماسى كۆڭۈل ئېكرانىمدا زورىيىپ، يۇقىرىلاپ، يۈكسەك بىر پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ئۆز پەرزەنتلىرى ئۇچۇن پەرۋانە بولۇش — دادىلارنىڭ تەبىئىي بۇرچى. بۇ ئىنسانىي مۇھەببەتكە ئەل، ۋەتەن ۋە جەمئىيەتكە بولغان كۈچلۈك مەسئۇلىيەت-
چانلىقنى يۇغۇرۇۋېتەلەيدىغان روھىي كامالەت ۋە پەقەت چىن ئىنسانلارغىلا خاس بولغان پەزىلەت تېخى نۇرغۇنلىرىمىز، بەك كۆپلىرىمىز يېتەلمەيدىغان پەللىدۇر.

مەن شۇ تاپتا ئاپتوبۇستا كېتىۋېتىپ چوڭ دادام ئابلىز نازىرىنى ھەقىقىي تونۇغاندەك بولدۇم. ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنىمۇ پەقەت ئەمدى چۈشەنگەندەك بولدۇم.

مانا ھازىر چوڭ دادام كەتتى. ئۇ بىزگە ئۆلمەس ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. بۇ ئە-
سەرلەرنىڭ ئىچىدە ھايات ۋە ئادەم بولۇش ھەققىدە يازغان بىباھا ئەسىرىمۇ بار. بۇ ئەسەرنى بىز ئۇنىڭ توپلاملىرىدىن، يازمىلىرىدىن تاپالمايمىز. چۈنكى بۇنى بۇ قەدىردانىمىز بىز-
نىڭ ئەقلىمىزگە، قەلبىمىزگە تاپشۇرغان.

قەدىرلىك چوڭ دادا، سىز ئىشقىدا كۆيۈپ، مېھرىدە ئاققان خەلقىڭىز ۋە شۇ قاتاردا سىزنىڭ تۇغقانلىرىڭىز سىزنى سېغىنىدۇ. سىزنى مەڭگۇ ئەسلەيدۇ!

2004 - يىل 7 - ئۆكتەبىر

*(ئاپتور شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا)*

مۇھەررىر پاتىگۈل ئەخمەت



www.uyghurkitap.com






## III هافىز خارەزمى ۋە ئۇنىڭ دىۋانى

### هافىز خارەزمىنىڭ ھاياتى

تېمۇرىيلەر دەۋرى ئەدەبىياتىدا تالانتلىق شائىر ئەبدۇرەھىم هافىز ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە نادىرلىقى بىلەن شۇ دەۋر ئەدەبىيات مۇنبىرىگە جۇلا قوشقان يىرىك ئەدىبلەردىن بىرىدۇر. ئەبدۇرەھىم هافىزنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ۋە ھايات پائالىيىتى ھەققىدە ئېنىق ماتېرىياللار تېپىلغىنى يوق. «دىۋانى هافىز تۈركىي» دىكى مەزمۇنلاردىن قارىغاندا شائىر ئەبدۇرەھىم هافىز خارەزملىق بولۇپ، كېيىن شىراز شەھىرىدە ياشاپ شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئەبدۇرەھىم هافىزنىڭ خارەزمدىن شىرازغا كۆچكەن ۋاقتى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئىرانغا، جۈملىدىن شىراز شەھىرىگە يۈرۈش قىلغان ۋاقتىغا، ياكى بولمىسا سۇلتان ئىبراھىمنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى (1414 ـ 1435) گە توغرا كېلىدىغانلىقى تەخمىن قىلىنماقتا. ئەگەر ئەبدۇرەھىم هافىز 1414 ـ يىللىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە شىرازغا كەلگەن دېيىلگەندە، بۇ چاغدا خوجا هافىز شىرازىنىڭ ۋاپات بولغىنىغا 25 يىل بولغانىدى. ئەبدۇرەھىم هافىز شېئىرلىرىدا خارەزم، بۇخارا، سەمەرقەند، خوجەنت، خوتەن ۋە باشقا شەھەرلەرنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ شەھەرلەردە ياشىغان ۋە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى نامەلۇم. ئۇنىڭ دىۋانى سۇلتان ئىبراھىمنىڭ ۋاپاتى ئالدىدا تۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ سۇلتان ئىبراھىم ۋاپاتى (1435 ـ يىلى) غا بېغىشلىغان مەرسىيىسىنىڭ قولىيازمىغا سەل باشقىچىرەك قەغەز ۋە قەلەمدە قىستۇرۇلغانلىقى بۇنىڭدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئەبدۇرەھىم هافىز ئۆزىنىڭ سۇلتان ئىبراھىم زامانىدىكى غەزەلخان ئىكەنلىكىنى مۇنداق مىسرالار

ئارقىلىق ئىزاھلىغان:

گۈلىستان يۇزلى، ئەي ساقىي، سىنىڭ ھۆسنۈڭ ماڭا گۈلدۇر،
ئىچەيلى بادەنىكىم، دەۋرى ئىبراھىمى سۇلتاندۇر.
سەنا ۋە ھەمد ئايتادۇر، يارالتقان بىرۇبارىنغە،
ئۇشۇل سۇلتان زەمانىندە بۇ ھافىزكىم غەزەلخاندۇر.

شائىر يەنە ئۆزىنىڭ يۇرتى خارەزمدىن شىرازغا بارىدىغانلىقى ھەققىدە بىشارەت بېرىپ:

«ھافىز، سىنىڭ قەدرىڭنى گەر خارەزم ئەھلى بىلمەسە،
ئەزمى ئىراق ئەيلەپ رەۋان، ئاھەڭگى شىراز ئەتكەسەن.»
«كەچ بۇ خارەزمدىن راۋان ھافىز،
تىلەر ئېرسەڭ ئىراقۇ ھەم شىراز.»

دېگەن مىسرالارنى يازغان.

ۋەلايەتتۇ، كەرلەمەتتۇ كەرەم ئۆزىندىن ئىزدەيۇ،
بولۇپدۇر ھافىزى خارەزمى جانى بىرلە كىرمانى.

دېگەن مىسرالاردا شائىر ھافىز دېگەن تەخەللۇسى ئاخىرىغا خارەزمى دېگەن جاي ئىسمىدىن ئېلىنغان لەقەمنى ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىدىن بىشارەت بەرگەن.

«قالماغىل دەربەند خارەزم ئىچرە، ئەي ھافىز، مۇدام
سۆزلەرىڭ ئاۋازەسىدىن تولۇ چۈن تەبرىز ئېرۇر.»
«ھافىزغە نەۋا تەگمەسە خارەزمدە، ئاندىن
قىلغاي ئىدى ئاھەڭگى ھىجاز ئىلە سىفاھان»

دېگەن مىسرالاردا شائىر ئۆز يۇرتى خارەزم دىيارىنى تىلغا ئالغان. يۇقىرىقى بېيىتتا شائىر خارەزمدىكى ۋاقتىدىلا ئۆز سۆزلىرىنىڭ شۆھرىتى ھەتتا تەبرىزدىمۇ كەڭ تارقالغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. كېيىنكى بېيىتتە شائىرنىڭ خارەزمدە خاتىرجەم ھاياتقا ئېرىشەلمەي ھىجاز ۋە ئىسپاھان تەرەپكە بارماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن ئۇچۇر بېرىلگەن.

ھافىز خارەزمىنىڭ نېمە سەۋەب بىلەن خارەزمدىن شىرازغا بارغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. تەتقىقاتچىلار بۇنى ئەمىر تېمۇرنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئىرانغا قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىشىماقتا. شائىر كۆپلىگەن غەزەللىرىدە ئانا يۇرتى خارەزمنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنى چوڭقۇر ئېھتىرام بىلەن ياد ئەتكەن.

ئەبدۇرەھىم ھافىز دىۋانىنىڭ بىردىنبىر نۇسخىسى ھىندىستاننىڭ ھەيدەرئاباد شەھىرىدىكى سەلارجەڭ مۇزېيىدا «4298» دېگەن رەقەمدە ساقلانغان. دىۋاننىڭ بۇ ھەيدەر ئاباد

نۇسخىسىغا «دىۋانى ھافىز تۈركىي» دېگەن سەرلەۋھە قويۇلغان. ئۇنىڭ قوشۇمچە بېتىگە «دىۋانى ھافىز بەزمبانى تۈركىي» دەپ يېزىلغان. بۇ دىۋان مۇزېي خادىملىرىغا مەشھۇر پارس كلاسسىك شائىرى خوجا شەمسىددىن مۇھەممەد ھافىز شىرازى (1320 ـ 1389) شېئىرلىرىنىڭ تۈركىي تەرجىمىسى دېگەن خاتا چۈشەنچە بىلەن تونۇلۇپ كەلگەن. 1975 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۆزبېكىستان ئالىمى، فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى پروفېسسور ھەمىد سۇلايمانوف ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بۇ قولىيازمىنى تۈنجى قېتىم بايقاپ، تەشەككۈرگە لايىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئەبدۇرەھىم ھافىز دىۋانىنىڭ قاچان ۋە قانداق قىلىپ ئىرانىنىڭ شىراز شەھىرىدىن ھىندىستانىنىڭ ھەيدەرئاباد شەھىرىگە كېلىپ قالغانلىقى نامەلۇم، پروفېسسور ھەمىد سۇلايمانوف ئۇنى بابۇرىيلار دەۋرىگە ئېھتىماللاشتۇرغان. ھەمىد سۇلايمانوف ھافىز تەخەللۇسلۇق 156 كىشىنىڭ تەرجىمىھالىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئەبدۇرەھىم ھافىزنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت ھېچقانداق مەنبە ئۇچرىتالمىغان.

## ھافىز خارەزمىنىڭ دىۋانى

«دىۋانى ھافىز تۈركىي» چاغاتاي ئەدەبىياتىدا لىرىك شېئىرىيەت بويىچە ئەلىشىر ناۋائىنىڭ «خەزائىنۇل ـ مەئانى» دىۋانى ۋۇجۇدقا كېلىشتىن بۇرۇنقى ئەڭ زور يادىكارلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دىۋانغا جەمئىي 1052 غەزەل، 1 مۇخەممەس، 2 مۇستەھزاد، 4 تەركىببەند، 3 تەرجىئبەند، 33 قىتئە، 11 رۇبائىي كىرگۈزۈلگەن. پۈتكۈل دىۋان جەمئىي 18612 بېيىت (37264 مىسرا) شېئىردىن تەشكىل تاپقان.

شائىر ئەبدۇرەھىم ھافىز ئۆزىنى خوجا ھافىز شىرازى ئەنئەنىلىرى ۋە لىرىكا ماھارىتىنىڭ تۈركىي شېئىرىيەتتىكى ۋارىسى ھېسابلىغان. شۇڭا ئەبدۇرەھىم ھافىزنى چاغاتاي ئەدەبىياتىدا ھافىز شىرازى ئۇسلۇبىنى يارىتىشنى ئۆز ئالدىغا مەقسەت قىلغان لىرىك شائىر دېيىش مۇمكىن. بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

ھافىزنى كۆرۈڭ ئۇشبۇ زەمان تۈرك تىلىندە،
گەر كەچدى ئېسە فارسىيدا ئول ھافىزى شىراز.

ئەبدۇرەھىم ھافىز شېئىرلىرىنىڭ تېماتىكىسى ۋە ئۇسلۇبى رەڭدار ۋە خىلمۇخىل. ئۇنىڭ كۆپلىگەن قاراشلىرى بەھائىددىن نەخشىبەندى تەرىپىدىن ئىلگىرى سۈرۈلگەن قاراشلارغا، يەنى ئىشقى ھەقىقىي (ئىلاھىي ئىشق) گە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئىشقى مەجازى (ئىنسانىي ئىشق) باسقۇچىنى بېسىش توغرىسىدىكى پىكىر ئېقىمىغا ياندىشقان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بەخت ـ سائادىتى، ئەركىنلىكى ۋە رېئال ھايات لەززىتىنى سادda، راۋان، گۈزەل تىل بىلەن ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا سوپىزمنىڭ مەنسۇر ھەللاجى ۋە خوجا ھافىز شىرازى ئىدىيىلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىلغار فانتىزملىق پىكىر ئېقىمى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۆز ئىدىيىلىرىنى دادىل سۆز بىلەن ئاشكارىلىغانلىقى ئۈچۈن دارغا ئېسىلغان مەشھۇر مۇتەسەۋۋۇپ مەنسۇر ھەللاجى نامى ھافىز

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

خارەزمى غەزەللىرىدە كۆپ قېتىم ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنغان.

«ئەگەر مەنسۇر بولماقلىق تىلەر بولساڭ مۇھەببەتتە،
ھەمىشە ھافىزى شەبخىز يەڭلىغ زىندەدار ئىزدە.»
«بۇ دارى فانىدىنكىم كەچدىم بەقا يۈزىنە،
ھافىز ئۆزۈمنى ئول دەم مەنسۇرۋار كۆردۈم.»

ھايات گۈزەللىكلىرىگە تەلپۈنۈش، بۇ دۇنيانىڭ نازۇ نېمەتلىرى ۋە ھۇزۇر - ھالاۋەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش، ئۇنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش تەشەببۇسى ھافىز خارەزمى غەزەللىرىدە ئالغا سۈرۈلگەن مۇھىم مەزمۇنلاردىن بىرى. شائىرنىڭ گۈزەل باھار مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن بىر غەزىلىدە مۇنداق مىسرالار بار:

گۈلىستان خۇررەمۇ خۇش بولدى، ئەمدى بىر نىگار ئىزدە،
تۈزۈپ زەۋقۇ سەفا سازىن شەرابى خۇشگۇۋار ئىزدە.
سەرۋۇ سەھنى گۈلشەندە تۈزۈپ نەغمە سەرا ھەردەم،
ئۆزۈڭگە بۇلبۇلى خۇشگويلارنى دەستىيار ئىزدە.

بۇ مىسرالاردا شائىر گۈل پەسلى يېتىپ كەلگەنلىكىنى، گۈلىستاندا گۈللەرنىڭ ئېچىلغانلىقىنى، بۇنداق خۇش ھاۋالىق گۈزەل پەسىلدە بىر گۈزەلنى ھەمراھ قىلىپ، راھەت - پاراغەت سازىنى چېلىپ، ھۇزۇر - ھالاۋەت شارابىنى سۈمۈرۈشنى، گۈلشەندە بەزمە قۇرۇپ، خۇشناۋا بۇلبۇللارنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، ھايات پەيزىنى سۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان. بۇنىڭدىن شائىرنىڭ ئىنساننىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى بەخت - سائادىتى ۋە ھۇزۇر - ھالاۋىتىگىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بىلەن قارايدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن زور ئىلغار ئىدىيە بولۇپ، شۇ دەۋردە ئەۋج ئالغان زاھىدلىق، تەركىدۇنياچىلىق پىكىر ئېقىملىرىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدۇ. شائىر بۇ غەزەلنى داۋاملاشتۇرۇپ، قىلچە ئىككىلەنمەستىن يەنە مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

بۇ دەمدە خانەقەھ كۈنجى كۆرۈنۈر كۆزگە چۇن زىندان،
چىقىپ زىنداندىن، ئەي ئاشىق، چەمەندە لالەزار ئىزدە.

بۇ مىسرالاردا شائىر ئۆز ئىدىيىسىنى تېخىمۇ ئوچۇق بايان قىلىپ، گۈللەر ئېچىلغان پەسىلدە خانىقا ئىچىنىڭ زىنداندەك كۆرۈنىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن ۋە: «ئەي ئاشىق، بۇ زىنداندىن چىقىپ، چەمەندە لالىزارلارنى ئىزدە». دېگەن. شائىر ئۆزىنىڭ بۇ خىل تەشەببۇسىنىڭ ئىسلام ئېتىقادىغىمۇ خىلاپ ئەمەسلىكىنى، گۈل پەسلىدە تەبىئەتنى سەيلە قىلىپ، گۈزەللىكتىن ھۇزۇر ئالغاچ تەڭرىنىڭ يوقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن گۈزەل سەنئەت قۇدرەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ مۇلاھىزە قىلىشنىڭ خانىقادا ئولتۇرۇۋېلىپ ئىبادەتكە مەشغۇل بولغاندىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

بۇ مۇنچە يوق بولغاننى چۇ قىلدى سۇنىشي بارى بار،
بۇ قۇدرەتنى كۆرۈپ ھەق ھەزرەتىنلىن كارۇ بار ئىزدە.
بىھىشتۇ ھەۋزى كەۋسەر سۆزى بەسلۇرۇر، دەراز ئىرۇر،
چەمەننىڭ گەشتىنى ئەيلەپ، كەنارى جويبار ئىزدە.

بۇ مىسرالاردا شائىر يۇقىرىقى پىكىرنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ، باھار مەۋسۇمىدە بىھىشت ۋە ھەۋزى كەۋسەر توغرىسىدىكى ئۇزۇن گەپنى توختىتىپ، بۇ دۇنيادىكى بىھىشتنى چىمەنزار سەيلىسى ۋە ئېقىن بويلىرىدىن ئىزدەشنى تەكىتلىگەن. شائىر يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان: «بۇ ئالەمدە تەنگە جان بەخش ئەتكۈچى يېقىملىق شامالنى تاپالمىغان بولساڭ، تاپىدىغان چاغنى ئېيتىپ بېرەي، ئۇنى باھار ۋاقتىدا ئىزدە» دەپ خىتاب قىلغان:

نەسىمى جانفىشاننى ئالەم ئىچرە تاپمادىڭ ئېرسە،
تاپار ۋەقتىنى ئايتالىم، ئانى ۋەقتى بەھار ئىزدە.

ھافىز خارەزمى غەزەللىرىدىكى كىشىلىك ھاياتنى سۆيۈش، دۇنياۋى گۈزەللىككە تەلپۈنۈش، كىشىلەرنىڭ ھۆرلۈر - ھالاۋىتى ۋە بەختىيار تۇرمۇشىنى كۈيلەش، پاكىز، ھۆر، پاراۋان ۋە زوق - ساپالىق تۇرمۇشنى بەرپا قىلىشقا ئۈندەش قاتارلىق مەزمۇنلار ئەينى دەۋردىلا زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقىنى يوق. شائىرنىڭ رېئال ھاياتقا ئەھمىيەت بىلەن قاراشنى بۇندلاق كۈچلۈك تەشەببۇس قىلىشى ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئىلغار ۋە خەلقپەرۋەر كۆز قاراش بىلەن ياندىشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھافىز خارەزمى غەزەللىرىدە پاك ئىنسانىي مۇھەببەت ۋە بۇ جەرياندىكى ئىچكى تۇيغۇلارنى ئىپادىلەش يەنە بىر مۇھىم تېما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەشۇقنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكىنى پۈتۈن ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ تەسۋىرلەش شائىرنىڭ ئىنسانىي گۈزەللىك ۋە ھايات گۈزەللىكىنى كۈيلەشتىكى ۋە ئىنسانلارنى ئۆزئارا مېھىر - مۇھەببەتكە، كىشىلىك ھاياتنى سۆيۈشكە، ئۇنى قەدىرلەشكە چاقىرىشتىكى مۇھىم ۋاسىتىسى.

ئول رۇخى گۈل رەڭگىدىن ئالسە نىقاب،
زەررە سىفەت بولغاي ئېردى ئافتاب.

دېگەن مىسرالاردا شائىر مەشۇقنىڭ جامالىنى قۇياشتىن نەچچە ھەسسە گۈزەل ۋە نۇرلۇق ھالەتتە تەسۋۋۇر قىلغان.

سۇنبۇلى زۇلفى بىلە گۈل يۈزىدىن،
بولدى خىجالەتزەدە مۇشكۇ گۇلاب.

بۇ ئىككى مىسرادا مەشۇقنىڭ سۇمبۇل چېچى، گۈزەل چېھرىدىن ئىبارىسىڭ ۋە گۈل سۈيەنىڭ خىجالەتتە قالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

«بولدى يۈزۈڭدىن ئالەم مۇنەۋۋەر،
قەنى سىنىڭدەك رۇھى مۇسەۋۋەر.»
«باغ ئىچرە خىرام ئەيلەسە ئول قەد ئىلە قامەت،
پەيدا بولۇر ئول دەمدە تۈمەن تۇرلۇ قىيامەت.»

دېگەن مىسرالاردا شائىر مەشۇقنىڭ يۈزى ۋە قەددى - قامىتىنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن تەسۋىرلىگەن.

يۈزىن يۇۋغاندا سۇۋغە تۈشدى ئېرسە نۇرى دىيدارى
ئوشۇل خۇرشىدنىڭ شۇئىلەسىدىن ئابى رەۋان كۆيدى.

بۇ مىسرالاردا شائىر گۈزەل مەشۇقنىڭ ئېقىن بويىدا يۈزىنى يۇيۇۋاتقان كۆرۈنۈشىنى تەسۋىرلىگەن، مەشۇقنىڭ قۇياشتەك نۇرلۇق رۇخسارىنىڭ شولىسى سۇغا چۈشكىنىدە، ئۇنىڭ ھارارىتىدىن ئېقىن سۇغا ئوت كەتكەنلىكىنى يازغان.

ھافىز خارەزمىنىڭ غەزەللىرىدە يارنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالى، زىبا بويلىرى، يېقىملىق خۇلقى ۋە شېرىن سۆزلىرى يۇقىرى ھاياجان، ئاجايىپ ئوخشىتىش، مېتافورا ۋە يۈكسەك مۇبالىغىلەر بىلەن كامالەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ تەسۋىرلەنگەن ۋە تەرىپلەنگەن مىسرالار ناھايىتى نۇرغۇن. بۇ شائىر ئىدىيىسىدىكى ئىنسانىي كامالەت ۋە گۈزەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىكنى، پاك ۋە گۈزەل كىشىلىك ھاياتنى سۆيۈش ۋە ئۇنى قەدىرلەش خاھىشىنىڭ يارقىن ئىپادىلىرىدۇر.

گۈزەللىك ۋە پاكلىق ئىشق - مۇھەببەتنى پەيدا قىلغۇچى ۋە ئۇنى مەڭگۈ داۋلام ئەتتۈرگۈچى ئاشقى ئامىل. چىن ئىنسانىي ھېسسىيات ۋە ئوتلۇق ئىشتىياق ئىشق - مۇھەببەتنىڭ ئاشىقلاردا پەيدا قىلغان ئىچكى ئالامەتلىرىدۇر. ھافىز خارەزمى شېئىرلىرىدا يارنىڭ چەكسىز گۈزەللىكى بىلەن ئاشىق سۆيگۈسىنىڭ غايەت كۈچلۈك دولقۇنلىنىشى ئۆزئارا ماس ھالدا، دىئالېكتىك ئۇسۇلدا بايان قىلىنغان. گۈزەللىك، نەپىسلىك بىلەن ئىشق - مۇھەببەت بىر - بىرىگە زىچ باغلىنىشلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، بۇلاردىن تۇغۇلغان تۇرلۇك - تۈمەن ئەھۋاللار، تۇيغۇلار ناھايىتى نەپىسلىي، ئىنچىكە سۈرەتلەنگەن. ئىشق - مۇھەببەت شائىرنىڭ گۈزەللىكنى، ياخشىلىقنى ۋە رېئال ھاياتنى سۆيۈش، ئىنساننى ئۇلۇغلاش تەشەببۇسىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى سۈپىتىدە قىزغىن مەدھىيىلەنگەن. ھافىز خارەزمىنىڭ ئىشق - مۇھەببەتكە بولغان كۈچلۈك مايىللىقى ۋە ئۇنىڭغا بەرگەن يۇقىرى باھاسى ئۆز دەۋرى ئۈچۈن زور ئىلغارلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئىشقنىڭ سىررىنى زاھىر تىلى تەقرىز ئەتمەدى،
زەررە چۈن خۇرشىدنىڭ ھالىنى تەئبىر ئەتمەدى.

بۇ مىسرالاردا شائىر خۇددى زەررىچىلەر بىلەن قۇياشنىڭ ئەھۋالىنى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمىغىنىدەك، ئادەتتىكى تىل ئارقىلىق ئىشق سىرلىرىنى بايان قىلىپ بەرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

ئىشق ئالەمىنىڭ ئىچىندە ھاكىمى مۇتلۇق ئېرۇر،
ئىشق قىلغان ئىشنى چۇن ئۆزگەسى تەقدىر ئەتمەدى.

دېگەن مىسرالاردا بولسا ئىشقنىڭ ھاياتتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنى ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتى تەرىپلەنگەن. ئىشقنىڭ قىلغان ئىشىنى قىلىشقا ھېچ نەرسىنىڭ قادىر ئەمەسلىكى بايان قىلىنغان.

ئىشق يولىغە كىشىكىم باسدى سىدق ئىلە قەدەم،
جان ئىلە باش ئويىنادىيۇ مەكرۇ تەزۋىر ئەتمەدى.

بۇ مىسرالاردا ئىشق يولىغا سەمىمىيلىك، سادىقلىق بىلەن قەدەم بېسىلىدىغانلىقى، بۇ يولغا كىرگۈچىلەرنىڭ ئۆز بېشى ۋە جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ كىرىدىغانلىقى، ھىيلە-مىكىر ئىشلەتمەيدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

ئىشقنىڭ تەئسىرىدىن ھەر جانىدە باردۇر ھالەتى،
قانى بىر جانكىم ئاڭا بۇ ئىشق تەئسىر ئەتمەدى.
........
ئىشق بىرلە بولدى ئېرسە پىر ھافىز، نې ئەجەب،
قانى ئالەمدە جەۋلىكىم ئىشق ئانى پىر ئەتمەدى.

دېگەن مىسرالاردا بولسا ھاياتتىكى ھەر بىر جانلىقتا ئىشقنىڭ تەسىرىنىڭ بارلىقى، ئۆزىنىڭمۇ ئىشق بىلەن قېرىغانلىقى، ئالەمدىكى بارلىق ياشلارنىڭمۇ ئوخشاشلا ئىشق بىلەن ياشاپ قېرىيدىغانلىقى، بۇنىڭدىن ھېچكىمنىڭ خالىي ئەمەسلىكى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىشق ھاياتتىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەزمۇنغا ۋە كۈچلۈك دىئالېكتىكىلىققا ئىگە بىر تېما سۈپىتىدە بايان قىلىنغان.

ھافىز خارەزمى دىۋانىدىكى بىر تەرجىئبەندتە:

كىم ئېرۇر ئىشق مەقسەدى مەقسۇد،
تاپتى ئاندىن ۋۇجۇد ھەر مەۋجۇد.

دېگەن مىسرالار بەند (نەقرات) سۈپىتىدە كۆپ قېتىم تەكرارلانغان. بۇ مىسرالاردا: «ئىشق بارلىق مەقسەتلەرنىڭ مەقسىتى، دۇنيادىكى ھەر بىر مەۋجۇدات ئىشقتىن ۋۇجۇدقا كەلگەن» دېگەن پەلسەپىۋى قاراش ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

مۇھەببەتدۇر جەھاننىڭ ھاسىلى، بەس،
قىلار كۆرگىل ئانى ئالەمدە ھاسىل.

دېگەن مىسرالاردىمۇ شائىر ئىشق ـ مۇھەببەتنى بۇ جاھاننىڭ بىردىنبىر ھاسىلاتى دېگەن ۋە بۇ ئالەمدە مۇھەببەت ھاسىل قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. ھافىز خارەزمىنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەتكە بىلدۈرگەن بۇ قەدەر چوڭقۇر ھۆرمىتى ۋە ئۇنىڭغا بەرگەن يۈكسەك باھاسى چاغاتاي ئەدەبىياتىدا كېيىنكى دەۋردىكى مۇھەببەت لىرىكىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. شائىر ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ تۈرلۈك ـ تۈمەن خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى، مۇھەببەت ئەھلىنىڭ ھەر خىل لىرىك كەچۈرمىشلىرىنى ۋە روھىي ھالەتلىرىنى ئىنچىكە كۆزەتكەن، كونكرېت شەرھلىگەن. ئىشق ـ مۇھەببەت شاھمىتىنى دانالارنىڭلا ئوينىيالايدىغانلىقىنى، بۇ ئۇتۇش ۋە ياكى ئۇتتۇرۇشقا قارىماي ئوينىلىۋېرىدىغان ئويۇن ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

ئىشقنىڭ شەترەنجىنى دانالار ئوينادى، ۋەلې
ئۇتسا ئۇتسۇنلار سېنى، ئەي گولۇ نادان، ئويناغىل.

شائىر تەشەببۇس قىلغان سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ھاياتقا، گۈزەللىككە، پارلاق تۇرمۇشقا زىچ ئالاقىدار بولغان رېئال ئىشق بولۇپ، شائىر ئۇنى ۋەيرانىلەردە، خارابىلەردە ئەمەس، بەلكى گۈزەل باغۇ بوستانلاردا، سۈپسۈزۈك ئېقىن بويلىرىدا، يەنى قايناق ھايات قوينىدا يېتىلدۈرۈشنى تەكىتلىگەن.

......

ئىشق ئويناماق خۇش ئېرمەس، ھافىزا، ۋەيرانىدە،
باغۇ بوستانلارنى كەزگىل، جۇيجۇيان ئويناغىل.

دېگەن مىسرالاردا بۇ خىل ئىدىيە ئېنىق ئىپادىلەنگەن.

شائىر ئىشق ـ مۇھەببەتنى يوشۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئۇنى ھەرقانچە مەخپىي تۇتقان تەقدىردىمۇ خۇددى خوتەن ئىپارىنى يوشۇرسا پۇرىقى ئاشكارىلاپ قويغىنىدەك ھامان ئاشكارىلىنىپ قالىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنىڭغا ئوبيېكتىپ قاراش، توغرا مۇئامىلىدە بولۇش لازىملىقىنى ئۇقتۇرغان.

ئىشق پۇشىدە قالمادى، ھافىزا،
ئارى، بەلگۈردى بۇيى مۇشكى خوتەن.

شائىر ئىشق ـ مۇھەببەتنى ۋە بۇ يولدىكى مۇشكۈلاتلارنى گويا مىسنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرىدىغان كىمىيا ئىلمىگە ئوخشاش ئادەمنى كامالەتكە، روھىي يۈكسەكلىككە، پاكلىققا قاراپ يېتەكلەيدىغانلىقىنى، ھايات قانۇنىيەتلىرىنى ھېس قىلدۇرۇپ، كىشىلىك خاراكتېرنى پىشۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

يۈز ئالتۇن قىلدى ھافىز دەرد بىرلە،
مەگەر ئولدۇر مۇھەببەت كىمياسى.

ئىشق ــ مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن قارىغان شائىر مۇھەببەت ئەھلىنى چىن دىلىدىن ئۇلۇغلايدۇ، ئاشىقلارنى ئەزىز ۋە مۇكەررەم ھېسابلايدۇ. ئىشقسىز كىشىلەرنى كامىل ئىنسانلاردىن دەپ ھېسابلىمايدۇ. يۈرىكىدە ئىشق بار نامرات قەلەندەرنى ئىشقىي ھېسسىياتتىن مەھرۇم بولغان پادىشاھتىن ئەلا بىلىدۇ:

گەدايى مۇفلىسىكىم بولسە ئاشىق،
گەدا كۆرمە ئانىكىم، پادىشادۇر.

ئەگەر بولماسە ئاشىق شاھى ئالەم،
ئانى سەن شاھ بىلمەكىم، گەدادۇر.

شائىر ئىشق سىرلىرىنى ئۆز كۆڭلىدە مەردانە ھالدا ساقلاشنى، ئۇنى نامەردلەرگە ئاشكارىلىماسلىقنى تەكىتلىگەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئاشىقلارنىڭ سىرىنى ساقلاش مەردانىلىك، ئۇنى پاش قىلىش، ئۇلارنى خەلقئالەم ئالدىدا شەرمەندە قىلىش نامەردلىك دەپ قارىغان.

مەردانە ئىشق سىررىنى ساقلا كۆڭۈلدەكىم،
نامەردلەرنى مەھرەمى ئەسرار كۆرمەدىم.

ئىشق ــ مۇھەببەتنى ئىنسانلارنى ئۆزئارا مېھىر ــ مۇھەببەتكە، سەمىمىي دوستلۇققا ئۈندەيدىغان بىردىنبىر ئامىل دەپ قارىغان شائىر مۇھەببەت ئازابلىرىغا دۇچار بولغانلارغا ھەممە كىشىنىڭ دوستانە مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى، ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى، ئاشىقلارنىڭمۇ ئالەم ئەھلىگە دوستلۇق ۋە مۇھەببەت ھېسسىياتى بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان:

دەردۇ بەلايى ئىشق بىلە مەن يار بولغالى،
ئالەمنىڭ ئىچرە ھېچ مەن ئەغيار كۆرمەدىم.

ھافىز خارەزمى شېئىرلىرىدا ئوتلۇق مۇھەببەتنىڭ جاھاننى كۆيدۈرگۈچى كۈچلۈك ھارارىتى يۈكسەك ھاياجان بىلەن ئىزھار قىلىنغان. ئاشىقلارنىڭ ئاتەشتەك نەپەسلىرى، ئوتلۇق ئاھلىرى ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلەپ بېرىلگەن.

ئول دەمدەكىم مۇھەببەت ئوتى بىرلە جان يانار،
ئاھ ئەيلەسەم ئاھىم ئوتىدىن جەھان يانار.

................

ئول دەمكى يۈزىنى ساغىنىپ ئاھ چەكسەم،
بىشەكۇ شۇبھە مېھرۇ مەھى ئاسمان يانار.

................

گەر شۇئلەئى تۇشەر ئىسە بوستانغە يۈزىدىن،
ئول شۇئلە بىرلە جۈملە گۈلى بوستان يانار.

مانا بۇ مىسرالاردا شائىر: «مۇھەببەت ئوتى ئاشىقنىڭ جىنىنى كۆيدۈرىدۇ. ئاشىقنىڭ چەككەن ئوتلۇق ئاھلىرىنىڭ ئۇچقۇنى پۈتكۈل جاھاننى كۆيدۈرىدۇ، ھەتتا ئاسماندىكى ئاي ۋە قۇياشنىمۇ كۆيدۈرىدۇ. مەشۇقنىڭ نۇرلۇق يۈزلىرىنىڭ شولىسى بوستانغا چۈشۈپ قالىدىغان بولسا، بوستاندىكى پۈتكۈل گۈل - چېچەكلەر كۆيۈپ كېتىدۇ» دېيدۇ. سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ بۇنداق يۇقىرى ھارارىتى ھافىز خارەزمى شېئىرلىرىدا ئىزچىل ئىپادىلەنگەن بىر مۇھىم مەزمۇن ھېسابلىنىدۇ.

ھافىز خارەزمى شېئىرلىرىدا زور كۈچ بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يەنە بىر مۇھىم تېما ئاشىقلارنىڭ ئىشق دەردى ۋە جۇدالىق ئازابى، پىراق مۇشكۈلاتلىرىدۇر. شائىر مۇھەببەت ئەھلىنىڭ جىنىنى قاقشاتقۇچى ھىجران ئازابلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەلەملىك نالە - پەريادلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىشنى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلغان:

«ئاھكىم كۆز كۆرە تۇشدۇم مەن بۇ جانانىدىن جۇدا،
ئاندلىنكىم تۇشتى ئېرسە خەستە تەن جانىدىن جۇدا.»
«ۋىسالىن ئىزدەيۇ كۆيدى كۆڭۈل دەردۇ فىراقىندا،
مۇھەببەت ئوتىنە ئۆرتەندى جان ھەم ئىشتىياقىندا.»

شائىر پىراق ئوتىدا كۆيۈۋاتقان ئاشىقنىڭ ئېچىنىشلىق نالە - زارىنى ئاڭلىغان بارچە ئىنساننىڭ ھەتتا دىۋە - پەرىلەر، پەرىشتىلەرنىڭمۇ يىغا - زار قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

فىراقىڭدىن كۆيەرىمنى جەھاندا فاش ئەتسەم،
پەرىيۇ دىۋۇ مەلەك، بارچە ئىنسۇ جان يىغلار.

ئەمما ئاشىقنىڭ ھەممىنى تەسىرلەندۈرگەن ئېچىنىشلىق ئاھۇ زارى پەقەت بىرلا ئاشۇ مەشۇقىگە زادى تەسىر قىلمايدۇ:

«قىلۇر ئاھىم ئەسەر تاشغە ۋە لېكىن،
ساڭا قىلماس ئەسەر ئاھۇ فىغانىم.»

«مېنى بەندە قىلىپ، قىلماسسەن ئازاد،
قىلۇرمەن جەۋر ئېلىدىن دادۇ فەرياد.»

بۇ مىسرالاردا مەشۇقنىڭ ئۆز ئاشىقىغا قوللانغان رەھىمسىز مۇئامىلىسى، ئاشىقنىڭ جەبىر - كۈلپەت دەستىدىن چەككەن پىغانلىرى يارقىن ئىپادىلەنگەن.

ئۆزگە بىلەن بادە ئىچىپ، سەرخۇش بولۇپ، گەشت ئەيلەدىڭ،
چۇن يەتتى بىزگە دەۋر، ئۆزۈڭنى پارسا قىلدىڭ يانا.
ئەلىدىن ئۇزاقدىن بىر يولى ھافىز بارىپ جان تارتادۇر،
لۇتفۇڭ بىلەكىم ئۆزگەلەرگە مەرھەبا قىلدىڭ يانا. ......



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېگەن مىسرالاردا مەشۇقنىڭ باشقىلار بىلەن خۇشال ـ خۇرام مەي ئىچىپ سەيلە قىلىپ يۈرگەنلىكى، ئەمما ئۆز ئاشىقى بىلەن مەي ئىچىدىغان پەيت كەلگەندە تەقۋالاردەك بولۇۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىچىشنى رەت قىلغانلىقى، ئاشىق گەرچە ھەممە كىشىدىن بۇرۇن يار يولىدا جان تالىشىپ ياتقان بولسىمۇ، لېكىن مەشۇقنىڭ ئاشىققا ئەمەس، بەلكى باشقىلارغا ئىلتىپات كۆرسەتكەنلىكى بايان قىلىنغان. شائىر ئاشىقلارنىڭ ئۆلۈپ نام ـ نىشانلىرى قالمىغاندىن كېيىن ئاندىن مەشۇق ئالدىدا قەدرى ئۆتۈلىدۇ، دېگەن:

بىنىشان بولغاندا بىلگەي قەدرى ھالىمنى سەنەم،
كىم مېنى ئىزدەسەيۇ مەندىن غۇبارى تاپماسا.

گەرچە مەشۇق شۇ قەدەر رەھىمسىز، تاش يۈرەك، زالىم بولىسىمۇ، لېكىن ئاشىقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈسى، ساداقىتى ۋە پىداكارلىقى قىلچە سۇسلاشمايدۇ، بەلكى بارغانچە كۈچىيىپ بارىدۇ. ھافىز خارەزمى شېئىرلىرىدا بۇ خىل ساداقەت ئىزچىل ئىپادىلەنگەن:

«نىچە دۇشنام قىلسە ئول دىلدار،
تىنماغايمەن ئانىڭ دۇئاسىدىن.»

«جان ساڭا لايىق بولار بىلسە چىكەيىم مەن رەۋان،
ني قىلا بىلگەيمەن ئۇشبۇ جاننى مەن سەندىن ئاياپ.»

بۇ مىسرالاردا ئاشىقنىڭ سەمىمىي ساداقىتى ۋە پىداكارلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىسىنى تاپقان.

نېچەكىم ياقسە ئىشقىڭ ئوتى جاننى،
ئوشۇل ياقماقى جانغە خۇش ياقادۇر.

بۇ مىسرالاردا شائىر مەشۇقنىڭ سالغان ئازاب ـ كۈلپەتلىرى ئاشىق ئۈچۈن ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان.

ھافىز خارەزمى لىرىكىلىرىدا ئاشىق ـ مەشۇقلار ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشقىي ھالەتلەر يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

سۆزۈمنى ئۇنۇتۇرمەن يۈزىنى كۆرگەن ئارادە،
سۆز سۆزلەمەكە تاقەتى دىيدار كېرەكدۇر.

دېگەن مىسرالاردا ئىشق ـ مۇھەببەت جەريانىدا كۆپ يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللاردىن بىرى — مەشۇقنى كۆرگەندە ئاشىقنىڭ ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇش ۋە ئېيتماقچى بولغان سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىش ھالىتى بايان قىلىنغان.

ھافىز خارەزمى لىرىكىلىرىدا ھىجران ئازابلىرى بايان قىلىنىش بىلەن بىللە يەنە ۋىسال شادلىقى، مەشۇق بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ چەكسىز راھەت ـ پاراغەتلىرىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ ھاياتتىكى جۇدالىق بىلەن ۋىسال، خاپىلىق بىلەن خۇشاللىق، جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن راھەت ـ پاراغەتنىڭ ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدىكى كۆز قاراشنىڭ شائىر ئەسەرلىرىدىكى ئىپادىسىدۇر.

ماڭا جانان لەبىدىن جان يېتىشتى،
دىلى پۇر دەرد ئۈچۈن دەرمان يېتىشتى.

دېگەن مىسرالار بىلەن باشلىنىدىغان غەزەلدە شائىر مەشۇق ۋەسلىگە يەتكەن ئاشىقنىڭ چەكسىز شاد ـ خۇراملىق ۋە پاراغەتكە چۆمگەن پەيتلىرىنى تەسۋىرلىگەن.

شىكەستە بەستە كۆڭلۈم خەستە ئېردى،
ئىلاجىن قىلغالى لوقمان يېتىشتى.
قالىپتۇر ئېردى كۆڭلۈم تىيرەلىكدە،
كى ناگەھان مەھى تابان يېتىشتى.
چۇ يەئقۇبى ھەزىن بولغان ئارادە
مەلەكتەك يۇسۇفى كەنئان يېتىشتى.
كۆڭۈلدە خارى غەم ئورناپتۇر ئېردى،
كى لۇتف ئەيلەپ گۈلى خەندان يېتىشتى.

شائىر بۇ مىسرالاردا مەشۇقنىڭ ۋەسلىگە يەتكەن ئاشىقنىڭ قۇتلۇق دەملىرىنى گويا ئاغرىق ئۈستىگە لوقمان يېتىپ كەلگەندەك، يەئقۇپ ئەلەيھىسسالام ئۆز ئوغلى يۈسۈپنىڭ دىدارىنى قايتا كۆرگەندەك، قاراڭغۇدا قالغان كىشى تولۇن ئايغا ئۇلاشقاندەك، غەم تىكەنلىرى ئارىسىدا قالغان كۆڭۈل پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلگە ئېرىشكەندەك خۇشاللىق ھېسسىياتى بىلەن كۈيلىگەن. شائىر ياشىغان دەۋردە بۇنداق خۇشال ـ خۇراملىققا نىسبەتەن ھەر خىل چەكلىمىلەر كۆپ ئىدى، زامانىنىڭ زورلۇقلىقى، شۇم رەقىبلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقى ۋە ھۆرلۈك، ئەركىنلىك كۈشەندىلىرىنىڭ قارشىلىقى تۈپەيلىدىن بۇنداق خۇشال پەيتلەرگە ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېرىشىش ئۇمۇمەن مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئاشىق ـ مەشۇقلار كۆپىنچە مەخپىي ھالدا ئۇچرىشىپ، ۋىسال شادلىقىدىن يوشۇرۇن ھالدا بەھرىمەن بولۇشقا مەجبۇر ئىدى. شائىر تۆۋەندىكى مىسرالاردا بۇ خىل ھالەتنى ناھايىتى ئىخچام ۋە دەل جايىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

رەقىبى مۇددەئى قاشىدە زاھىر
يېتىشمەدى، ۋەلې پىنھان يېتىشتى.

شائىر دۈشمەننىڭ تاپا ـ تەنىسىدىن قىلچە غەم قىلمايدىغانلىقىنى، چۈنكى مەشۇق ئاشىقنىڭ ھۇجرىسىغا كەلسە، ھەسەتخور دۈشمەننىڭ ئاچچىق يۇتۇپ ئۆلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان:

كەلسە ماڭا نې قازغۇ بار ئەغيارنىڭ تەئنەسىدىن،
چۈن جان بېرۇر ئەغيار، گەر ئول يار كەلسە ھۇجراغە.

ھافىز خارەزمى لىرىكىلىرىدا ئۆز دەۋرىدىكى زۇلۇم ـ كۈلپەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلمىغان. زامانىنىڭ جەۋر ـ جاپالىرىغا بولغان نارازىلىق كەيپىياتى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۆز قانىمغە بولۇپمەن بۇ زەمانىدە تەشنە،
بادە بولماسە كېلىپ تىغ بىلەن خۇن كەلتۈر. . . .

دېگەن مىسرالاردا بۇ خىل غەزەپلىك ھېسسىيات ئوچۇق ئىپادىلەنگەن.

كۆپ جەۋرۇ جەفا قىلماسۇن ئول شاھى زەمانىكىم،
بۇ جەۋرى نىھانى كەلتۈرۈر بارى نادامەت.

دېگەن مىسرالاردا شائىر زامان شاھلىرىنى جەبىر ـ جاپا قىلىشنى تاشلاشقا دەۋەت قىلغان. بۇ جەۋر ـ جاپالارنىڭ ئاخىرى پۇشايمان ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن.

كۆڭۈلنى ياقماغىل جەۋرۇ جەفادىن،
قىلۇر چۇن شاھلار ئۆز مۈلكىن ئاباد.

دېگەن مىسرالار گەرچە مەشۇقىقە قارىتىپ ئېيتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ھۆكۈمرانلار ئۈچۈن ئۆزگىچە تېگىشلىك تەنبىھنى ھېس قىلىدۇ.

دەرددىن ئۆزگە ماڭا يوقتۇر جەھاندا ھەمدەمى،
چۇن بۇ رىشى دىلغە تاپمان ئالەم ئىچرە مەرھەمى.
دەردى ھالىنى تېمەككە جان بىكىن مەھرۇم كېرەك،
قايدادۇر، ئايتۇڭ، ماڭا جانتەك بۇ دەم بىر مەھرەمى.

دېگەن بېيىتلەردە شائىرنىڭ ئازابلىق ھېسسىياتى ۋە دەردلىك ھاياتى ئوچۇق بايان قىلىنغان. شائىر نېمە ئۈچۈن دەرد تارتىدۇ، نېمە ئۈچۈن ئازاب چېكىدۇ، نېمىشقا خۇشال بولالمايدۇ؟ چۈنكى شائىر ئۆز زامانىدىكى خەلقنى غەمسىز ۋە شاد ـ خۇرام ھالەتتە كۆرەلمىگەنىدى:

مۇشكىلكى شادمان بولا بىلسەم بۇ دۇنيادا،
خەلقى زەمان چۇ خۇررەمۇ بىغەم كۆرۈنمەدى.

شائىرنىڭ كۈچلۈك خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بۇ مىسرالاردا روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ھافىز خارەزمى شېئىرلىرىدا ئالغا سۈرۈلگەن يەنە بىر مۇھىم ئىدىيىۋى ھېسسىيات يۈكسەك دەربىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدۇر. شائىر ئۆز ئۆمرىنىڭ بىر قىسمىنى

ۋەتىنىدىن ئۇزاقتا مۇھاجىرلىقتا ئۆتكۈزگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئۆز يۇرتىنى سېغىنىش، ئۇنىڭغا تەلپۈنۈش ھېسسىياتىمۇ مۇئەييەن سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

«بۇلبۇلى نالان بىكىن فەرياد چەكسەم تاڭ دېگۈل،
چۈن مېنى قىلدى جەفاچىلار گۈلىستانىدىن جۇدا.»
..........
«خارى ھەسرەت كەتمەسە خەستە جىگەردىن ني ئەجەب،
چۈنكى بۇلبۇلتەك گۈلۈ گۈلزاردىن تۈشتۈم جۇدا.»
...........
«دىيارۇ ياردىن ئەسرۇ يىراق تۈشتۈم، لېك،
ھەزار شۈكركى، باردۇر تىلىمدە يار سۆزى.»

دېگەن مىسرالار بۇنىڭ ئېنىق مىساللىرى.

كۈچلۈك مىللىي ھېسسىيات ھافىز خارەزمى شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر روشەن ئالاھىدىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىرلاندا باشقا مىللەت خەلقلىرى ئارىسىدا ئۆمرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغان شائىر ئۆز لىرىكىلىرىدا ئۆز مىللىتىگە بولغان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئۆزلۈكسىز ئىزھار قىلىپ تۇرغان. شائىرنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت لىرىكىلىرىغا ئۇنىڭ مىللىي ھېسسىياتى، ئۆز خەلقىگە بولغان سەمىمىي مۇھەببىتى سىڭىپ كەتكەن:

«تۈركلەر ئاراسىدا دىلبەرلەر ئېرۇر شىرىن،
كىم ساڭا تەگتۈش ئەمەسدۇر قونغرات ئىلە قىيات.»

«يوقتۇرۇر ھېچ خەتا سەندە، ئايا تۈركىي خىتا،
ني تىلەسەڭ ئانى قىلغىلكى سەۋاب ئەيلەرسەن.»

«ھافىز كۆڭلىن ئاۋلاسۇن ئول تۈركى پەرىزاد،
چۈن ئاشىق ئىلە زاھىر ئولۇر ھۇسن كەمالى.»

«ئۇشول تۈركى خىتانى سەۋدى ھافىز،
بۇ سۆز يالغان ئەمەسدۇر، ئەسلى چىندۇر.»

بۇ مىسرالاردا شائىرنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە بولغان چىن مۇھەببىتى، تۈركىي گۈزەللەرگە بولغان قايناق سۆيگۈ ـ ھېسسىياتى، يۈكسەك مىللىي غۇرۇر ۋە ئېپتىخار تۇيغۇسى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ.

ھافىز خارەزمى پارس شېئىرىيىتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرىنى يۇقىرى ھۆرمەت بىلەن

تىلغا ئالغان، بولۇپمۇ بۈيۈك پارس شائىرى خوجا ھافىز شىرازىنى كۆپ قېتىم ئەسلەپ ئېلىپ، تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنى داۋام ئەتتۈرگەنلىكىنى ئېيتقان.

شىرازى تۈركلەرگە ئىلتۇك بۇ شېئىرنىكىم،
سۈردۇم بۇ تەۋر ئۇززە ھافىز بىكىن كەلامى.

ھافىز خارەزمى تۈركىي تىلنى قىزغىن سۆيگەن، بۇ تىلنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان بۈيۈك شائىردۇر. تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتتا، بولۇپمۇ لىرىك شېئىرىيەتتە ئۇنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى ناھايىتى مۇھىم. ھافىز خارەزمى ئۆز خەلقى ئۈچۈن تىنماي كۈرەش قىلىپ تۈركىي تىل ۋە ئەدەبىياتىنى يۈكسەلدۈرۈش، ئۇنى پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ خىرىسىغا تاقابىل تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ رىقابەتلىشەلەيدىغان سەۋىيىگە كۆتۈرۈشتە دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرگۈچىلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتە ئوينىغان رولى ۋە قازانغان ئۇتۇقلىرىدىن يۈكسەك غۇرۇر ۋە ئىپتىخار تۇيغۇسى ئىچىدە بېشارەت بەرگەن:

«تەڭ بولا ئالماس ئىدى ھافىز بىلە خارەزمدە
تۈركىي ئايتار ئىرلۈر بولسە بۇ دەمدە سەنجەرى»

«قازىپ گۈل يۈزى ئىشقىدا چۇ بۇلبۇلتەك رەۋان سايرار،
كۆرەرمەن ئۇشبۇ دەۋران ئىچرە ھافىزدەك غەزەلخان يوق.»

«ھال ئەھلى جەمئىدە ھالى سېنىڭ ئىشقىڭ بىلە،
تۈركىي ھافىز سۆزلىرىدە بار تۈرلۈك زەۋقۇ ھال.»

ھافىز خارەزمى شېئىرىيەتتە ئەركىن پىكىرنى ياقلىغۇچى، رېئال ھاياتنى، ئىنسانىنىڭ بەخت ــ سائادىتى، ئەركىنلىكى ۋە ئۇلۇغلىقىنى كۈيلىگۈچى، ئىنسانىي كامالەتنى تەشەببۇس قىلغۇچى ھۆر پىكىرلىك شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز دەۋرىدىكى روھانىيلار تەبىقىسىدىن مۇتلەق پەرقلىق قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا شائىر بىلەن ئەينى دەۋردىكى زاھىدلار ۋە باشقا دىنىي زاتلار ئارىسىدا كەسكىن ئىختىلاپ مەۋجۇت ئىدى. شائىرنىڭ غەزەللىرىدە بۇ خىل ئىختىلاپ ۋە زىددىيەتلەرمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتكەن:

«سەۋمەئە ئىچرەكى زاھىد دەير زەۋقىن نې بىلۇر،
زۇلفى زەنجىرىدىن ئانىڭ چۈنكى زەنجىر ئەتمەدى.»

«زاھىدلەرە مىھرابۇ مۇسەللاۋۇ مەساجىد،
مەيخارەلەرە خانەئى خەممار ئېرۇر ئىيد.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ مىسرالاردا زاھىدلار بىلەن ئاشىقلار ۋە مەيخورلار سېلىشتۇرۇلۇپ، ئىشق ئەھلى بىلەن مەيخانە ئەھلىگە ھېسداشلىق بىلدۈرۈلگەن. شائىر يەنە:

كىبرە كەمسەدۇر ماڭا كۆنجى سۇۋامئى،
چۈن ئاندىن خانەئى خەممار ياخشى،

دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئىبادەتخانىغا قارىغاندا مەيخانىغا بەكرەك مايىللىقىنى ئىزھار قىلغان.

زاھىدى ئەفسۇردەگە بادە قاچان بولسۇن ھەلال،
چۈن ئەمەسدۇر ئاشىقى ئاشۇفتەگە ئول مەي ھەرام.

شائىرنىڭ قارىشىچە مەي زاھىدلارغا ھارام بولغىنى بىلەن ئاشىقلارغا ھالال. يۇقىرىقى بېيىتتا بۇ خىل ئىدىيە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شائىر يەنە مۇنبەرگە تېپىپ، قاتتىق كايىپ ۋەز ئېيتقۇچى خام پىكىرلىك ۋائىزغىمۇ مەي ئىچۈرۈپ مەست قىلىپ، ئۇنىمۇ ئۆزىمىزگە رام قىلىۋالايلى، دېدۇ:

شوخلىق ئەيلەسە مۇنبەرنى تېپىپ ۋائىزى خام،
ئىچۈرۈپ ئەسرۇتەلىم ئانى تاقى رام ئېتەلىم.

شائىر يەنە ئۆزىنىڭ پىكرىگە قارشى چىققۇچى كۆرەلمەس دەۋاگەرلەر ھەققىدە توختىلىپ، ئۇلارنىڭ توغرا سۆزنى كۆرەلمەسلىكىدىن ئەجەبلەنمەيمەن، چۈنكى شەپەرەڭ قۇياشنى قانداقمۇ كۆرەلىسۇن، دېدۇ:

مۇددەئى ھېچ كۆرە بىلمەدى ھافىز سۆزىنى،
تاڭ ئەمەس، كۆرمەسە خۇرشىد يۈزىن خەففاس.

شائىر ئاشىقلارنى شىر ھېسابلىسا، زاھىدلارنى تۈلكىگە ئوخشىتىدۇ، تۈلكە شىر بىلەن قانداقمۇ تەڭ بولالىسۇن، دېدۇ:

ئاشىق بىلە تەڭ ئەيلەمە زاھىدنى دەم بەدەم،
چۈن شىر بىرلە بولمادى رۇباھ ھەرافەتى.

شائىر يەنە ئۆز زامانىدىكى ئىنسانلار ئارىسىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى، كىشىلەر ئارىسىدىكى ناكەس، نائەھلىلەرنى ئىنتايىن ئۆچ كۆرىدۇ. ئۇلارنى تىنىقى خىسلەتلىك كىشى بولسا، سۆيكۆچلەپ دەم سېلىپ، ئادەم قىلىۋالغىلى بولسا، دەپ ئارزۇ قىلىدۇ.

ئادەمىيلەر دەم بىلە ناكەسنى ئادەم قىلدىلار،
ئايتۇڭىز قايدادۇر ئۇشبۇ دەمدە ئول ئادەم دەمى.

شائىر ياخشىلارنى بۇلبۇلغا، يامان كىشىلەرنى گۈل يېنىدىكى تىكەنگە ئوخشىتىپ تەسۋىر قىلغان. بۇلبۇلنىڭ ئاھۇ ئەپغان چېكىشىگە تىكەن سەۋەبچى بولغانلىقىنى، ياخشىلارنىڭ ئالەمدە دەرد - ئەلەم تارتىشىغا يامانلار سەۋەبكار ئىكەنلىكىنى ئېنىق بايان قىلغان.

بۇمۇ مۇنچە ئاھۇ ئەفغانلارنى چەكمەگەي ئىدى بۇلبۇل،
چىمەننىڭ ئىچرە ئەگەر گۈل يانىندە بولماسە خار.

شائىر لىرىكىلىرى ئىچىدە تۈرلۈك ساھەلەرگە ئائىت ئۆزگىچە پەلسەپىۋى قاراشلار ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قاراشلىرى كۆپ ئەكس ئەتكەن.

نې تۇرفە رەقىبى تىلەسەم يار قاشىندە،
گۈل قەدرىنى چۇ بىلمەك ئۈچۈن خار كېرەكدۇر.
ھافىز تىلەر ئەغيارنى كۆرمەكلىك ئۈشاندىن،
كىم يارنى بىلمەك ئۈچۈن ئەغيار كېرەكدۇر.

دېگەن مىسرالاردا شائىر دۈشمەننىڭ دوست يېنىدا تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، چۈنكى گۈلنىڭ قەدرىنى بىلىش ئۈچۈن تىكەننىڭ لازىم بولىدىغانلىقىنى، دوست قەدرىنى بىلىش ئۈچۈن دۈشمەننىڭمۇ كېرەك بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شائىر بۇ ئارقىلىق دوست - دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى ھەم بىر - بىرىنى ئىستىسنا قىلىدىغان ھەم بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان دىئالېكتىك مۇناسىۋەتنى، يەنى قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى مۇناسىۋىتىنى ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

ھافىز خارەزمى دىۋانىدا يەنە شائىرنىڭ شېئىر ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مەنبەلەرمۇ ئۇچرايدۇ. بىر ئۆمۈر شېئىرىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋە بۇ ساھەدە ئاز بولمىغان ئۇتۇقلارنى قازانغان بۇ شائىرنىڭ شېئىر ھەققىدە نۇرغۇن نەزەرىيىۋى قاراشلىرى ۋە تەشەببۇسلىرىنىڭ بولۇشى ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋالدۇر. شائىر شېئىردا ھېكمەت گۆھەرلىرىنى يۇزەگە چىقىرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن تۇرمۇش قاينىمىغا چوڭقۇر چۆكۈش، ھايات دېڭىزىدىكى غەۋۋاس بولۇش لازىملىقىنى تەكىتلىگەن.

غەۋۋاس يەڭلىغ، بەھرى جەھان ئىچرە بولمايىن،
تاپمادى ھەر سەدەف گۆھەرى ئابدارى شېئىر.

بۇ غەزەلدە يەنە شېئىر ئوتى ۋە ئۇنىڭ نۇرى يېتىشمىگەن كىشىلەرنىڭ مەنىۋى جەھەتتە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالىدىغانلىقى ۋە جەھەننەمگە دۇچار بولىدىغانلىقى مۇنداق مىسرالار ئارقىلىق بايان قىلىنغان.

زۇلمەتنىڭ ئىچرە قالىسۇ بولدى جەھەننەمى،
ھەر جانغەكىم يېتىشمەدى بۇ نۇرى نارى شېئىر.

شائىر شېئىر شارابىنى ئىچىپ توپا ـ تۇپراق بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ يەنە ئۆزىنىڭ بېشىدا شېئىر خۇمارى ۋە سەۋداسىنىڭ ھامان يوقالمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئەزىز جانلىرىنىڭ چېھرىسىدە شېئىر توزانلىرىنىڭ ھامان مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، خۇدانىڭ شىرى بولۇش ئۈچۈن قولىدا شېئىر زۇلپىقارى (قىلىچ)نىڭ بارلىقىنى بايان قىلغان.

گەر شېئىرنىڭ شەرابىن ئىچىپ خاك بولسە مەن،
بولغاي جۇنۇن باشىدا بەلايى خۇمارى شېئىر.
مەن شېئىرنىڭ سىفاتىن ئول دەمدە نىتكەمەن،
كىم بولماسا بۇ چېھرەئى جاندا غۇبارى شېئىر.
شىرى خۇدايى قەنبەرى بولغالى جان بىلە،
ھافىز قولىندە بار تۇرۇر زۇلفىقارى شېئىر.

ھافىز خارەزمى تۈركىي تىلدا ئىجاد ئەتكۈچىلەر ئىچىدە ئەلىشىر ناۋائىدىن بۇرۇنقى ئەڭ مول ھوسۇللۇق لىرىك شائىر، ئۇنىڭ دىۋانى ئەلىشىر ناۋائى زامانىدىن بۇرۇن تۈزۈلگەن ئەڭ چوڭ لىرىك شېئىرلار توپلىمىدۇر. ھافىز خارەزمىنىڭ شېئىرلىرى سان جەھەتتىن كۆپ بولۇپلا قالماي بەلكى سۈپەت جەھەتتىمۇ يۇقىرى سەۋىيە يارىتقان نادىر مىراسلاردۇر. شائىرنىڭ تۈرلۈك ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىشتا ناھايىتى ماھىرلىقى، ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچە، تىلىنىڭ ئاممىباب، راۋان ۋە چۈشىنىشلىك بولۇشى، شېئىرىي پىكىرنىڭ روشەن، لىرىك ئوبرازلىرىنىڭ يارقىنلىقى، كۆپ خىل ۋەزىن تۈرلىرىنى جانلىق ئىشلەتكەنلىكى، خەلقنىڭ جانلىق تىلى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغانلىقى ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدە ھەقىقەتەن پىشقان سەنئەتكار ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ. بۇ ھەقتە شائىر ئۆزىگە ئىپتىخارلانغان ھالدا يۇقىرى باھا بەرگەن، تۈركىي شېئىرىيەتتە ھېچكىمنىڭ ئۆزىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى ئوچۇق ئېيتقان. دەرۋەقە ئۇنىڭ دىۋانىنى كۆرگىنىمىزدە ئەلىشىر ناۋائىدىن بۇرۇنقى تۈركىي شېئىرىيەتكە نىسبەتەن بۇنداق دېيىش ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتكە خېلى ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

ھافىز خارەزمى شېئىرلىرىنىڭ تىلىدا خاقانىيە دەۋرىدىكى تىل ئامىللىرىنىڭ، بولۇپمۇ خاقانىيە تىلىنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ يەنىلا خېلى دەرىجىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكى دىققەتكە سازاۋەردۇر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن چاغاتاي دەۋرىگە ئۆتۈۋاتقان دەۋردىكى ئۆتكۈنچى مەزگىلنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ھافىز خارەزمىنىڭ تىلىدا «ئادلق» بىلەن «ئاياق»، «ئادرىلماق» بىلەن «ئازرىلماق» ۋە «ئايرىلماق»، «ئەدغۇ» بىلەن «ئەزگۇ»، «قادغۇ» ۋە «قازغۇ» بىلەن «قايغۇ» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ھەم قەدىمكى فونېتىك شەكلى ھەم چاغاتاي تىلىغا خاس بولغان فونېتىك ئۆزگىرىش ياسىغان يېڭى شەكلى ئارىلاش قوللىنىلغان. بۇنىڭدىن بىز ھافىز خارەزمىنىڭ گەرچە چاغاتاي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە گۈللەنگەن دەۋرىگە مەنسۇپ شائىر بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تىل جەھەتتە بۇ ئۆتكۈنچى دەۋر ئالاھىدىلىكىنىڭ يەنىلا داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى، خاقانىيە تىلى دەۋرىدىن چاغاتاي تىلى

دەۋرگە ئۆتۈشىنىڭ يەنىلا داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز.

ھافىز خارەزمى شېئىرلىرىدا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي جانلىق تىل ماتېرىياللىرى ۋە ئېغىز ئەدەبىيات مىراسلىرى، كۈي - ئاھاڭغا دائىر مەزمۇنلارمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامدىن ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا مۇقاملىرىدىن بىر نەچچىسىنىڭ ناملىرى زىكىر قىلىنغان. كۆپلىگەن خەلق ئەپسانىلىرى، خەلق داستانلىرى ۋە خەلق رىۋايەتلىرىگە ئىشارەت قىلىنغان. نۇرغۇن خەلق ماقال - تەمسىللىرى نەقىل قىلىنغان. بۇ ماقال - تەمسىللەردىن بەزىلىرى ھازىرقى كۈندىمۇ خەلقىمىز ئىچىدە ئىستېمال قىلىنماقتا، مەسىلەن:

بۇ مەسەل مەشھۇر ئېرور كىم: «ئارزۇغە ئەيب يوق»،
دائىم ئول ياندىن قىلۇرمەن ۋەسلى جانان ئارزۇ.

دېگەن بېيىتتىكى «ئارزۇغا ئەيىب يوق» دېگەن ماقال ھازىرمۇ خەلقىمىز ئىچىدە شۇ پېتى قوللىنىلىۋاتىدۇ.

ھافىز خارەزمىنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى مەيلى ئەدىبىيلىك جەھەتتە بولسۇن ياكى بەدىئىيلىك جەھەتتە بولسۇن ۋە ياكى تەتقىقات جەھەتتىكى ئىلمىي قىممىتى جەھەتتە بولسۇن بىباھا خەزىنە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى ياخشى ئۆگىنىش، چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش، شائىرنىڭ ئىلغار ئىدىيىۋى تەشەببۇسلىرىغا ۋە مول بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزدىكى مۇھىم خىزمەتلەردىن بىرىدۇر. بۇ خىزمەتنىڭ ياخشى ئىشلىنىشى ئەدەبىي مىراسلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئاۋامنى جارى قىلدۇرۇپ، بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

*(ئاپتور شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا)*

**مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۈمە**

www.uyghurkitap.com



ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

# ئالتۇن كەش

(چۆچەك)

بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ زاماندا تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى مەلۇم بىر بوستانلىق مەھەللىدە تۇغلۇق ئىسىملىك بىر بالا بار ئىدى. ئۇ ھەر قايسى دەرسلەردە ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ تەنتەربىيە دەرسىگە بەك قىزىقاتتى. بولۇپمۇ تېز يۈگۈرۈش ۋە پۇتبولغا بەك ئامراق ئىدى. ئۇ بوش ۋاقىت تاپسىلا بالىلار بىلەن قوغلاشماق، پۇتبول، مۆكمۆكىلەك ۋە باشقا بالىلار ئويۇنلىرىنى ئوينايتتى. بىراق، ئۇنىڭ توپ تېپىدىغان تۈزۈكرەك ئايىغى يوق ئىدى. ھازىر ئۇ كىيىۋاتقان ئاياغمۇ ئۇنىڭغا ئاكىسىدىن قالغان بولۇپ، ئاياغنىڭ ئەسلىي رەڭگى ئۆچۈپ توپا رەڭگە كىرىپ قالغانىدى. ھەر ئىككى پاي ئايىغىنىڭ ئۇچى تېشىلىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ باشمالتاق پۇتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ باشمالتاقلىرىمۇ توپا رەڭدە ئىدى. مەكتەپتىكى بەزى ساۋاقداشلىرىنىڭ شۇنداق چىرايلىق ئايىغى بار ئىدى. بۇنى كۆرگەن تۇغلۇقنىڭ نېمىشقىكىن ئىچىگە ئوت كەتكەندەك بولۇپ ئولتۇرالماي قالاتتى. شۇڭا ئۇ توپ ئوينىغاندا، يۈگۈرگەندە كىيىدىغان چىرايلىق ئايىغى بولۇشىنى كېچە-كۈندۈز ئارزۇ قىلاتتى. ھازىرقى ئايىغى بىلەن توپ تەپسە ئايىغىدىن چىقىپ تۇرغان باشمالتىقى ئاغرىپ كېتەتتى. بەزىدە باشمالتىقى پەشۋا يەپ، تىرناقلىرى قاناپ كېتەتتى.

ھەي، قانداق قىلسام ئوبدان بىر ئاياغقا ئىگە بولارمەن، بۇلتۇر ئۆزۈم پۇل تېپىپ ئاياغ ئالاي دەپ، ئەتىسى-ئاخشىمى، يەكشەنبە كۈنلىرى باشقىلارنىڭ كېۋەزلىكىدە پاختا تېرىپ، چۈچۈكبويا يىلتىزىنى كولاپ سېتىپ بىر ئاياغ ئالغۇدەك پۇل قىلسام ئاپام

ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاچقا، پۇلۇمنىڭ ھەممىسىنى دادامغا بەردىم. ئەمدى يەنە قارا سۇ بويىغا بېرىپ چۇچۇكبويا يىلتىزى كولاپ ساتسام بولغۇدەك. بۇ يىل چۇچۇكبويا يىلتىزىنىڭ باھاسى ئۆسۈپتۇ دەيدۇ، شۇنداق خىياللارنى قىلغان تۇغلۇق مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا كەتمەن، گۈرجەكنى ئېلىپ قارا سۇ بويىغا چۇچۇكبويا يىلتىزىنى كولاشقا ماڭماقچى بولدى. ئەمدى ئۇنى مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ توپ ئويناشلىرىمۇ جەلپ قىلالمىدى.

قارا سۇ تۇغلۇقلارنىڭ مەھەللىسىدىن خېلى يىراق بولۇپ، بۇلاق، يارداڭلىقلار تەبىئىي شەكىللەنگەن ئېقىن ئىدى. ئاشۇ قارا سۇنىڭ ئەتراپىدا چۇچۇكبويا ناھايىتى كۆپ ئىدى. يېقىندىن بېرى كىشىلەر بۇ يەرنى كولاپ قارىغۇسىز قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، چۇچۇكبويا يىلتىزىنى يەنىلا تاپقىلى بولاتتى.

تۇغلۇق ئاران كۆتۈرگۈدەك چۇچۇكبويا يىلتىزىنى كولاپ بولۇپ، تەرلىرىنى ئېرتىۋېتىپ، ئارام ئېلىپ ئولتۇردى. شۇ چاغدا غەلىتە بىر ئىش يۈز بەردى. تۇغلۇقنىڭ ئالدىدىكى بولۇق ئۆسكەن چۇچۇكبويا ئارىسىدا شۇنداق چىرايلىق بىر جۈپ ئاياغ نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئاياغنىڭ شەكلى پۇتبول ماھىرلىرى كىيىدىغان ئاياغنىڭ شەكلى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى. چوڭ ـ كىچىكلىكى تۇغلۇقنىڭ ئايىغى بىلەن بىلەن تەپمۇ تەڭ ئىدى. ئاياغتىن ئاقۇچ، سېرىق، يېشىل نۇرلار چاقناپ تۇراتتى. تۇغلۇق كۆزلىرىگە ئىشەنمەي كۆزلىرىنى نەچچە قېتىم ئۇۋۇلاپ، نەچچە قېتىم يۇمۇپ ئاچتى. چۈشۈم بولۇپ قالمىسۇن دەپ يۈزلىرىنى چىمداپ، شاپىلاقلاپ باقتى. بىراق، ھېلىقى ئاياغ تېخىمۇ نۇرلىنىپ تۇراتتى. ئالدىدا تۇرغان ئاياغنىڭ راستلىقىغا ئىشەنگەن تۇغلۇق خۇشاللىقىدىن ھاياجىنىنى باسالماي ئاياغقا قولىنى ئۇزىتىشىغا ئاياغ تۇيۇقسىزلا مىدىرلاپ كەتتى. بۇ تۇغلۇقنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى. ئۇ، بىرەرى مېنى ئەخمەق قىلىۋاتقان بولمىسۇن، دەپ ئويلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى. سەل نېرىراقتا قوي بېقىۋاتقان بىر نەچچە بالىدىن باشقا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. تۇغلۇق ئېڭىشىپ ئاياغنى ئالماقچى بولغاندا ئۇنىڭدىن ياڭراق سادا چىقتى.

— تۇغلۇق، مەن بۇگۈندىن باشلاپ سېنىڭ بولىمەن. بىراق، مېنىڭ بىر نەچچە تەلىپىم بار، قوشۇلامسەن؟

بۇ ئاۋازنىڭ قاياقتىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگەن تۇغلۇق قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەندەك قۇلاقلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ ئاۋازغا قۇلاق سالدى.

— قوشۇلامسەن، قوشۇلمامسەن دەۋاتىمەن؟

سۆزلەۋاتقاننىڭ راستلا ئاياغ ئىكەنلىكىنى بىلگەن تۇغلۇق جاۋاب بەردى:

— قوشۇلىمەن، قوشۇلىمەن. بىرلق، سەن ئاياغ تۇرۇپ قاندلق سۆزلىيەلەيسەن؟

— ئالدى بىلەن سوئالىمغا جاۋاب بەر.

— ماقۇل، ماقۇل، — خۇشلۇقىدا ھاياجىنىنى باسالماي قالغان تۇغلۇق «ماقۇل» دېگەن گەپنى نەچچە قېتىم تەكرارلىۋەتتى.

— ئۇنداق بولسا بۇنىڭدىن كېيىن چۇچۇكبويا يىلتىزىنى كولىمايسەن.

— نېمىشقا؟

— سەن ئازراق پۇلنى دەپ چۇچۇكبويا يىلتىزىنى كولىساڭ، قارا سۇ بويىدىكى بۇ گۈزەل مەنزىرىلەر كۆپ ئۆتمەي نابۇت بولىدۇ. ئۇ چاغدا كېپىنەك، يىڭناغۇچ، ھەسەل ھەرىلىرى نەدە ياشايدۇ.

— ماقۇل، ماقۇل، مەن بۇنى

ئويلىماپتىمەن. مەنمۇ ئاياغ ئالاي دەپ شۇنداق قىلغانتىم. ئەمدى ئايىغىم بار بولغانىكەن ھەرگىز كولىمايمەن.

— ساڭا رەھمەت!!

— ساڭا رەھمەت!!

شۇ چاغدا تۇغلۇقنىڭ ئالدىغا كەلگەن ھەسەل ھەرىسى، يىڭناغۇچ، كېپىنەكلەر چۈچۈك ئاۋازى بىلەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى. بۇنى كۆرگەن تۇغلۇق تېخىمۇ ھەيران بولدى.

— مېنىڭ ئىسمىم ئالتۇن كەش، ئەگەر سەن مېنى كىيسەڭ ھەرقانداق ئادەمدىن تېز يۈگۈرەلەيدىغان، تېپكەن توپۇڭ ۋارىتاغا كىرىدىغان بولىدۇ.



ئۇ ئالتۇن كەشنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغان چېغىدا پۇتىدىكى كونا ئايىغى غايىب بولۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئالتۇن كەش كىيىلىپ قالدى. قىن - قىنىغا پاتمىغان تۇغلۇق ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى. ئۇ قانات چىقىرىپ ئۇچقاندەك قارا سۇ بويىدىن بىردەملا ئۆيىگە كېلىپ قالدى. ئاتا - ئانىسىغا «چۈچۈكبويا يىلتىزىنى سېتىپ ئاياغ ئالدىم» دەپ يالغان ئېيتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن تۇغلۇق مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن ھەرقانداق يۈگۈرۈش مۇسابىقىلىرىدە بىرىنچىلىكنى ئالدى. ئۇ تەپكەن ھەرقانداق توپ ۋارىتاغا كىرمەي قالمىدى. ئۇنىڭغا شان - شەرەپلەر يېغىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كارامىتىدىن يېقىن - يىراقتىكى ھەممە ئادەم خەۋەر تاپتى. مەكتەپمۇ تۇغلۇقنى ئۆزىمىزنىڭ پەخرى دەپ قارايدىغان بولدى. چۈنكى، تۇغلۇقلار مەكتىپىنىڭ پۇتبول كوماندىسى كۆپ قېتىملىق چوڭ مۇسابىقىلەردە چېمپىيون بولغانىدى.

تۇغلۇق شان - شەرەپلەرگە كۆمۈلگەن كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ، سەھەر قوپۇپ ئالتۇن كەشنى كىيمەكچى بولۇپ زادىلا كىيەلمىدى. ئۇ ئالتۇن كەشنى كىيمىسە بارلىق كارامەتلىرىنىڭ يوقىقا چىقىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن پۇتبول مۇسابىقىسى بار ئىدى. شۇ چاغدا ئالتۇن كەشتىن سادا كەلدى:

— تۇغلۇق!

— ھە، ئالتۇن كەشىم، نېمە گېپىڭ بار؟

— ساڭا بىر گەپ قىلسام ماقۇل بولامسەن؟

— ماقۇل بولىمەن.

— ئەمىسە، مېنى باشقا بىرىگە ئۆتۈنۈپ بەرگىن، بولامدۇ؟



www.uyghurkitap.com

— بۇ، بۇ... — تۇغلۇق گەپ قىلالماي قالدى.

— دوستۇڭ ئەركىننى ئوبدان بىلىسەنغۇ دەيمەن.

— ھە، بىلىمەن، ئۇ ھازىر ماڭالمايدىغان بولۇپ قالدى. مەكتەپكىمۇ ئاتا-ئانىسى ھارۋا بىلەن ئەكىلىدۇ.

ئەركىن تۇغلۇقنىڭ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان دوستى ئىدى. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ بىر ھادىسىگە يولۇقۇپ ئىككى پۇتى مېيىپ بولۇپ قالغانىدى. دەسلەپكى چاغلاردا تۇغلۇق ئۇنى دائىم يوقلاپ، ئۇنىڭ مىسكىن كۆڭلىنى شادلاندۇرغان بولسىمۇ، يېقىندىن بېرى، بولۇپمۇ ئالتۇن كەشنى كىيىپ شان-شەرەپكە ئېرىشكەنىنىڭياقى ئەركىننى يوقلاشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى.

— سەن، مېنى دوستۇڭغا بېرىۋېتىشنى خالامسەن؟

بۇ سوئال تۇغلۇقنى ھودۇقتۇرىۋەتتى.

— ئۇنىڭ پۇتى كاردىن چىققان تۇرسا، ئالتۇن كەش كىيگىنىنىڭ نېمە پايدىسى.

— ئۇ مېنى كەيسە ساقىيىدۇ، خۇددى ساڭا ئوخشاش يۈگۈرەلەيدىغان بولىدۇ.

— بىرلىق، مەن قانداق قىلىمەن؟ يەنە ئەسكى ئايىغىمنى كىيىپ ھەممىنىڭ كەينىدە قېلىپ، مۇسابىقىدە كارغا كەلمەي يۈرەمدىمەن؟!

— شۇنداقتىمۇ ئەركىننىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن ياخشى-دە.

تۇغلۇق قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. «ئالتۇن كەش»نى بېرىۋېتەي دېسە، مۇسابىقىدە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمەيتتى. بەرمەي دېسە ئەركىننىڭ ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ ئۆتۈشىگە چىدىمايتتى. تۇغلۇق ئۇزۇنغىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاخىرى ئالتۇن كەش ئارقىلىق ئەركىننىڭ پۇتىنى ساقايتىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ شۇ كۈنى كونا ئايىغىنى كىيىپ ئالتۇن كەشنى ئېلىپ ئەركىننىڭ ئۆيىگە باردى.

ئەركىن تۇغلۇقنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ دوستىنى سېغىنغانىدى. تۇغلۇق ئەركىنگە ئاياغ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئاياغنى دەرھال ئۇنىڭ پۇتىغا كىيگۈزدى. ھارۋىدا ئولتۇرغان ئەركىن مەيىقىدا كۈلۈپ تۇغلۇققا رەھمەت ئېيتتى.

— ئەمدى ئورنىڭدىن تۇرە!

ئەركىن كۈلۈپ قويۇپ ئورنىدا ئولتۇرۇۋەردى.

— قېنى ئورنىدىن تۇر! — تۇغلۇق ئەركىننىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى. ئەركىن ئۆزىنىڭ قانداق تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدى. ئۆز-ئۆزىگە ئىشەنمەي تەمتىرەپ ئارلان ماڭدى. كېيىن بىردىنلا يۈگۈرۈپ، سەكرەپ كەتتى. ھەممەيلەن خۇشاللىقىدىن تۇۋلىشىپ كەتتى. ئەركىننىڭ ئانىسى خۇشاللىقىدىن «جېنىم بالام» دېگىنىچە ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. تۇغلۇق ئەركىننىڭ پۇتىغا قارىدى. ئالتۇن كەش يوق تۇراتتى. لېكىن ئەركىن ھويلىدا يۈگۈرۈپ يۈرەتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ تۇغلۇق ئالتۇن كەشتىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، يۈگۈرۈش ۋە پۇتبول ئويناشنى بىر كۈنمۇ توختاتمىدى. جاپالىق مەشىق قىلىپ ئالتۇن كەش بولمىسىمۇ مۇسابىقىلەردە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. دەرسلەردىمۇ تېز ئىلگىرىلەپ ھەممە ئادەم ماختايدىغان ياخشى بالا بولدى.

*(ئۈرۈمچى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا)*

مۇھەررىر مۇھەممەد ئەيسا ئۆزئەرك

شىنىچى خوشى ①(ياپونىيە)

# ئابرويى ئۇستۇرۇش



(ھېكايە)

ئادەتتە بىز بىرلۇنى تولىمۇ ئاددىي ـ ساددا
ئادەمكەنسىز دەپ قويىمىزغۇ؟ مۇنۇ يىگىت-
مۇ دەل ئاشۇ خىلدىكى ئاددىي ـ ساددا ئادەم-
لەردىن ئىدى.
ئۇ كىشىلەرگە ئانچە تونۇشلۇق بول-
مىغان، ئەمما زادىلا نامى يوقمۇ بولمىغان
بىر مەكتەپنى ئوتتۇرىھال نەتىجە بىلەن
پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەلۇم بىر شىركەتكە
كىرىپ ئىشلىدى. ئۇنىڭ شىركەتكە قو-
بۇل قىلىنىش ئىمتىھانىدا ئېرىشكەن نەتى-
جىسىنىڭمۇ ئوتتۇرىھال بولىدىغانلىقىدا
گەپ يوق، ئەلۋەتتە.

ئۇنىڭ ئۆيى شەھەر مەركىزىگە ئانچە
يىراقمۇ، يېقىنمۇ ئەمەس بىر بىنادا بولۇپ،
ئۆيىنىمۇ بەك كەڭرى ياكى تار ئۆيلەردىن
دېگىلى بولمايتتى.
يىگىت ھەر ئەتىگىنى ئوخشاش ۋاقىتتا
ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشقا باراتتى ۋە ئۆزى
ئىشلەيدىغان مالىيە بۆلۈمىگە كىرەتتى ـ دە،
بىر بۇلۇڭغا قويۇلغان ئۇستىلى ئالدىغا كې-
لىپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ھېساباب دەپتە-
رىگە قاراپ ئولتۇراتتى. مانا بۇ ئۇنىڭ ئۇدا
بەش يىلدىن بۇيان ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ
كېلىۋاتقان ياشاش ئادىتى ئىدى.

---

① Shinichi Hoshi —ياپونىيىنىڭ مەشھۇر رازۋېدكا ھېكايىچىسى.

ھېچكىمنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى «بەختلىك» دېيىشكە ئاغزى كەلمىگىنىدەك، بۇ يىگىتمۇ ئۆزىنى تۇرمۇشىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىدىن قانائەتلەنمەيۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ناۋادا جىسمانىي جەھەتتىن بىرەر ئېيبى بولۇپ قالغان بولسا ئۆزىنى قانداقراق سېزەتتىكىن. لېكىن ئۇ چاتاقنىڭ نەدىلىكىنى ئۆزى ئوبدان بىلەتتى، يەنى ئۇ تولىمۇ ئاددىي ـ ساددا، ھەتتا ئادەتتە بىز دەپ يۈرىدىغان ئاددىي ـ ساددىلاردىنمۇ ئاددىي ـ ساددا ئادەم ئىدى. بەئەينى ھاۋا بىلەن ئوخشاش ئېغىرلىقتا گاز قاچىلانغان شارچىغىلا ئوخشايتتى، يا ئاسمانغا كۆتۈرۈلەلمەيتتى يا يەردە جىم تۇرالمايتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ يا ئۇياقلىقى، يا بۇ ياقلىقى يوق ئادەم ئىدى.

بۇ يىگىت ئىشلەيدىغان شىركەت ياكى تازا روناق تاپالمىغان، ياكى ھاياتىي كۈچى پۈتۈنلەي يوقاپ كەتمىگەن بىر شىركەت بولۇپ، تىلغا ئېلىشقا ئەرزىگۈدەك بىرەر ئالاھىدە مەھسۇلاتىمۇ يوق ئىدى. ئادەتتىكى ئاددىي ـ ساددا ئادەملەرغۇ ئۆزىدىكى مەلۇم تالانتىنى جارى قىلدۇرىدىغان پۇرسەت ئىزدەپ ھامان يۇقىرىغا ياماشماي قالمايدۇ. بىراق ئادەتتىكىدىن ئادەتتىكى، جەمئىيەتتە قىلچىلىك نام ـ نىشانى يوقلار بولسا ھەتتا بىرەر ئىرادىگە كېلىش ئۈچۈن ئويلىنىپ بېقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىكەن. ئۇلار پەقەت مۇشۇ كۈنلەرنى ئۆزلىرى مېڭىشقا تېگىشلىك بىردىنبىر ياشاش يولى دەپ بىلىدىكەن ـ دە، كۈنلەرنى ئاشۇنداق توختام سۇدەك ئۆتكۈزۈۋېرىدىكەن.

بۇ يىگىتمۇ گاھىدا ئۆز ـ ئۆزىگە ھازىرقى ئەھۋالىغا شۈكۈر قىلىشنى ئەسكەرتەتتى. ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن باشقىنى قىلالايدىغانلىقىغا كۆزى يەتمەيتتى. قىسمەن چاغلاردا تېخى يۇقىرى تەبىقە كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئابرۇي ـ مەرتىۋىلىرىنى ئۈستۈرۈش جەھەتتىكى ئىقتىدارلىرىنى چۈشىنىۋېلىش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشىپ قالاتتى. بىراق ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى زادى قانداق قىلغاندا قاملاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق زادى بىر قارارغا كېلەلمەيتتى.

ئەھۋال شۇنداقكەن، بۇ خىل ئادەملەرنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىدىن قارىغاندا، ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتىشىدا يول بويىدىكى بىرەر قاۋاقخانىغا كىرىپ بىر ـ ئىككى رومكا قېقىۋېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئەمما بۇ يىگىت بۇنداق قاۋاقخانىلارغا ھەمىشە ئۆزى يالغۇز كىرەتتى. ئىشداشلىرىنىڭ ھېچقايسىسى بىلەن ئۇلپەتلەشمەيتتى. پەقەت تونۇشمىسىمۇ خۇي ـ خۇلقى ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان بىرەرى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ ئىچىشەلىسىلا ھەتتا ئۆزىگە ھەمتاۋۇق بولغۇچى پۈتۈنلەي يات ئادەم بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ ئوخشاشلا كۆڭلى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى. ھالبۇكى، كۆپ ھاللاردا، بۇنداق ئاددىي ـ ساددا يىگىت بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ قېلىشتىن ھەرقانداق بىر ئادەم سىپايىلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى.

يىگىت بۈگۈن كەچتىمۇ ئۆزى دائىم كىرىپ تۇرىدىغان بىر قاۋاقخانىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى ۋە پۈكەينىڭ بىر چېتىدىكى ئۆزىنىڭ دائىمىي ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاندىن مەيپۇرۇشنى شەرەتلەپ، بىر ئىستاكان ۋىسكى بۇيرۇتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ھاراق ئۇنىڭغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى بولغاي، كۈتۈلمىگەن بىر ئەسنەك بىلەن تەڭ ئاغزىدىن ئىختىيارسىزلا ئاۋاز چىقىپ كەتتى. ئېغىر مۇڭ ئارىلاشقان بۇ خورسىنىش ئاۋازى ئەتراپتا ئولتۇرغانلارنىڭ

قۇلاقلىرىغىمۇ ئاڭلانغان ئىدى:

— ئا... ھا!... ھەممە ئىش زېرىكىشلىككەن...

ئۇنىڭ بوشقىنە ئاۋازى جىمجىتلىقتا چۆككەن مەيخانا ئىچىدە ئۆزگىچە ئەكس سادادا پەيدا قىلغان ئىدى. بىرلىق مەيپۇرۇش ئۇنىڭ گېپىگە قىلچە پەرۋا قىلمىغاندەك بىر چەتتە قاراپ تۇرلتتى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ مۇشۇنداق كەچتە قاۋاقخانىدا يۈز بەرگىنىدىن خۇش بولغاچقا يىگىتنىڭ بايىقى ئۇھسىنىشلىرىغا دەماللىقتا ئىنكاس قايتۇرماسلىق قارارىغا كەلگەن. لېكىن نېمىلا دېگەنبىلەن، يىگىتنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى شىرەدە ئولتۇرغان بىرمىلەندىن سادا كەلدى:

— سىزگە بىرەر ئىش بولدىمۇ؟

يىگىت ئاۋاز چىققان تەرەپكە قايرىلىپ، ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر ئەرنىڭ ئۇ‌زىگە قاراپ ئولتۇرغىنىنى كۆردى. ئۇ ئادەممۇ ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ ۋىسكى ئىچىۋاتقانىكەن. شۇڭا بىردەم بولسىمۇ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يىگىتنى ئۆزىگە ئۇلپەت تاللاپ مۇشۇ باھانىدا گەپ تاشلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ھە... دېگۈدەكقۇ ھېچ گەپ يوق، —دېدى يىگىت جاۋابەن. چۈنكى كۆڭلىدىكىنى مۇنۇ ئادەمگە بىرقانچە ئېغىز گەپ بىلەنلا چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ-دە. بىرلاق ھېلىقى كىشى سوراشنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— مۇھەببەت ئىشىڭىزدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ئوخشىمامسىز؟

— مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراش دەمسىز؟ مەنغۇ ئاشۇنداق بولسىكەن دەيمەن. لېكىن تا ھازىرغىچە مېنى مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىتالىغۇدەك بىرەر قىز چىقىپ باقمىدى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، بوي-بەستىمنىڭ مۇ‌شۇنداق ئادەتتىكىچە يارىلىپ قالغانلىقىدا. ئەگەر قاملاشقانراق يىگىت بولغان بولسام ئانچە-مۇنچە مۇھەببەت كەچمىشىممۇ بولارمىكىنتاڭ. چىرايىم كۆرۈمسىز بولسىمۇ تىلغا ئالغۇدەك بىرەر ئالاھىدىلىكىم بولغان بولسا مەيلىدى، شۇنداق بولغان بولسا بۇ دۇنيادا بىرەر قىزنىڭ دىققىتىنى تارتالىغانىمۇ بولاتتىم. بىراق، مېنىڭدەك بىكۈرۈم، ئىناۋىتى يوق يىگىتلەرگە نىسبەتەن مۇھەببەتتىن سۆز ئېچىش ئارتۇقچە ئىشكەن.

ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم يىگىتنىڭ چىرايىغا زەن سالغاچ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى:

— چۈشەندىم، ئەمىسە بايىقى خورسىنىشىڭىز جەمئىيەتتىكى ئورنىڭىزنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن-دە. زادى قايسى ئىشتا گېپىڭىز ئۆتمەي قالدى؟

— ئۇنداقمۇ ئەمەس. ئەگەر باشلىقىمغا خۇشامەت قىلىپ بىر نەرسە سوۋغا قىلغان بولسام بۇنداق ئاھ ئۇرۇپمۇ يۈرمەستىم.

— ئەمىسە بارلىق ئىشلىرىڭىز بىر ئىزدىلا كېتىۋېتىپتۇ-دە. مۇشۇنداقتا ياخشى ئەمەسمۇ؟ بېشىڭىزنى ئايلاندۇرىدىغان بىرەر قىزمۇ يوقكەن، باشلىقىڭىز بىلەنمۇ ئەپ ئۆتىدىكەنسىز. بۇ ئىشلار تۇرمۇشتا ناھايىتى جىق قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇراتتى. قانائەتچانراق بولغىنىڭىز تۈزۈك، — ئۇ ئادەم شۇنداق دەپ بولۇپ ھاراق توشقۇزۇلغان رومكىسىنى قولىغا ئالدى-دە، يىگىتكە كۆتۈرۈۋېتىش ئىشارىسى قىلىپ قويغاندىن كېيىن گۇپپىدە كۆتۈرۈۋەتتى.

— ھەممە ئىشلىرىمنىڭ بۇنداق قېلىپتا تەكرارلىنىۋېرىشىگە پەقەت چىدىمىدىم. بۇگۈنۈم، تۈنۈگۈنۈم ۋە بۇنىڭدىن بىر ئاي بۇرۇنقى، بىر يىل بۇرۇنقى كۈنلىرىم، ئىشقىلىپ ئېسىمدە بار ھەرقانداق بىر

كۈنۈم ئوخشاشلا ئۆتكەن. سىز تېلېۋىزورلاردا چىقىدىغان ھېلىقى ئاپتوماتىك زاۋۇتلارنى كۆرگەنمىدىڭىز؟ ئاشۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى كۆرسەم بەكلا قورقۇپ كېتىمەن. چۈنكى مېنىڭ ھەر بىر كۈنۈم خۇددى ئاشۇ زاۋۇتلاردا ياسىلىپ چىقىلغان ئوخشاش قېلىپتىكى مەھسۇلاتلارغىلا ئوخشايدۇ. ئەڭ يامان بولغىنى. بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىمنىڭمۇ مەڭگۈ ئاشۇنداق ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ قالغانلىقىم بولۇۋاتىدۇ.

— بۇ خىل ھېسسىياتنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، — دېدى ھېلىقى كىشى تەسەللى ئاھاڭىدا، — ئۇنداقتا ھازىرقى ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— نېمە قىلىشىمنى، يا قانداق قىلىشىمنى بىلمىسەم؟ ئۆزۈمنى خۇددى ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغاندەكلا ھېس قىلىمەن. ئىچىم ئاچچىققا تولۇپ كەتتى. ئازابلىنىمەن، لېكىن ئۆزۈمگە ئىشەنچىم يوق. بۇ ھال مېنى گويا چوڭ كوچىدا توختىماستىن چېپىۋاتقان ماشىنىلاردەكلا بىئارام قىلىدۇ. مەندە بۇ قاتناش قوراللىرىنى كونترول قىلالىغۇدەك قۇدرەت يوق، بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزگۈدەك جۈرئەت تېخىمۇ يوق. مەن يا ئوتتۇم، يا سۆيۈم يوق مۇشۇنداق ئوتتۇرىدا قالغان بىر ئادەممەن... ھەي، مەيپۇرۇش! ۋىسكىدىن يەنە بىر ئىستاكان ئەكىلىپ بېرىڭا!

يىگىت يەنە بىر ئىستاكان ۋىسكى ئەكەلدۈردى. ئوتتۇرا ياش ئادەم تاماكىدىن بىر تال تۇتاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاغزىدىن پۇرقىرىتىپ ئىس چىقارغاچ سىرلىق ئەلپازدا مۇنداق دېدى:

— مېنىڭچە، ھازىرقى ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشىڭىز ئۈچۈن پەقەت ئاشۇ بىرلا ئامال قاپتۇ-دە!

— زېمىمۇ ئوبدان گەپ قىلدىڭىزا. قانداق ئامال ئۇ؟

— سىزگە راستىنىلا ياردەم قىلالايمەن.

— ماڭا ئېنىقراق دېسىڭىزچۇ؟

— پۇ... ف! ... تەلىيىڭىز ئوڭ كېلىۋاتىدۇ جۇمۇ.

يىگىت بارغانسېرى قىزىقسىنىپ ئالدىغا ئېڭىشتى. بىراق ئۇ ئادەمنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپلا يەنە لاسسىدە بولۇپ قالدى:

— قويۇڭە بۇنداق گەپلىرىڭىزنى! بۇ خۇددى لاتارىيە بېلىتى سېتىلىۋاتقان مەيداندا ئۆزىنى ئۆزى دەيدىمىگە سېلىپ، يەنە بىر دەم تەخىر قىل، ئۈمىد بار، چوقۇم مۇكاپات چىقىپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ ئۆزىنى بەزلىگەندەكلا بىر ئىشقۇ.

— بۇنچە ئالدىراپ يەكۈن چىقىرىۋەتمەڭ. مەن بىرەر ئىشتىن ئالدىراپ خۇلاسە چىقىرىشتا ھازىرقى زاماننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدىم دېيەلمەيمەن.

— بىراق ئىچكىرىلەپ ئويلاپ كۆرسەم ھەممىسى بىر گەپكەن. بۇ ئىشتا تەلىيىم كېلىش ئىمكانىيىتى يوق. سىز ئۆزىڭىزنى شەيتان ياكى پەرىشتە ياكى بولمىسا پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارغا ئىگە خاسىيەتلىك ئادەم سانىمايدىغانسىز؟

— ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئۇ جەھەتتە مەندە قىلچە ئىقتىدار يوق. شۇنداقتىمۇ، تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ كۆرىدىغان بولساق، مەن بەزى ئامەتلەردىن سىز بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشۇم مۇمكىن. ياكى تەلىيىمىز كەلسە، نېسىۋىگە تەڭشېرىك بولىمىز دېسەممۇ بولىدۇ. مەن بۇ گەپلىرىمنىڭ ھەقىقەتەن قىممىتى بار دېمەكچىمەن.

— گەپلىرىڭىزنى پەقەت

چۈشىنەلمەيۋا. . .

— ماڭا قاراڭ، يىگىت، گېپىمنى قىسقارتىپ دېسەم، سىز ھېچكىمنى جەلپ قىلالمايدىغان ھازىرقى شارائىتىڭىزدىن قىلچە رازى ئەمەسكەنسىز، شۇنداقمۇ؟ دېمىسىمۇ بۇنداق ئەرۋاھقا ياكى مەۋھۇم ئادەمگە ئوخشاش ياشىغاننىڭ نېمە مەززىسى بولسۇن؟ بىرەر ئىش قىلىۋاتقان چېغىڭىزدا باشقىلار سىزگە دىققەت قىلسا، ھېچ بولمىغاندا ئازراق نەزەر كۆزىنى بولسىمۇ سېلىپ قويسا ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئۆزىڭىزمۇ شۇنى خالايسىزغۇ دەيمەن.

— ئەلۋەتتە خالايمەن، گېپىڭىزنى ئېنىقراق دېسىڭىزچۇ؟ — يىگىت ئالدىغا يەنە بىر قېتىم ئېگىلىشتى. ئوتتۇرا ياش كىشى دېمەكچى بولغانلىرىنى مەيپۇرۇش ئاڭلاپ قالسا بولمايدىغانلىقىنى شېپى كەلتۈرۈپ، يىگىتكە نېرىراقتىكى شىرەگە يۆتكىلىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىش تەكلىپىنى بەردى. يىگىتمۇ دەرھال ماقۇل بولدى.

ئۇلار يۆتكەلگەندىن كېيىن يىگىت نام كارتىسىنى چىقىرىپ ئۆزىنى رەسمىي تونۇشتۇردى. ئەمما ھېلىقى ئادەم ئۇنداق قىلمىدى:

— مەن SPR شىركىتىنىڭ خادىمى، — ئۇ پەقەت مۇشۇ گەپنىلا قىلدى.

— SPR؟ — قايتۇرۇپلا سورىدى يىگىت.

— S دېگىنىم «مەخپىي» دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى «مۇتلەق مەخپىي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. سىزگە ئىسىم كارتامنى كۆرسەتمىگىنىمنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ. شۇنداقتىمۇ سىزنى ئۆزۈمگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، خالىغان سوئالنى سورىسىڭىز جاۋاب بېرىمەن.

يىگىت نېمىلىندۇر ئەندىشە قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى:

— ئۆزۈمنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمدىن كۆڭلۈم يېرىم بولۇۋاتقىنىنى دەپلا باشقىلارنى ئاۋارە قىلىپ يۈرسەم بولماس، — دېدى ئۇ.

— مېنى خاتا چۈشىنىپ قالمىسىڭىزلا بولىدى.

— بايا دېمەكچى بولغىنىڭىز زادى قانداق گەپتى؟

ھېلىقى ئادەم ئەمدى ئالدىرىماستىن بىر-بىرلەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— سىز شىركەتتە كېچىلىرىمۇ ئىش قوشۇپ ئىشلەيدىكەنسىز، شۇنداقمۇ؟

— ھەئە.

— مانا ئاشۇنداق چاغدا مەن ئىشخانىڭىزنى بۇلغىلى كىرىمەن!

— ۋاي، نېمە دەۋاتىسىز؟ ئەگەر مەن شىركەتكە بۇلاڭچى كىرگۈزسەم ھەر ئىككىلىمىز ئامەت دېگەندىن بىراقلا ئايرىلىپ قالىمىز. مەنمۇ بىر جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قالىمەن.

— گېپىم تۈگىمەستە بۇنچە ئالدىراپ يەكۈن چىقىرىۋەتمىسىڭىزچۇ، ھەرقانچە سادىق ۋەتەنپەرۋەر بولسىمۇ تىنچ كۈنلەردە ھەرگىز كۆزگە چېلىقمايدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، سىز مال سېتىشتىن ئىلگىرى ئاۋۋال بازارنى تەييارلىۋېلىشىڭىز كېرەك، يەنە بىز ئەگەر ئامەت قۇچىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن سىز پايدىلىق شارائىتنى يارىتىشىڭىز كېرەك.

— دانىشمەنلەرچە سۆزلىرىڭىز بىلەن مېنى تەسىرلەندۈرۈۋەتتىڭىزغۇ، بىراق، ئاقىۋىتى قانداق بولار؟

— مېنىڭ پىلانىم مۇنداق: مەن ئىشىكتىن كىرىپلا پوپوزا قىلىمەن. ئاندىن بىخەتەر ئىشكاپنى بۇزۇشقا باشلايمەن. سىز مەن ئىشكاپنى ئېچىپ بولغۇچە كۈتۈپ تۇرغاندىن كېيىن ماڭا قاراپ

ئېتىلىسىز. بىز بىر مەرتەم ئېلىشىمىز، كېيىن سىز مېنى قوغلاپ سىرتقا چىقسىز. ئەگەر ئىمكانىيىتىمىز يار بەرسە نەق مەيدان دەلىل ـ ئىسپاتلىرىنىمۇ تەقلەپ قويىمىز.

يىگىتنىڭ چىرايى بىردىنلا نۇرلىنىپ كەتتى.

— ھە، ئۇقتۇم، ئەمدى چۈشىنىشكە باشلىدىم. ئىشقىلىپ بىزنىڭ بۇ ھاۋالە شىركىتىمىزدە كىچىككىنە بىر ئىش يۈز بەرسىمۇ ئوغرىنى قوغلاپ چىقارغان خىزمەتچىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، بىر مۇنچە مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشەلەيدۇ. سىز بۇ خىيالنى نەدىنمۇ ئويلاپ تاپقانسىز؟ ياكى بۇمۇ SPR شىركىتىگىلارنىڭ كەسپىي خىزمەتلىرىگە تەۋەمۇ؟

— ئۇنداق دېگىلى بولماس. بىراق بىزنىڭ شىركىتىمىز ھەرخىل رايونلاردا پائالىيەت قىلىدۇ، ھەرلا قېتىمدا ماختاش ۋە تەشەككۈر نامىلارنى تاپشۇرۇپ ئالىمىز. مۇشۇ باھانىدا ئۆزىڭىز ئارزۇلىغاندەك، ئابرۇيىڭىزنىڭ ئۆسۈپ قالىدىغانلىقىدا گەپ يوق.

— مەن پەقەت باشقىلارنىڭ نەزىرىگە ئىلىنەلىسەملا خۇش بولاتتىم. ئەمما، دەرىجەم ئۆستۈرۈلۈپ قالسا مەندەك ئاددىي ـ ساددا ئۆگىنىپ قالغان بىر ئادەم ۋەزىپەمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي قالامدىمەنكى دەيمەنا شۇ.

— ئەنسىرىشىڭىز ھاجەتسىز. سىزنىڭ تا ھازىرغا كەلگۈچە مۇشۇنداق ئاددىي ئادەم بولۇپ قېلىشىڭىزمۇ دەل ئۆز مەۋجۇتلۇقىڭىزنى تولۇق تونۇپ يېتەلمىگەنلىكىڭىزدىن بولغان. ھازىرقى كۈندە بىر ئادەمنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى تونۇپ يېتىشى ھەممىدىن مۇھىم. ۋاقتى كەلگەندە، ياشاشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلىپ قالىسىز ھەم كاللىڭىزدا نۇرغۇن يېڭى پىكىرلەر مەيدانغا كېلىدۇ. مېنىڭچە، ئەمدى سىزنىڭ «مەن بىر مەۋجۇت ئادەم، شۇڭا ئوبدان كاللا ئىشلىتىشىم كېرەك» دەيدىغان چېغىڭىز كەلدى.

— دېگىنىڭىزغۇ راست. لېكىن سىزنىڭچە بۇ ئىشنى قاملاشتۇرالارمىزمۇ؟

— مەن شىركىتىمىزنىڭ كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىكى ئىناۋىتى بىلەن پەخىرلىنىمەن. يەنە كېلىپ مۇشۇنداق قىلىش بىزنىڭ ئەنئەنىمىز. ئورگىنىمىز جەمئىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەسىس قىلىنغان. شۇڭا مەن كونا ئەنئەنە توغرۇلۇق كۆپ بىر نېمە دېيەلمەيمەن. بىراق بىز ئەزەلدىن خاتالىشىپ باقمىدۇق. سىز شىركىتىمىزنىڭ بىرەر كىمنى زىيانغا ئۇچرىتقانلىقىنى ئاڭلاپ باققانمۇ ـ يا؟ مەن شۇنى ئوچۇق دېيەلەيمەنكى، ئىشخانىڭىزنىڭ ھاۋادان ئەينەكلىرى، ئۈستەل، بىخەتەر ئىشكاپلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بەزى ئەسلىھەلىرى ئانچە ـ مۇنچە بۇزۇلىدۇ. لېكىن بۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئامال يوقلۇقنى ئۆزىڭىزمۇ چۈشىنىسىز. ئەڭ مۇھىمى شىركەت بۇلاڭ ـ تالاڭدىن ساقلاپ قېلىنسا خۇش بولغۇلۇق ـ دە. شۇ چاغدا ھەممەيلەننىڭ دىققىتى سىزگىلا مەركەزلىشىدۇ. مەنمۇ قىسمەن مەنپەئەتكە ئېرىشىمەن. بۇ ھەر ئىككىمىزگە پايدا يەتكۈزىدىغان خەيرلىك ئىش. ئۇنداق ئەمەسمۇ ـ يا؟

— سىز قانداق مەنپەئەتكە ئېرىشىدىسىز؟ — ئۈنلۈك سورىدى يىگىت تېخىمۇ قىزىقىپ.

— بۇ بىر خىل تىجارەت. شۇڭا بېكىرىغا ئىش قىلغانغا قارىغاندا تەسىرەك. مۇكاپات سوممىڭىز قولىڭىزغا تەگكەندە ھەممىسىنى ماڭا بېرىسىز. ئەگەر باشلىقىڭىز بەك پىخسىقلىق قىلىپ سىزنى

مۇكاپاتلىماي قويسا، مەن بۇنى تەلىيىمنىڭ كاجلىقىدىن دەپ بىلىمەن. ئۇ چاغدا بۇنى قوبۇل قىلماي ئامالىم يوق.

— يەنە... — يىگىت نېمىشقىدۇر تۇرۇپ قالدى. ئەلپازىدىن قەتئىي نىيەتكە كېلىش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ئۇ ئادەم چۈشەندۈرۈشنى يەنە داۋام قىلدى:

— ئاقىۋەتتە سىز ھېچقانداق زىيان تارتمايسىز، ھازىرقى ئاددىي شارائىتىڭىزدىنمۇ قۇتۇلۇۋالىسىز، ئابرويىڭىزمۇ ئۆسىدۇ. شۇنداققۇ؟ ئۇ چاغدا ھەممە ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالايدىغانلىقىڭىزغا گەپ كەتمەيدۇ. مەن سىزگە شۇنداق، دېيەلەيمەنكى، بۇ خىل «جامائەت بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ھەققى» ئۈنچىۋالا يۇقىرى ئەمەس. بەلكى شۇ تاپتا بۇ ئىشنى كېيىن يەنە بىر قىلىپ كۆرۈشنى ئويلاۋاتقانسىز. بىراق ئەندىشە قىلىشىڭىزنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق. بۇ ئىشنى قىلغانىكەنمىز، ئانچە-مۇنچە تەۋەككۈل قىلماي بولمايدۇ. لېكىن، بىزدە ئىشەنچ بولۇشى كېرەك.

— ياق، مېنىڭ ئەنسىرەۋاتقىنىم بۇ ئەمەس. بۇ ئىشقا سىزمۇ قاتناشسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. لېكىن مۇبادا سىز ھەققىي بۇلاڭچىغا ئايلىنىپ قالسىڭىز، ئۇ چاغدا.

— بۇ ئىككىمىزنىڭ بىر-بىرىمىزگە ئىشىنىشىمىزگە باغلىق، ماڭا قاراڭ، ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالدىمۇ دەيلى، بۇ ماڭا بەربىر. ئەگەر سىز بىرەر ئىشدىشىڭىزغا ئالدىن خەۋەر يەتكۈزۈپ قويۇپ، ئاندىن ئۇ كېلىپ نەق مەيداندا مېنى تۇتۇۋالسا شۇ چاغدا ھالىم چاتاق. ئەمما سىزنىڭ ئۇنداق قىلىپ يۈرمەيدىغانلىقىڭىز ئېنىق، چۈنكى مەن سىزنىڭ ئۇنداق ئادەم ئەمەسلىكىڭىزگە ھەم مېنىڭ سىزنى دەپلا بۇ ئىشنى قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىمدەك پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن، — يىگىت يۇقىرىقى چۈشەندۈرۈشلەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ يەنىلا بىرنەرسىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى:

— سىز بۇ پىلانىڭىزنى راستتىنلا بىخەتەر دەپ ئويلامسىز؟

— مۇتلەق بىخەتەر. ناۋادا بىز شىركىتىڭىزنى راستتىنلا بۇلىماقچى بولغان بولساق، بۇ يەردە سىزگە دەپ يۈرمەيلا بېسىپ كىرىۋېرەتتۇق. بىراق ھازىرقى كۈندە ئۇنداق قارالمىلىق قىلىش ئاقمايدۇ. بىز مۇنداق ھەر خىل شىركەت ۋە شەخسلەرنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قوزغىتىش ئارقىلىق جەمئىيەتنى جانلاندۇرىمىز. مېنىڭ شىركىتىمنىڭ سىياسىتى — دەل تالانتىنىڭ ئەڭ جايىغا ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرۈشتىن ئىبارەت.

— چۈشەندىم، ھازىرقى دەۋردە كىشىلەر «كۆتۈلمىگەن كارخانىلار ئويلىمىغان يۆنىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتىدۇ» دېيىشىدىكەن. بىراق مەن بۇنداق ھادىسىلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى ئەقلىمگە سىغدۇرالمايدىكەن.

— بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئادەم ھەرقانچە پەۋقۇلئاددە قابىلىيەتكە ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ ھامان بىر كۈنى قانۇن تورىغا چۈشمەي قالمايدۇ. ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللاردىمۇ جىنايەت ئۆتكۈزگەننىڭ قىلچە پايدىسى يوقلۇقى كۆرسىتىلگەن. يەنە بىر جەھەتتىن، بىرلۇنىڭ ئۆزىنىڭ خاتا ئىش قىلغانلىقىنى بىلىپ قېلىشىمۇ بىر ئازاب، بۇ ھال ئىنساننىڭ روھىي ساغلاملىقىغا زىيانلىق. ئۇنداق كىشى ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆرۈشتىن ئۈمىد كۈتمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن





www.uyghurkitap.com

كۆرە ئىشەنچىمىزنى سىزگە ئوخشاش ياشلارغا باغلاپ، ئۆزىمىز پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى كۆزىتىشەك تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك.

— ھە، مەقسىتىڭىزنى ئەمدى چۈشەندىم.

— قانداق، مەن سىزنى ئۆزىڭىز خالىمايدىغان ئىشقا زورلاۋاتمايدىغاندىمەن؟ ئەگەر گەپلىرىم كاللىڭىزدىن ئۆتمەيۋاتقاندەك ھېس قىلسىڭىز، دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىنى بىراقلا ئۇنتۇپ كېتىڭ.

يىگىت كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە بىر ھازا ئويلىنىپ قالدى. ناۋادا مۇنۇ ئادەمنىڭ تەلىپىنى رەت قىلسا قانداق بولار؟ بىر مىكرو تىپلىق ئاپتوماتىك خىيال ماشىنىسى ئۇنىڭ مېڭە توقۇلمىلىرى ئارىسىدا توختىماي ئايلىنىشقا باشلىدى. قاتار - قاتار كەتكەن يەتكۈزگۈچ نېرۋىلار ھەر قېتىمدا ئوخشاش «مەھسۇلات»لارنى ئىشلەپ چىقىراتتى. يىگىتنىڭ تاكى مۇشۇ دەقىقىلەرگە كەلگۈچە ئۆتۈپ كەتكەن بارلىق كۈنلىرى مانا مۇشۇ رىتىمدا داۋاملاشقان، بۇندىق ئىشلار ئەتىمۇ داۋاملىشىۋېرىدۇ. كۈنلەر بىر - بىرى بىلەن قوغلاشماي ئويناپ ئۆتۈۋېرىدۇ. ھەممىلا ئىش ئوخشاش...

يىگىت ئاخىر كۆزلىرىنى ئېچىپ چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن شۇنداق دېدى.

— ياردىمىڭىزنى قوبۇل قىلىشنى خالايمەن!

ھېلىقى كىشى مېيىقىنى شىرەتلەپ ئىككى ئىستاكان بىراندى بۇيرۇتتى.

— ئۇنداقتا ياخشى، قېنى، ئىشەنچىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن كۆتۈردۇق ئەمىسە! — ئۇ هاراقنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — پىلانىمىزنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق...

* *

ئىش ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ يۈز بەردى. ئاشۇ ئاخشىمى يىگىت ئىش ۋاقتى توشقاندىن كېيىنمۇ كەتمەي، مالىيە بۆلۈمىدە ئۆزى يالغۇز ئىش قوشۇپ ئىشلەۋاتاتتى. لېكىن يانىدىكى خوجىلىق بۆلۈمىدە يەنە بىر ئىشلىشىمۇ كەتمەي ئىش قوشۇپ ئىشلەۋاتقان ئىدى.

كېچە، ئىشخانا ئىچى ئىمتاسلىققا چۆككەن. يىگىت مەقسەتسىزلا كىچىك ھېسابات دەپتىرىنى ئاچتى. ئاندىن قول سائىتىگە قاراپ خۇش بولۇپ كەتتى. قايسى كۈنى مەيخانىدا كۆرۈشكەن ئادەم راستىنلا كېلەرمۇ؟ ئەگەر ئەمدى كەلمىسە پىلاننى ئورۇنداشقا بەكلا كېچىكىپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا مەشەدە ئولتۇرۇپ كۈتمەكتىن بۆلەك ئامال قالمىغان ئىدى.

بىرلىق دەل شۇ چاغدا، يانىدىكى ئۆيدىن گۈلدۈر - گۈلۈپ ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. يىگىت ھەم جىددىيلەشكەن ھەم ئالدىيە تەييارلىق قىلغان پېتى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندا، ئىشىك جالاقىدە ئېچىلىپ، قاپقارا كۆزەينەك تاقىۋالغان بىرەيلەن ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى:

— ھەببەللى، ئۇنۇڭنى چىقارما! بولمىسا مۇنۇ تاپانچام سايراپ كېتىدۇ. ھېلىلا يان ئۆيدىكى ئەبلەخنى قورقۇتۇپ قويۇۋېدىم، بىخەتەر ئىشكاپنىڭ مەشەدىلىكىنى ئىقرار قىلدى. ئۇ سولتەكنىڭ كېيىنكى قالمىغاچقا پۇت - قولىنى چۈشەپ قويۇپ چىقتىم.

«بۇلاڭچى» ۋارقىراپ دېگۈدەك سۆزلەۋاتقاچقا، يىگىت ئۇنىڭ ھېلىقى كۈنى ئۆزى مەيخانىدا كۆرۈشكەن ئادەم

ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان جەزملەشتۈرۈپ بولغان ئىدى. ئۇ بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋېدى، ھېلىقى ئادەم تاپانچىسىنى پۇلاڭشىتىپ، توختىتىپ قويدى:

— يان ئۆيدىكى ئېلەختىنىڭ ئاغزىغا لاتا كېپلىۋەتتىم. بىرلىق ئۇ ئاۋازىمىزنى ئاڭلىيالايدۇ. ئەگەر سىز خۇش بولۇپ ۋارقىراپ سالسىڭىز، ئۇ چوقۇم گۇمانلىنىپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا ئىشىمىز پۈتۈنلەي سۇغا چىلىشىدۇ.

— چۈشەندىم، بىرلىق ماۋۇ تاپانچىڭىزنى نېرىراق تارتىڭ، بۇنىرسىڭىز مېنى ئەنتىرىتىپ قويىدىكەن.

— بۇ رەسمىي تاپانچا ئەمەس. ئويۇنچۇق تاپانچا. بىرلىق قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنى يانچۇقۇمغا تىقىۋالسام بولماس؟

ئىككىسى پەس ئاۋازدا مۇشۇ گەپلەرنى دېيىشتى، ئاندىن ئۇ ئاۋازىنى دەسلەپ كىرگەن چاغدىكىدەك تازا قويۇۋېتىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھە، ئەمدى ماڭا پۇل ساقلايدىغان بىخەتەر ئىشكاپنى كۆرسەت!

— نېمە؟! مەندە ساڭا بېرىدىغان ھېچنېمە يوق! — دېدى يىگىتمۇ قارشىلىق بىلدۈرگەن بولۇپ ۋارقىراشقا باشلىدى. شۇ تاپتا يان ئۆيدىكى خىزمەتدىشى ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قايىللىقتىن سۆيۈنۈپ كېتىۋاتقاندۇ ھەقىچان.

— دەمسەن، دېمەمسەن؟! — ۋارقىرىدى «بۇلاڭچى» يەنە.

— ھەرگىز دېمەيمەن! زادىلا دېمەيمەن!

— دېمەسلىكىڭ ئەلۋەتتە سېنىڭ ئەركىنلىكىڭ، بىرلىق تاپانچامنىڭ تەپكەسىنى قانداق چاغدا بېسىشىممۇ مېنىڭ ئەركىنلىكىم. چۈشىنىۋالامسەن؟ كاللاڭنى ئوبدانراق ئىشلىتىپ باق!

— ئۇنداق بولسا بىر مىنۇت ساقلاپ تۇرۇڭ.

— ساقلىسام ساقلاي، ئەمما ۋاقتىم كۆپ ئەمەس، يەنە كېلىپ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەر ئىككىمىزگە ئايان. مېنىڭچە سەنمۇ چوقۇم ئۇلۇشنى خالىمايسەنغۇ دېمەمەن؟

— بوپتۇ، دەپ بېرەي.

— قايسى ئىشكاپ؟

— ئاۋۇ شۇ، ئاۋۇ نومۇرلۇقى.

— ياخشى، ئەمىسە بېرىپ ئاچ!

— مەن ئېچىشنى بىلمەيمەن.

ئىككىسى توختىماي ۋارقىرىشىۋاتاتتى. شۇ ئارىدا «بۇلاڭچى» يىگىتكە پەس ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— ئەمدى سىزنىڭ يۈزىڭىزگە بىر مۇشت ئۇرىمەن. قوشۇلامسىز؟ بىر يېرىڭىز يارىلىنىپ قالسىمۇ ھەرگىز ئۇمىدسىزلەنمەڭ. ئەگەر ئىشنى راستىقا ئوخشىتىپراق قىلمىساق پىلانىمىز يوققا چىقىدۇ.

— بۇنىڭغا راستىنىلا ئامال يوق ئوخشايدۇ. ئەمىسە بەك قاتتىق ئۇرۇۋەتمەڭ.

بىرلىق بۇ ئادەم يىگىتنى رىسا كۈچەپ بىر مۇشت سىلىۋېدى، بىچارە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ۋارقىرىۋەتتى:

— ۋا... ي-جا...ن!

ئاندىن دەرھال بايىقى يالغان ئاۋازىنى ئەسلىگە كەلتۈردى:

— بىلمەيمەن دېدىم بىلمەيمەن! بۇ نەرسىنىڭ قانداق ئېچىلىدىغانلىقىنى بۆلۈم مۇدىرىلا بىلىدۇ.

— يەنە تاياق يېمىسەن؟!

— ئۇرساڭ ئۇرۇۋەر، ئېلەخ! ئۇرۇپ بۇرنۇمنى يېرىۋەتسەڭمۇ بۇ نەرسىنىڭ قانداق ئېچىلىدىغانلىقىنى مەن بىلمەيمەن! بىلمەيمەن!!

— ھىم... چۈشەندىم. قارىغاندا،



www.uygurkitap.com

راستىنلا بىلمەيدىغاندەك قىلىسەن. ئەمدىسە ئۆزۈم ئاچاي. سەن ئاۋۇ ياققا ئۆتۈپ تامغا قاراپ تۇر. لېكىن سەللا مىدىرلىساڭ جېنىڭغا ھېزى بول!

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا، يېنىدىن كىچىككىنە بىر ئۈشكىنى چىقىرىپ، ئۇنى بىخەتەر ئىشكاپنىڭ پولات ئىشىكىگە تىرەپ تۇرۇپ تولغاشقا باشلىدى. تۆشۈك چوڭقۇرلاشقانسېرى يەرگە چۈشۈۋاتقان مېتال قىرىندىلىرىمۇ كۆپەيمەكتە ئىدى. ھەرىكەتلىرىدىن قارىغاندا ئۇ بۇنداق ئىشقا پىششىپ كەتكەن ئادەمدەك قىلاتتى.

يىگىت قايىللىق نەزىرى بىلەن كەينىگە قارىۋىدى، شېرىكى ئۇنىڭغا پىچىرلىدى:

— بولدى. ئەمدى ئويۇنىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېرەيلى. سىز ئاۋۇ ئورۇندۇقنى سۇندۇرۇۋېتىڭ.

— ماقۇل.

يىگىت يېنىدا تۇرغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۈستەلگە بىرلا ئۇرۇۋېدى، ئورۇندۇق چۇل - چۇل بولۇپ كەتتى. شېرىكى ھەدەپ ۋارقىراۋاتقاندا ئۇ يەنە تېلېفون بىلەن كۈلدانىنى تامغا قارىتىپ كۈچەپ ئاتتى. بۇ ھەرىكەتلەر ئۇنى خېلىلا روھلاندۇرۇپ قويغان ئىدى.

ئارقىدىنلا ھېلىقى ئادەممۇ ئورۇندۇقتىن يەنە بىرنى كۆتۈرۈپ ھاۋادان ئەينىكىنى بىر ئۇرۇپلا چېقىۋەتتى - دە، شۇ يەردىن سىرتقا قاراپ قاچتى.

— نەگە قاچىسەن؟ توختا!... — يىگىتمۇ ھاۋادانىدىن بىر سەكرەپلا ئۇنىڭغا ئەگەشتى ۋە پەستىكى قاراڭغۇ بۇلۇڭغىچە ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ ئويۇن مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشقان بولدى.

— قاندىق؟ — دېدى ھېلىقى كىشى قېچىشتىن توختاپ، — گېپىمدە تۇرغانـ

بىلەمەن؟ ئەمدى تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭ سىز بۇ شىركەتنىڭ قەھرىمانىغا ئايلىنىسىز. بۇ ئىش خۇددى بىر تاتلىق چۈشكىلا ئوخشايدۇ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، سىز ماڭا ھەقىقەتەن چوڭ ياردەم قىلدىڭىز.

— پۇلنى قەيەرگە ئەۋەتىش توغرۇلۇق پات ئارىدا سىزنى ئىزدەيمەن.

«SPR شىركىتى» دىن كەلگەن ئادەم شۇنداق دەپ بولۇپلا ئورنىدىن قوزغالدى - دە، تون قوينىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

يىگىت ئۇنىڭ كەينىدىن ئاياغ تىۋىشى يوقالغۇچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئىشخانىسىغا قايتىپ كىردى ۋە ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، پىلانلانغان ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنتۇلۇپ قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ مەمنۇنىيەت بىلەن ھىجىيىپ قويدى. لېكىن يەنە بىر قارىماققا، بۇ جايدا ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك قىلاتتى. ئاندىن ئۇ توساتتىن بىخەتەر ئىشكاپنى ئېسىگە ئالدى - دە، ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئىشىكنى ئاستا تارتتى.

خۇددى ئۇ ئۈمىد قىلغىنىدەك، ئىشكاپ تېزلا ئېچىلدى. ھېلىقى ئادەمنىڭ قولىدىن بۇلاڭچىلىق قىلىش ھەقىقەتەن كېلىدىكەن. پۈتۈنلەي مۇشۇ ئىشنىڭ ئەھلىكەن دېسىمۇ بولىدىكەن ئۇنى! يىگىت ھاياجىنىنى باسالماستىن ئىشكاپ ئىچىگە ئېڭىشىپ قارىدى. قارىدى - يۇ، بىر ھازاغىچە كۆزلىرىنى يۇمالماي قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا باغلام - باغلام پۇللار دۆۋىلىنىپ ياتاتتى. يىگىت بۇ پۇللاردىن كۆزلىرىنى پەقەت ئۈزەلمىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئېرىشىدىغان ئابرۇيىنىڭمۇ بىرمۇنچە پۇلغا يارىلىدىغانلىقىدا گەپ يوق. يىگىتنىڭ قوللىرىمۇ بۇنداق جىق پۇلنى ئەزەلدىن

تۇتۇپ باقمىغان ئىدى، بۇنىڭدىن كېيىن تۇتالىشىمۇ ھەم مۇمكىن ئەمەس. ئەمدى ئۇنى پۈتكۈل بەدىنىگە ھاياجان تىترەكلىرى ئولاشقىلى تۇردى.

ئۇ ھاياجىنىنى تەستە بېسىپ تۇرۇپ، چوڭقۇر ئويغا پاتتى ۋە ئاخىرىدا ئەڭ ئاددىي بىر خۇلاسىگە كەلدى: ئەگەر ئۇ بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىۋالسا ئىش چوڭىيىپ كېتەتتى. ئەمما گۇمان بۇ جايغا ئەڭ باشتا كىرگەن ئادەمگە مەركەزلىشىدىغان بولغاچقا، ئۇ بۇ نەق ئولجىنى قولدىن چىقىرىپ قويسىمۇ بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ پۇللاردىن بىرقانچە باغلامنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئىشخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى بىر دۆۋە كونا ماتېرىياللارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويدى. ئاندىن بارماق ئىزىنى پاكىز سۈرتىۋەتكەندىن كېيىن ياندىكى ئىشخانىغا قاراپ ماڭدى.

خوجىلىق بۆلۈمىدە ئىش قوشۇپ ئىشلەۋاتقان ھېلىقى خىزمەتدىشى پۇت - قولى چەمبەرچاس باغلىۋېتىلگەن پېتى پولدا سۇنايلىنىپ ياتاتتى. يىگىت ئۇنىڭ ئاغزىغا تىقىپ قويۇلغان لاتىنى ئېلىۋەتتى. ئاندىن پۇت - قوللىرى باغلانغان تانىنى يېشكەچ ئۇنىڭغا:

— قورقماڭ، مەن ئۇ بۇلاڭچىنى قوغلىۋەتتىم، — دېدى.

— سىزگە كۆپ رەھمەت، نېمە ئىش بولۇپ كەتكەندۇ دەپ بەكلا ئەنسىرىگەنىدىم، — دېدى خىزمەتدىشى، خۇددى ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك دەستىدىن ھالىدىن كەتكەن ئادەمدەك ھاسىرىغاچ ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىپ.

— بىر يېرىڭىز زەخىملەنمىگەنمۇ؟ — سورىدى يىگىت.

— مەنغۇ ھېچنېمە بولمىدىم. لېكىن سىز كۆپ ئازار يېدىڭىز بولغاي، يۈز - كۆزلىرىڭىز ئىششىپ كېتىپتۇ. مەن تام تۈۋىدە ياتقاچقا ھەممىنى ئاڭلىدىم. سىزنىڭ بۇنچىلىك باتۇرلىقىڭىزنى بىلمەپتىكەنمەن. ئەمدى سىزگە بولغان قارىشىم بىراقلا ئۆزگەردى.

— ياقەي، ھەرقانداق ئادەم مۇشۇنداق جىددىي ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن ئىقتىدارىنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىشى كېرەك، — يىگىت بەكلا خۇش بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ يەنىلا كەمتەرلىك بىلەن شۇنداق دېدى. خىزمەتدىشىنىڭ بايىقى گەپلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى پەللىدە يورۇتىۋەتكەن ئىدى.

— كەمتەرلىك قىلماڭ. ئاۋادا سىز كۆكرەك كېرىپ ئېلىشمىغان بولسىڭىز، ئۇ بۇلاڭچىنى قوغلىۋېتەلمىگەن بولاتتىڭىز. مەن ئۆزۈمنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىم، نېمىلەرنى قىلغانلىقىم ۋە قانداق بولۇپ بۇنداق باغلىنىپ قالغانلىقىمنى سىزگە دېيىشكىمۇ خىجىل بولۇۋاتىمەن. بايا ئىككىڭلار ئېلىشقان جايىنى ماڭا كۆرسەتكەن بولسىڭىز.

يىگىت ئۇنى مالىيە بۆلۈمىگە باشلاپ كىردى.

— بۇ يەردە ئۇ مېنى تاپانچىسى بىلەن نوقۇدى... بۇ بولسا مەن تاياق يېگەن جاي. كېيىن ئۇ مېنى ماۋۇ يەردە تۇرغۇزۇپ قويۇپ بىخەتەر ئىشكاپنى بۇزۇشقا كىرىشتى. ئۇ ئىشكاپنى ئېچىپ بولۇپ دەل پۇللارنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالاي دەپ تۇرغاندا ماڭا پۇرسەت كەلدى. بىر سەكرەپلا ئۇنىڭغا تاشلاندىم. بىز بىر ھازا ئېلىشقاندىن كېيىن ئۇ ئەبلەخ ئاخىر ماڭا تەڭ كېلەلمەي ھاۋلادىن بىر سەكرەپلا قېچىپ كەتتى. شۇ تاپتا مەن ئۇنى تۇتۇۋالالمىغانلىقىمغا ئۆكۈنىۋاتىمەن.

— بۇنداق دېمىسىڭىز ھەرگىز بولمايدۇ. سىز شىركەتنىڭ زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن

www.uyghurkitap.com

چەككە چۈشۈردىڭىز، — خىزمەتدىشى ئۇ-
نىڭغا پەخىرلەنگەن قىياپەتتە قاراپ كەتتى.

ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك تاماملاند-
غان ئىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە يىگىت
شىركەت دىرېكتورىنىڭ ئىشخانىسىغا
كىرىپ كېتىۋاتقاندا باشقا خادىملار ئۇنىڭ
كەينىدىن چوڭقۇر قايىللىق ھېسسىياتى
بىلەن قاراپ قېلىشتى.

— ئولتۇرۇڭ، —. دېدى دىرېكتور
ئۇنى كۆرۈپ.

يىگىت تولىمۇ مەغرۇر قەدەملەر بىلەن
يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

— مەن بىر گەپنى ئاڭلىدىم، — دېدى
دىرېكتور گېپىنى باشلاپ، — تۈنۈگۈن كېچە
ئىش قوشۇپ ئىشلەۋاتقىنىڭىزدا ئىشخاند-
ىڭىزغا بۆلاڭچى كىرىپتۇ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، باشلىق. ئۇنىڭ بىلەن
كۈچۈمنىڭ بارىچە ئېلىشقان بولساممۇ،
بىراق تۇتالماي قاچۇرۇپ قويدۇم.

— بۇ خەۋەرنى خوجىلىق بۆلۈمىدىكى
بىرەيلەندىن ئاڭلىغانتىم، — دىرېكتور
شۇنداق دېگەچ، قولىغا بىر ۋاراق قەغەزنى
ئالدى، — بۇ نەرسە سىزنىڭ كېچىچە
كۆرسەتكەن خىزمىتىڭىز بىلەن مۇناسى-
ۋەت...

— شۇندلق، ئەپەندى.

— مەن بۇنى سىزگە بېرىش قارىغا
كەلدىم.

يىگىتنىڭ يۈرىكى خۇشلۇقتىن ئوين-
ناپ كەتتى. ئۇ ئەمدى بۇ «رەسمىي ئۇقتۇ-
رۇشنامە»نى دەرھال قوبۇل قىلىدۇ. ئەلۋەتتە:

— سىزگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھ-
مەت، ئەپەندى.

— رەھمەت؟ — ئۇنىڭ گېپىنى تەك-
رارلىدى دىرېكتور، — نېمىگە بۇنچە خۇش
بولۇپ كېتىسىز؟ — دىرېكتور شۇنداق دە-
ۋېتىپ قوشۇمىسىنى تۈرۈۋېدى، يىگىت
گاڭگىراپلا قالدى.

— خۇشال بولسام بولمامدا؟ — سو-
رىدى ئۇ ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي.

— ئاۋۋال قولىڭىزدىكىنى ئوقۇپ بې-
قىڭ.

يىگىت نەزىرىنى قولىدىكى قەغەزگە
ئاغدۇردى ۋە «ئىشتىن بوشىتىش ئۇقتۇ-
رۇشنامىسى» دېگەن خەتلەرنى كۆرۈپ
ھاڭ ـ تاڭ قالدى:

— چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسىز،
باشلىق؟ مەن ھېلىقى بۆلاڭچى بىلەن چا-
مامنىڭ يېتىشىچە ئېلىشىپ، ئۇنى شىر-
كەتتىن قوغلاپ چىقارغان تۇرسام، نېمىدەپ
ئىشتىن بوشىتىلىدىكەنمەن؟

— بىخەتەر ئىشكاپتىكى پۇل
كەملەپ قاپتۇ.

— بۇ چوقۇم ئاشۇ بۆلاڭچىنىڭ
ئىشى. مېنىڭچە بۇ مېنىڭ مەسئۇلىيەت
دائىرەمدىكى ئىش ئەمەس.

— مەن ئۇ بۆلاڭچىنىڭ پۇل
ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن.
ھېلىقى ئىناۋەتلىك SPR شىركىتىدىن
كەلگەن ئادەمنى دېمەن.

يىگىت ھەيران بولۇپ ئىختىيارسىز
ۋارقىرىۋەتتى:

— نېمە؟ سىز ئۇ شىركەتنىڭ نامىنى
قانداقلارچە...

— مېنىڭ شىركىتىم تىلغا ئېلىشقا
ئەرزىگۈدەك ھېچقاندلق ئىناۋىتى يوق بىر
شىركەت بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىستىقبالىدىن
ئەنسىرەپلا يۈرەتتىم. باشقىلارغا ئۆز مەۋ-
جۇتلۇقىمىزنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئويۇنىنى
بىز ئۆزىمىز ياساپ چىقتۇق. يەنى مەن SPR
شىركىتىدىكىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ،
ئۇلار شىركىتىمىدىكى بارلىق خادىملارنى
ئابرۇيىمىزنى ئۆستۈرۈشكە بولغان مەسئۇ-
لىيەت تۇيغۇسى جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك بىر

قېتىم سىناپ بېرىلىدىغانلىغا كېلىشكەن ئىدۇق. بولسىلا، ئىشقىلىپ بىز شىركەتتىكى بارلىق خادىملارنى ئوخشىمىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق سىناپ چىقتۇق.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا سىز مېنى سىناقتىن ئۆتەلمىدىڭىز دېمەكچىمۇ؟ — سورىدى يىگىت پەس ئاۋازدا. ئەمدى ئۇنىڭ ئۆرە تۇرغۇدەك ماجالى قالمىغان ئىدى. دىرېكتور ئېچىنىش ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن تېخىچە ئۈزمەيۋاتاتتى.

— سىز ئېلىۋالغان ھېلىقى نەچچە باغلام پۇل شىركىتىمىزنىڭ سىزگە بەرگەن ئىشتىن بوشىتىش سوغۇرتىسى بولۇپ قالسۇن، ئەلۋەتتە بۇ باغلاملارنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى بىلەن ئەڭ ئاستىدىكىسىلا رەسمىي پۇل، قالغانلىرى بولسا پۇل بىلەن ئوخشاش ئۆلچەمدە كېسىپ تەييارلانغان قەغەزلەر. مەن سىزگە پۇل لازىم بولغانىكەن نېمىشقا ئىشكاپتىكىنىڭ ھەممىسىنى ئالمىغاندۇ دەپ ھەيران قېلىۋاتىمەن. بىراق سىزدە ھېچ بولمىغاندا مۇشۇنچىلىك جۈرئەتمۇ يوق ئىكەن. شۇنداق قىلىپ ئاشۇ ئازغىنا پۇلغا ئېرىشىپ قالدىڭىز. يۈرىكىڭىز ئاشۇنچىلىك بولغانىكەن بىر ھېسابتا بۇمۇ بولدى. سىز ھەقىقەتەنمۇ باشقىلار دېگەندەك، ئىسمى جىسمىغا لايىق ئاددىي - ساددا ئادەمكەنسىز.

(ئاپتورنىڭ «ئاجايىباتلار خالتىسى (A Bag of Surprises)» ناملىق ئىنگلىزچە توپلىمىدىن)

ئۇلغارجان مەتتۇرسۇن ئىسلام تەرجىمىسى

*(تەرجىمان نىيا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتە)*

مۇھەررىر مۇھەممەد ئەيسا ئۆزئەرك

## قايغۇلۇق خەۋەر

پېشقەدەم شائىر سەلەي قاسىم 2005 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كېسەللىك سەۋەبىدىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 66 يېشىدا ۋاپات بولدى.

سەلەي قاسىم 1939 - يىلى قەشقەر كونا شەھەر (ھازىرقى تونقۇزلاق) ناھىيىسى قوغان يېزىسىنىڭ باش سوزلاق كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك دەۋرى ئەمگەكچى دېھقانلار ئارىسىدا ئۆتكەن. ئۇ 1959 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1956 - يىلى «شىنجاڭ ئىشچىلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «ئانا» دېگەن شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرگەن. ئۇ قىرىق نەچچە يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا «ئاتۇش بالىسى»، «كۈلگەن يەر»، «ئالتۇن بۇلاق»، «سەبىلە قىلىپ كەت» قاتارلىق نەچچە يۈز پارچە شېئىر، «ئەنجۈر پىشقاندا»، «سادا» دېگەن داستانلارنى، «ئاق قوزام»، «ئۈچمەس چىراغلار» دېگەن باللادىلار، «ئەزىمەت كەلدى»، «سىلىق لاي - لاي»، «مەن خىزىر كۆرگەن» قاتارلىق ئوتتۇز نەچچە پارچە ھېكايە، شۇنداقلا خېلى كۆپ ئوچېرك، نەسىرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ «سەييارە قىز قوشىقى» (1984 - يىل)، «گۈلچىمەن» (1995 - يىل) ، «يېشىل قورغان» (1987 - يىل) قاتارلىق شېئىر، ھېكايە توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. ئۇ ئىجادىيەت بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماي يەنە «ئاتۇش خەلق قوشاقلىرى»، «سەنۇبەر»، «شەكەرستان»، «خالىدەم»، «روزىلەم»، «بوۋلىي روشەن» قاتارلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلەرنىمۇ نەشرگە تەييارلىغان. سەلەي قاسىم ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى.

بىز چوڭقۇر قايغۇلۇق ھېسسىياتىمىز بىلەن مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈرىمىز.

# ھەۋەسكارلار ئەسەرلىرىدىن



▷ ئوقۇتقۇچى ئىسكەندەر گاسىل سىزغان



△ سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى رازاق ئابلىز سىزغان



△ 5 ـ پەسىل ئەمرۇللا ئابلىز سىزغان



◁ سودىلىشىش مۇختەر جۇمە سىزغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىستانى
www.uyghurkitap.com



تارىم بويىدا ئالتۇن كۈز (ماي بوياق، 2004 ـ يىل) 60 × 50cm ئىبلشات تۇرسۇن سىزغان

《塔里木》文学月刊(维吾尔文)　TARIM A MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE　تارىم

主　管: 新疆维吾尔自治区文联
编辑排版:《塔里木》编辑部
出　版: 新疆人民出版社
印　刷: 新疆新华印刷三厂制版印刷
国外发行: 中国国际图书贸易总公司
订阅, 零售: 各地邮局所

2005 ـ يىل 3 ـ سان. 55 ـ يىل نەشرى.
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى باشقۇرىدۇ.
«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى ھەم بەت ياسىدى. ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ.
تېلېفون (فاكس): 4520072 (باش مۇھەررىر ئىشخانىسى)، 4516214 ـ 0991 (مۇھەررىر ئىشخانىسى)
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا 3 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ.
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际标准刊号: ISSN1002 - 9044
国内统一刊号: CN 65 - 1010/I
国外代号: M4461
邮发代号: 58 - 66　定价: 5.00 元

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: M4416
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 66 - 58 ، باسما تاۋاق : 10، باھاسى: 5.00 يۈەن

邮政编码 830000 پوچتا نومۇرى: